# شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژورنىلى

(ئىجتىمائىي پەن قىسمى)

1987

1

# 目　录

新技术革命与我国高等教育的对策　许国禄文，　尼·阿合买提江译
关于加速城市经济体制改革必要性的几点认识　司马义·尼亚孜
美学与自然科学关系的初探……买买提艾力·达尼
谈《福乐智慧》的学术价值……阿不都许库尔·买买提依明
关于《福乐智慧》哲学价值的几点看法……瓦哈甫·黑维尔
台斯墓碑……［苏］С.Г.КЛЯШТОРНЫЙ 著　帕尔哈提译
哈密岩画……董苏宁　刘一明文，　吐尔逊·阿合买提译
大月氏及其西迁……阿不来提·努尔东
论现代维语词汇的规范化问题……阿合买提·阿斯哈尔
近十年来欧美语言学研究的发展……赵世开文，　热合曼·汗巴巴译
论艾努语及其艾努语的数词……赵相如，　阿西木·吐尔迪
名人传　俄国历史学家巴托尔德……米·哈山译
回历与公历对照表……玉素甫·乌儿毕力
新疆古今　塔什库尔干石头城……冯　斐摄影（封底）

شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژورنىلى

(ئىجتىمائى پەن قىسمى)

1985 - يىل 1 - سان

شىنجاڭ داشۆ ئىلمى ژورنىلى
تەھرىر ھەيئىتى تەرىپىدىن
نەشر قىلىندى

(ئومۇمى 21 - سان)


# مۇندەرىجە


يېڭى تېخنىكا ئىنقىلاۋى ۋە دۆلىتىمىزنىڭ ئالى مائارىپ جەھەتتىكى تەد-
بىرلىرى ........................................................شۆي گولۇ 1
.................................................... (ن. ئەھمەتجان تەرجىمىسى)

شەھەرلەردىكى ئىقتىسادى تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى چېزلىتىشنىڭ زۆرۈرلىگى توغ-
رىسىدا دەسلەپكى قاراشلىرىم ...........................ئىسمائىل نىيار 16

ئىستېتىكىنىڭ تەبىئى پەنلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى توغرىسىدا دەسلەپ-
كى ئىزدىنىش................................................ مەمتىلى دانى 29

«قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ئىلمى قىممىتى توغرىسىدا........ ئابدۇشۇكۇر مەمتىمىن 41

«قۇتادغۇبىلىك» نىڭ پەلسەپىي قىممىتى توغرىسىدا بەزى قاراشلىرىم........
.................................................................ۋاھاپ خېۋىر 52

تەس مەنگۇ تېشى...........................................س. گ. كىلياشتورنى 63
............................................... (پەرھات جىلان تەرجىمىسى)

قۇمۇلدىكى تاش ئويما سۈرەتلەر ..................... دۇڭ سۇنىڭ، لىۇ يىمىڭ 89
............................................... (تۇرسۇن ئەخمەت تەرجىمىسى)

ياۋچىلار ۋە ئۇلارنىڭ غەرپكە كۆچۈشى ................ ئابلەت نۇردۇن 95

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى لوغەت تەركىۋىنى قېلىپلاشتۇرۇش مەسىلىسى
ھەققىدە .................................................... ئەخمەت ئەسقەر 98

يېقىنقى ئون نەچچە يىلدىن بۇيان ياۋروپا ۋە ئامېرىكىدا تىلشۇناسلىق
تەتقىقاتىنىڭ تەرەققىياتى ........................................ جاۋ شىكەي 108
............................................... (راخمان خانبابا تەرجىمىسى)

ئەينۇ تىلى ۋە ئەينۇ تىلىدىكى سانلار توغرىسىدا ................ جاۋ شاگرۇ
.................................................................... ھاشىم تۇردى 122

ۋ. ۋ. بارتولد...................................................(م. خەسەن تەرجىمىسى)

ھىجرىيە كالىندارى بىلەن مىلادىيە كالىندارىنىڭ سېلىشتۇرما جەدۋىلى ......
...................................................................... يۇسۇپ ئوربىلى

تاشقورغاندىكى تاش قەلئە......(مۇقاۋىنىڭ 4 - بېتىدە) ......پىڭ پىي فوتوسى

# يېڭى تېخنىكا ئىنقىلاۋى ۋە دۆلىتىمىزنىڭ ئالىي مائارىپ جەھەتتىكى تەدبىرلىرى

شۇي گولۇ

## يېڭى تېخنىكا ئىنقىلاۋى دۆلىتىمىزگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىدۇ

يېڭى تېخنىكا ئىنقىلاۋى بىزگە: مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى كېيىنكى ئەسىرنىڭ باشلىرى ياكى نەچچە ئون يىل ئىچىدە، ھازىر بۆسۈپ ئۆتۈلگەن ياكى بۆسۈپ ئۆتۈلىدىغان يېڭى تېخنىكىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشتا قوللىنىلىپ، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىدە يېڭى سەكرەش پەيدا قىلىدىغان ۋە بۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىمۇ يېڭى ئۆزگىرىش پەيدا قىلىدىغان يېڭى بىر ھالەتنىڭ بارلىققا كېلىدىغانلىقىدىن ئىبارەت مۇھىم دېرەكنى ئېلىپ كەلدى. «چوڭ يۈزلىنىش» ۋە «3 - قېتىملىق دولقۇن» دېگەن ئىككى ئەسەر نەشر قىلىنغاندىن كېيىن، پۈتۈن دۇنيانى زىل - زىلىگە كەلتۈرۈپ، كىشىلەرنىڭ ئومۇميۈزلۈك دىققەت ئېتىۋارىنى قوزغىدى. بۇ ئەسەرنىڭ ئاپتورلىرى تەرەققىي تاپقان كاپىتالىستىك جەمئىيەت ـ ئامېرىكىدا ئۆسكەن، ئۇلار ئاساسەن، يېڭى تېخنىكىنى قوللىنىشنىڭ كاپىتالىزم جەمئىيىتىگە ئېلىپ كەلگەن تەسىرى ئۈستىدە توختالغان. دۆلىتىمىز ـ سوتسىيالىستىك جەمئىيەت، يېڭى تېخنىكا قوللىنىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ جەمئىيىتىمىزگە بېرىدىغان تەسىرى پۈتۈنلەي ئوخشاپ كەتمەيدۇ، لېكىن، شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، 80 - يىللاردىكى ھالقىلىق يېڭى تېخنىكىنى 4 ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرىدىغان ئىدىيە يېتەكچىلىكىدە، دۆلىتىمىزنىڭ ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ تولۇق قوللىنىدىغانلا بولساق، يېڭى تېخنىكا ئىنقىلاۋى دۆلىتىمىزگە پايدىلىق، چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىدۇ.

ھازىر دۇنيادىكى تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەر قۇۋۋەت ۋە ماتېرىيالنى ئاساسىي ئىقتىسادىي مەنبە قىلغان «سانائەتلەشكەن جەمئىيەت» تىن «سىگنال جەمئىيىتى» گە يۈزلەنمەكتە. دۆلىتىمىزنىڭ سانائەتلەشتۈرۈش ۋەزىپىسى تېخى ئورۇنلىنىپ بولغىنى يوق. مەركەزدىكى رەھبىرى يولداشلار 2000 - يىلغا بارغاندا، سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنى 2 مىليارت 800 مىليون يۈەنگە، كىشى بېشىغا توغرى

كېلىدىغان ئوتتۇرىچە كىرىمىنى 800 دىن 1000 ئامېرىكا دوللىرىغىچە يەتكۈزۈشنى؛ سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى ۋە پەن-تېخنىكىنىڭ ئادەتتىكى سەۋىيىسىنى ئەڭ ئىلغار دۆلەتلەرنىڭ 80-يىللاردىكى سەۋىيىسىگە، بەزى ساھەلەرنى بولسا، دۇنيانىڭ ئىلغار سەۋىيىسىگە يەتكۈزۈشنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ ئاساسى ئەھۋال ۋە ۋەزىپە بىزنىڭ ئەنئەنىۋى سانائەتلەشتۈرۈش بىلەن سىگناللاشتۇرۇشنى بىرگە ئېلىپ بېرىش يولىدا مېڭىشىمىز لازىملىقىنى، يەنى ئىككى قېتىملىق ئىنقىلاپ (سانائەت ئىنقىلاۋي بىلەن تېخنىكا ئىنقىلاۋى) نى بىر جەرياندىلا ئورۇنلىشىمىز كېرەكلىكىنى بەلگىلىدى. بىز ئەنئەنىۋى سانائەتلەشتۈرۈش قەدىمىمىزنى تېزلىتىشىمىز، ھېساپلاش ماشىنىسى سانائىتى، نۇر-ئېلېكترون سانائىتى، ئالەم بوشلۇغى قۇرۇلۇشى، دېڭىز-ئوكيان قۇرۇلۇشى، مۇھىت قۇرۇلۇشى قاتارلىق يېڭى سانائەت ئورۇنلىرىنى قۇرۇشىمىز ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىمىز لازىم. ھەم سانائەتلىشىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش جەريانىدا تېخنىكا ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىشىمىز، ھەم ئەنئەنىۋى سانائەت تېخنىكىسىنى ئۆزگەرتىش ئاساسىدا تەدرىجى سىگناللىشىشقا قاراپ يۈرۈلۈشىمىز لازىم. شۈبھىسىزكى، مۇنداق مۇرەككەپ ۋە جىددى ئۆزگىرىش داۋامىدا، 80-يىللارنىڭ يېڭى تېخنىكىسىنى كەڭ ئىشلەپچىقىرىش ساھەلىرى ۋە ئىشلەپچىقىرىش جەريانلىرىدا تولۇق قوللىنىدىغانلا بولساق، ئۇ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. دۆلىتىمىزدە شەكىللەنگەن ئىجتىمائى، ئىقتىسادىي تەرەققىيات يۈزلىنىشىگە ئىنتايىن زور تەسىر كۆرسىتىدۇ ھەمدە مۇنداق 7 چوڭ يۈزلىنىشنىڭ تەرەققىيات قەدىمىنى، يەنى: دۆلىتىمىز ئاھالىسىنىڭ يېزا ئىگىلىكىدىن غەيرى يېزا ئىگىلىكىگە يۈرۈلۈش، تېرىقچىلىقتىن كۆپ خىل ئىگىلىككە يۈرۈلۈش يۈزلىنىشىنى؛ مۇھىت ھالىتىنىڭ ناچارلىقتىن تەكشۈگلۈققا قاراپ يۈرۈلۈش يۈزلىنىشىنى؛ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتا مۇھىم نۇقتىنى شەرقتىن غەرپكە يۆتكەش يۈزلىنىشىنى؛ قالاق ئىقتىسادىي قۇرۇلمىدىن ئىلغا مۇۋاپىق ئىقتىسادىي قۇرۇلمىغا يۈرۈلۈش يۈزلىنىشىنى؛ ئاددى ئىقتىسادىي تەركىپ ۋە ئىقتىسادىي شەكىلدىن كۆپ خىل ئىقتىسادىي تەركىپ ۋە ئىقتىسادى شەكىلگە تەرەققىي قىلىش يۈزلىنىشىنى؛ تاشقى ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتتە، تېخىمۇ ئېچىۋېتىش يۈزلىنىشىنى؛ ئىقتىسادىي تۈزۈلمىدىكى مەمۇرى باشقۇرۇشنى ئاساس قىلىشتىن ئىقتىسادىي ۋاستىنى ئاساس قىلىشقا تەرەققىي قىلىش يۈزلىنىشىنى تېزلىتىدۇ.

قىسقىسى، يېڭى تېخنىكا ئىنقىلاۋى دۆلىتىمىزنىڭ پۈتكۈل ئىشلەپچىقىرىش سىستېمىسىدا، تەشكىلىي ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسىدا، شۇنىڭدەك، ئۈستقۇرۇلمىدا ئۆزگىرىش پەيدا قىلىدۇ، بىز بۇرۇن ئىلمىي سوتسىيالىزىمنى ئۆگەنگىنىمىزدە، 3 چوڭ پەرقنى كوممۇنىزىمدىلا يوقاتقىلى بولىدۇ دەپ تونۇپ كەلگەن ئىدۇق. ھازىر قارىغاندا، ئەقلىي ئەمگەك بىلەن جىسمانى ئەمگەك، شەھەر بىلەن يېزا، سانائەت بىلەن يېزا ئىگىلىكى ئوتتۇرىسىدىكى بۇ 3 چوڭ پەرق يېڭى تېخنىكا ئىنقىلاۋىنىڭ قانات يېيىشى ئارقىسىدا ئانچە يىراق ئىش ئەمەستەك تۇرىدۇ. بىز يېڭى تېخنىكا ئىنقىلاۋى ۋە سانائەت ئىنقى-

لاۋى دەۋرىنىڭ يېتىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈشىمىز كېرەك. بىز بارلىق تەييارلىقلارنى ياخشى ئىشلەپ، بۇ تارىخىي مۇسابىقىنى كۈتۈۋېلىشىمىز لازىم.

## ئەقىل بۇلىقىنى ئېچىپ، ئىختىساسلىق خادىملارنى تەربىيىلەش - يېڭى تېخنىكا ئىنقىلاۋىنىڭ مۇسابىقىسىنى كۈتۈۋېلىشتىكى 1 - نومۇرلۇق چوڭ ئىش

ساناﺋەتلەشكەن جەمئىيەتتە، ئەقلىي ئەمگەكچىلەر (سىگنال خادىملىرى) ئازسانلىق بولۇپ، كۆپچىلىك كىشىلەر زاۋۇت، يېزىلاردا جىسمانىي ئەمگەك بىلەن ياكى جىسمانىي ئەمگەكنى ئاساس قىلغان خىزمەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. يېڭى تېخنىكا ئىنقىلاۋى يېتىپ كەلگەن سىگنال جەمئىيىتىدە بولسا ئەقلىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار كۆپ بولىدۇ. «چوڭ يۈزلىنىش» نىڭ ئاپتورى مۇنداق دەيدۇ: ئامېرىكىدا «1950 - يىلى پەقەت 17% كىشىلا سىگنالچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى. ھازىر ھېساپلاش ماشىنىسى تەرتىۋىنى تۈزۈش بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار، ئوقۇتقۇچىلار، خىزمەتچىلەر، كاتىپلار، بۇغالتىرلار، ئاكسىيە باشقۇرغۇچىلار، جىڭلىلار، ستراخوۋانىيە خادىملىرى، ھۆكۈمەت خادىملىرى، ئادۋوكاتلار، بانكا خادىملىرى ۋە تېخنىكىلار بولۇپ، سىگنال ساھەسىدە ئىشلەيدىغانلار 60% دىن ئېشىپ كەتتى. ئۇنىدىن باشقا، يەنە نۇرغۇن كىشىلەر زاۋۇتلار ۋە سودا شىركەتلىرىدە سىگنالچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. كۆپ ساندىكى ئامېرىكىلىقلارنىڭ خىزمىتى ئىجات قىلىش، بىر تەرەپ قىلىش، شۇنىڭدەك تەقسىم قىلىش سىگنالىدىن ئىبارەت». دۆلىتىمىزنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىغا كەلسەك، 80% دىن ئارتۇق كىشى يەنىلا جىسمانىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، ئەقلىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار يەنىلا ئاز. شۇڭا، يېڭى تېخنىكا ئىنقىلاۋى مۇسابىقىسىنى كۈتۈۋېلىشتىكى 1 - نومۇرلۇق ۋەزىپە ئەقىل بۇلىقىنى ئېچىپ، ئىختىساسلىق كىشىلەرنى تەربىيىلەشتىن ئىبارەت.

ئەمەلىيەتتە، كىشىلەر بۇ داۋلىنى بۇرۇنلا تونۇپ يەتكەن ئىدى. ئىختىساسلىق خادىملار ئىشلەپچىقىرىشنى ئۆستۈرۈشتىكى ھەل قىلغۇچ ئامىل، جەمئىيەتنىڭ مەنىۋى ۋە ماددىي بايلىقىنىڭ بۇلىقى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ: «پەن - تېخنىكىنىڭ زامانىۋىلىشىشى 4 تە زامانىۋىلىشىشنىڭ ئاچقۇچى، ماﺋارىپ بولسا، پەن - تېخنىكىدا زامانىۋىلىشىشنىڭ ئاساسى» دەپ تەكرار تەكىتلەپ كۆرسەتتى. شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، بىزنىڭ «ئىككى يۈكسەك مەدەنىيەت» كە ئىگە سوتسىيالىستىك دۆلەت قۇرۇشىمىز ئاخىرقى ھېساپتا، بىر ئەۋلات ھەم قىزىللاشقان، ھەم ئىختىساسلاشقان يېڭى كىشىلەرنى تەربىيىلىشىمىز ۋە يېتىشتۈرۈشىمىزگە باغلىق.

ئالىي مەكتەپلەر ھەم ئىختىساسلىق خادىملارنى تەربىيىلەيدىغان ئورۇن، ھەم بىلىم ياكى سىگنال ئىشلەپچىقىرىدىغان مۇھىم بازا. ئالىي ماﺋارىپنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، ئالىي ماﺋارىپتا يېڭى ۋەزىيەت يارىتىپ، يېڭى تېخنىكا ئىنقىلاۋىنىڭ مۇسابىقىسىنى كۈتۈۋېلىش — بىزنىڭ ئەڭ جىددىي ۋە ئەڭ مۇھىم بىر ۋەزىپىمىز.

## پەن - تېخنىكا ئىنقىلابىنىڭ ئالىي مائارىپقا قويغان ئاساسىي تەلەپلىرى

يېڭى تېخنىكا ئىنقىلابىنىڭ مۇسابىقىسىنى كۈتۈۋېلىشتىكى 1 - نومۇرلۇق چوڭ ئىش — ئەقىل بۇلىقىنى ئېچىپ، ئىختىساسلىق خادىملارنى تەربىيىلەشتىن ئىبارەت. لېكىن ئالىي مەكتەپلەر قانداق ئىختىساسلىق خادىملارنى تەربىيىلىشى كېرەك؟ بۇنى پەن - تېخنىكا ئىنقىلابىنىڭ ئالىي مائارىپقا قويغان ئاساسىي تەلەپلىرىدىن ئويلىنىش لازىم.

بىرىنچى، ھازىرقى زامان ئىلىم - پەن تەتقىقاتىنىڭ دائىرىسى بۇرۇنقى پەنلەر دائىرىسىدىن ۋە ئۇنىڭ چېتىشلىق ساھەلىرىدىن ئاللىبۇرۇن ئېشىپ كەتتى. تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ھەر قايسى قاتلاملىرى ۋە ئۇنىڭ ھەر بىر نۇقتىلىرى (تۇرغۇن ھالەتلىرىدىن ھەرىكەتلىك ھالەتلىرىگىچە، تارىخىي قىياپىتىدىن ھازىرقى قىياپىتىگىچە) ھەر خىل ئۇسۇللار (خاراكتېرىنى بېكىتىشتىن مىقدارىنى بېكىتىشكىچە، تەجرىبىدىن نەزەرىيىگىچە، يەككە مىقدار ئۆزگىرىشلىرى ۋە يەككە ئامىللىق كونترول قىلىشتىن كۆپ مىقدار ئۆزگىرىشلىرى ۋە كۆپ ئامىللىق ئۇنىۋېرسال كونترول قىلىشقىچە) چوڭقۇر تەتقىق قىلىنىشى ئارقىسىدا، «بۈگۈنكى مۇكەممەل پەن» نىڭ تەرەققىيات يۈزلىنىشى بارلىققا كەلدى. ئۇ ئالىي مائارىپقا مۇنداق ئىككى ئوبيېكتىپ تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويدى: بىرى، نۇرغۇن يېڭى دەرسلەرنى كۆپەيتىش؛ يەنە بىرى، نوقۇل ھالدا بىلىم ۋە تەجرىبە يەتكۈزۈشتىن ئىبارەت ئەنئەنىۋى مائارىپنى «بىلىم ۋە تەجرىبە يەتكۈزۈش» بىلەن ئەقلىي ماھارەتنى تەربىيىلەش» ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈلگەن مائارىپقا ئايلاندۇرۇش.

ئىككىنچى، پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ پۈتكۈل تارىخى جەريانىدا، ئىككى خىل رول ئوينايدىغان يۈزلىنىش بولىدۇ. بىرى، ئىلىم - پەننىڭ ئۈزلۈكسىز بۆلۈنۈش يۈزلىنىشى. يەنە بىرى، ئىلىم - پەننىڭ ئۈزلۈكسىز يىغىنچاقلىنىش بىر گەۋدىلىشىش يۈزلىنىشى. قارىماققا، بۇ ئىككى خىل يۈزلىنىش قارىمۇ - قارشىدەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە، ئۆز ئارا مۇناسىۋەتلىك. مۇشۇ ئىككى خىل يۈزلىنىشنىڭ ئۆز ئارا گىرەلىشىپ، ئۆز ئارا سىڭىشىپ، ئۆز ئارا بىر - بىرىگە تۈرتكە بولۇشى ئىلىم - پەننىڭ ئۆزىدىكى زىددىيەت ھەرىكىتىنى تەشكىل قىلىپ، تەبىئىي پەنلەرنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ تۇرۇشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. بۆلۈنۈش ۋە بىرلىشىشتىن ئىبارەت بۇ ئىككى خىل يۈزلىنىش ئالىي مائارىپقا ئوبيېكتىپ تەلەپ قويدى: ئىلىم - پەن تەرەققىياتىنىڭ يۇقىرى دەرىجىدە بۆلۈنۈشى ئالىي مائارىپنىڭ نۇرغۇن يېڭى دەرسلەرنى كۆپەيتىشىنى تەلەپ قىلىدۇ؛ لېكىن ئىلىم پەن تەرەققىياتىنىڭ بىر گەۋدىلىشىشى بولسا، ھازىرقى دەرسلەردىكى كونا مەزمۇنلارنى چىقىرىۋېتىپ، يېڭى مەزمۇنلارنى تولۇقلاش ئارقىلىق دەرسلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇشنىڭ چەكسىز زورىيىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقىمۇ ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىدۇ.

ئۈچىنچى، ھازىرقى زامان ئىلىم - پەننىڭ تەرەققىياتى بارغانسېرى ماتېماتىكىلىق ئۇسۇلنىڭ ياردىمىدىن ئايرىلالمايۋاتىدۇ. ماتېماتىكا ۋە ماتېماتىكىلىق ئۇسۇل ھەرقايسى

پەنلەرگە، جۈملىدىن، ئاساسىي پەنلەر، تېخنىكىۋى پەنلەر ۋە قۇرۇلۇش تېخنىكىسى پەنلىرىگە كەڭ سىڭىپ كىرمەكتە. كىشىلەر يەنە ماتېماتىكىنىڭ ئىجتىمائىي پەنلەرگىمۇ سىڭىپ كىرىپ، ئىجتىمائىي پەنلەردىمۇ ماتېماتىكىلىشىشنىڭ باشلانغانلىقىنى كۆرمەكتە. ماركس ئېيتقاندەك: «ھەر قانداق بىر پەن ماتېماتىكىنى تولۇق قوللانغاندىلا، ئاندىن ھەقىقىي پەن بولالايدۇ». ھازىر ئىقتىساتشۇناسلىقتىلا ئەمەس، بەلكى تىلشۇناسلىق، سوتسىيولوگىيە، باشقۇرۇش ئىلمى، ھەتتا قانۇن، تارىخ قاتارلىق پەنلەردىمۇ ماتېماتىكىلىق ئۇسۇللىنى قوللىنىشنىڭ زۆرۈرلىكى ھېس قىلىنماقتا، پەننىڭ ماتېماتىكىلىشىشى ۋە بىلىمنىڭ ئابستراكتلىشىشى ھازىرقى زامان پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىدىكى روشەن خۇسۇسىيەتلەردىن بىرى. ئۇ ئالىي مائارىپقا: مەيلى تەبىئىي پەن، تېخنىكىۋى پەن ياكى باشقۇرۇش پېننى ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىلارغا بولسۇن، مەيلى ئىجتىمائىي پەننى ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىلارغا بولسۇن، ھەممىسىگە ماتېماتىكا ۋە ئۇنى قوللىنىش جەھەتتىكى تەربىيىنى كۈچەيتىش تەلىۋىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويدى.

ئۈچىنچى، ئىلىم - پەن، تېخنىكا ۋە ئىشلەپچىقىرىش زامانىۋىلاشقان ئىشلەپچىقىرىشنى ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى مۇھىم ئامىل، ھازىر ئىلىم-پەن تېخنىكا ۋە ئىشلەپچىقىرىشتىن ئىبارەت 3 تەرەپنىڭ ئۆز ئارا مۇناسىۋىتىدە ھەمدە ئۇلارنىڭ ئۆز ئارا ئوينايدىغان رولىنىڭ شەكلىدە چوڭقۇر ئۆزگىرىش بولدى؛ مۇشۇ ئەسىردىن ئىلگىرى ئىلىم - پەن بىلەن تېخنىكا، ئىلىم - پەن بىلەن ئىشلەپچىقىرىش ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىش ئانچە زىچ ئەمەس بولۇپ، تېخنىكىنىڭ ئىلگىرىلىشى ئەنئەنىۋى ھۈنەر - سەنئەتنىڭ ئۆزگەرتىلىشىگە بېقىنىپ ئىلگىرىلەيتتى. ئىلىم - پەن —ئىشلەپچىقىرىش ۋە تېخنىكىغا ئەگىشىپ، كىشىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتىدە توپلىغان تەجرىبىلىرىنىڭ ئومۇملاشتۇرۇلۇشى ۋە يەكۈنلىنىشى. ئىلىم - پەن، تېخنىكا ۋە ئىشلەپچىقىرىشتىن ئىبارەت 3 تەرەپنىڭ رولى شەكىل جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئىشلەپچىقىرىش ← تېخنىكا ← ئىلىم-پەندىن ئىبارەت جەريان بىلەن ئىپادىلىنەتتى. ھازىرقى ئەھۋال بۇرۇنقىغا ئوخشىمايدۇ، تېخنىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشى، ئىلىم - پەن نەزەرىيىسى جەھەتتە بۆسۈپ ئۆتۈشكە ۋە ئۇنىڭ قوللىنىلىشىغا تېخىمۇ كۆپرەك بېقىنىدۇ، ئىلىم - پەننىڭ تەرەققىياتى تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتىدا ئاچقۇچلۇق رول ئوينايدۇ. تېخنىكىنىڭ ئىلمىيلىشىش يۈزلىنىشى كۆرۈنەرلىك ھالدا كۈچىيىۋاتىدۇ. تېخنىكا ئىلىم - پەندىن ئايرىلىپ، ئىلىم - پەن تېخنىكىدىن ئايرىلىپ تەرەققىي قىلالمايدۇ، بەلكى بۇ ئىككىسىنىڭ زىچ بىرلىشىپ بىر - بىرىنى ئىلگىرى سۈرۈشى پۈتكۈل پەن-تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئىلىم - پەننىڭ ماددىي ئىشلەپچىقىرىشتىكى ئورنى ۋە رولى زور دەرىجىدە كۈچىيىپ، ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتىدا ھەل قىلغۇچ ئامىل بولۇپ قالدى. ئىلىم - پەن - ئىشلەپچىقىرىش ئىلگىرى سۈرگەن نەتىجە سۈپىتىدىلا ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتىنىڭ كەينىدىن مېڭىۋەرمەيدۇ، ئىلىم - پەن، تېخنىكا ۋە ئىشلەپچى-

قىرىشتىن ئىبارەت 3 تەرەپنىڭ رولى شەكلىدە توپلاپ ئۆزگىرىش پەيدا بولۇپ، بۇ-رۇنقى ئىشلەپچىقىرىش ← تېخنىكا ← ئىلىم - پەن ئاساسىدا ئەكس جەريان شەكىللىنىدۇ، بۇ ئۈچى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتە دىيالېكتىك بىرلىك ھەقىقى تۈردە ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇپ، ئىلىم - پەن ⇄ تېخنىكا ⇄ ئىشلەپچىقىرىشنىڭ مۇكەممەل سىستېمىسى شەكىللىنىش بىلەن، «پەن-تېخنىكا ئىشلەپچىقىرىش كۈچى» بولىدۇ.

ئىلىم - پەن، تېخنىكا، ئىشلەپچىقىرىش مۇكەممەل سىستېمىسىنىڭ شەكىللىنىشىدىن ئىبارەت بۇ خۇسۇسىيەت ئالىي مائارىپتىن كەسىپلەر قۇرۇلمىسى جەھەتتە ئاساسىي پەنلەرنى ئەمەلىي قوللىنىلىدىغان پەنلەر ۋە تېخنىكىۋى پەنلەر بىلەن بىرلەشتۈرۈشنى، تېخنىكىۋى پەنلەرنى بولسا، ئىشلەپچىقىرىش بىلەن بىرلەشتۈرۈشنى تەكىتلەشنى تەلەپ قىلىدۇ.

بەشىنچى، يېڭى تېخنىكا ئىنقىلاۋى دۆلىتىمىزنىڭ پۈتكۈل ئىشلەپچىقىرىش تەشكىللىرى قۇرۇلمىسىدا ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسىدا، شۇنىڭدەك ئۇستىقۇرۇلمىسىدا ئۆزگىرىش پەيدا قىلىدۇ. ئىجتىمائىي پەنلەر، باشقۇرۇش ئىلىملىرى بارغانسېرى مۇھىم بولىدۇ. بۇ ھال ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ۋە باشقۇرۇش ئىلىملىرى ساھەسىدىكى كىشىلەرنى تەربىيىلەشكە ئەھمىيەت بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇلار ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، خىزمەتتە جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ رولىنى تۇتۇپ، جەمئىيەتنى، ئىقتىسادىنى ۋە ئىشلەپچىقىرىشنى ئىلمىي باشقۇرالايدىغان بولۇشى كېرەك.

ئالتىنچى، سىگنال ياكى بىلىمنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىش سۈرئىتى زور دەرىجىدە تېزلىدى. بەزىلەر ئۇنىڭ ھەر 5 يىلدا بىر ھەسسە ئاشىدىغانلىقىنى مۆلچەرلىمەكتە. ئۇ كەلگۈسى جەمئىيەت تەرەققىياتىدا يەنىمۇ ئەھمىيەتلىك، ئالاقىلىشىش ۋە ئېلېكترونلۇق مېڭە تېخنىكىسى جەھەتتىكى كەشپىياتلار سىگناللارنىڭ تۇراقسىز ۋاقتىنى قىسقارتىپ، ئۆزگىرىشنىڭ قەدىمىنى تېزلەتتى. بۇ ھال ئالىي مەكتەپلەرنىڭ سىگنال مەركىزى بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەنئەنىۋى ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىش، چەت تىل مائارىپىنى كۈچەيتىش، مۇھىم كۈچنى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆزلىكىدىن ئۆگىنىش، مۇستەقىل خىزمەت قىلىش ۋە بىلىمنى تەرەققىي قىلدۇرۇش جەھەتتىكى ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشكە قارىتىش كېرەك.

## يېڭى تېخنىكا ئىنقىلاۋى مۇسابىقىسىنى كۈتۈۋېلىش ۋە دۆلىتىمىزنىڭ<br>ئالىي مائارىپ جەھەتتىكى تەدبىرلىرى

يېڭى تېخنىكا ئىنقىلاۋى ئالىي مائارىپقا يۇقۇرقىدەك بىر قاتار تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىكەن، بىز ئەلۋەتتە، دۆلىتىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى چىقىش نۇقتىسى قىلغان ئاساستا تەدبىر بەلگىلىشىمىز، دۇنيا يېڭى تېخنىكا ئىنقىلاۋىنىڭ مۇسابىقىسىنى كۈتۈۋېلىشىمىز لازىم.

تۆۋەندىكى مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ باقسام، ئارتۇقلۇق قىلماس:

بىرىنچى، دۆلىتىمىز ئالىي مائارىپىنىڭ تەربىيىلەش ئىقتىدارى بەك ئاجىز، ئىختىساسلىق خادىملارمۇ ئىنتايىن كام. 1982 - يىلىدىكى ئومۇمىيۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈش ئىستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا، بىر مىليارت ئاھالە ئىچىدە، ئالىي مەكتەپ مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە كىشىلەر (ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ئاران 5 مىليون 990 مىڭ، ھەر ئون مىڭ كىشى ئىچىدە، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىنىڭ ئىگەللىگەن نىسبىتى جەھەتتىن ئېيتقاندا، دۇنيادىكى ئەڭ تۆۋەن دۆلەتلەردىن بىرى. زامانىۋىلاشقان كارخانىلار ئادەتتە 20% دىن 40% گىچە ئالىي مەكتەپ پۈتتۈرگەن تېخنىك خادىملارغا ۋە باشقۇرۇش كادىرلىرىغا مۇھتاج. لېكىن مەملىكىتىمىزنىڭ سانائەت كارخانىلىرىدىكى ئالىي مەكتەپ سەۋىيىسىگە ئىگە ئىختىساسلىق خادىملار ئاران 3% نى ئىگەللەيدۇ.

بەزى يولداشلار، مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ئاز دېگەندە، 25 مىليوندىن 30 مىليونغىچە كىشى ئالىي مەكتەپ پۈتتۈرەر دەپ قاراۋاتىدۇ. بەزى يولداشلار بولسا، 240 مىليونغا بارار، دېيىشىدۇ، ھازىر بىز ھەر يىلدا 400 مىڭدىن كۆپرەك ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىۋاتىمىز. 1983 - يىلىدىكى ۋۇخەن ئالىي مائارىپ خىزمەت يىغىنى بەلگىلىگەن ئالىي مائارىپنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتى بويىچە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنغان تەقدىردىمۇ، مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا، ئالىي مەكتەپ سەۋىيىسىگە ئىگە مۇنچىۋالا ئىختىساسلىق خادىملارنى تەربىيىلەپ چىقالمايدۇ، روشەنكى، بۇ جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ ۋە يېڭى تېخنىكا ئىنقىلابىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرالمايدۇ.

پارتىيىنىڭ 12 - قۇرۇلتىيى پەن - تېخنىكا ۋە مائارىپنى 3 چوڭ ئىستراتېگىيىلىك نۇقتىنىڭ بىرى قىلىپ بەلگىلىدى. شۈبھىسىزكى، بۇ تامامەن توغرا. نەزىرىيە جەھەتتە، ئۇنى كۆپچىلىك كىشىلەر قوبۇل قىلدى. بىر قانچە يىلدىن بېرى، ئالىي مائارىپنىڭ ئومۇمىي تەرەققىيات يۈزلىنىشى ياخشى بولدى. لېكىن رايونلار ئارا ئېيتقاندا، ئەھۋال تولىمۇ تەكشىسىز، دېڭىز ياقىسىدىكى ۋە ئىلغار رايونلاردىكى ئالىي مائارىپ كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. چېگرا رايونلار، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى، ئىچكىرىدىكى رايونلاردىكى ئالىي مائارىپ بولسا، تېخى كۆلپەتتە تۇرماقتا. بۇ ھال دېڭىز ياقىسىدىكى رايونلار ۋە ئىلغار رايونلار ئالىي مائارىپنى يۇقىرى سۈرئەت، يۇقىرى سۈپەتتە تەرەققىي قىلدۇرۇش بىلەن بىرگە، غەربىي شىمال، غەربىي جەنۇب ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونى ئالىي مائارىپىنىمۇ تېزدىن تەرەققىي قىلدۇرۇشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. بىز ئۇنى 4 تە زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، يېڭى تېخنىكا ئىنقىلابىنىڭ مۇسابىقىسىنى كۈتۈۋېلىشتىكى ئاساسىي تەدبىر دەپ قارىشىمىز كېرەك.

ئىككىنچى، دۆلىتىمىز ئالىي مائارىپىنىڭ قۇرۇلمىسىنى ئىسلاھ قىلىشىمۇ ئىنتايىن

مۇھىم مەسىلە. ئالىي مائارىپ قۇرۇلمىسىنىڭ ئۆزگىرىشى ھامان جەمئىيەت قۇرۇلمىسىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ۋە پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ يۈزلىنىشىگە ماسلاشقان بولىدۇ. بۇ كى- شىلەرنىڭ ئىرادىسىگە باغلىق بولمىغان ئوبيېكتىپ قانۇنىيەت. XV ئەسىردىن ئىلگىرى كىشىلەر فېئوداللىق جەمئىيەتتە ياشىغان بولۇپ، تەبىئىي پەن، ئىجتىمائىي پەن ۋە پەلسە- پە تېخى دەسلەپكى ساددا، بىر پۈتۈن ھالەتتە ئىدى. ئالىي مائارىپ قۇرۇلمىسىمۇ ئۇ- نىڭغا ماس ھالدا پەنلەرگە بۆلۈنمىگەن ئىدى. مەسىلەن: XII ئەسىردە قۇرۇلغان پا- رىژ داشۆسى، ئوكسفورد داشۆسى، XIII ئەسىردە قۇرۇلغان كامبرىدىج داشۆسى ۋە جۇڭگونىڭ خەن، تاڭ سۇلالىلىرىدىن بۇيانقى گوزىشۆ، تەيشۆ، شۇيۈەن قاتارلىق ئالىي مائارىپ قۇرۇلمىلىرىنىڭ ھەممىسى ساددا ئۇنىۋېرسال مودېلغا كىرىدۇ.

XV ئەسىردىن كېيىن، يېقىنقى زامان تەبىئىي پەنلىرى بىخلىنىشقا ۋە تەرەققىي قىلىشقا باشلاپ، تەبىئىي پەن پەلسەپەدىن بۆلۈنۈپ چىقتى. XVIII ئەسىردىكى ئەنگ- لىيە تېخنىكا ئىنقىلابى كاپىتالىزىم تۈزۈمىنى مۇستەھكەملەپلا قالماي، پەن - تېخنى- كىنىڭ راۋاجلىنىشىدىمۇ غايەت زور تۈرتكىلىك رول ئوينىدى، XIX ئەسىرنىڭ ئوت- تۇرلىرىغا كەلگەندە، تەبىئىي پەن، مېخانىكا، ئاسترونومىيە، فىزىكا، خىمىيە، بىئولوگىيە ۋە گېئولوگىيىگە بۆلۈندى. لېكىن، XIX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن ئىلگىرى، ئىلىم- پەن بىلەن تېخنىكا ئايرىۋېتىلگەن بولۇپ، ئادەتتە، ئىلىم - پەن نەزەرىيىسى جەھەتتە تېخى ئايدىڭلاشتۇرۇلمىغان نەرسىلەر تېخنىكىدا ئاللىبۇرۇن قوللىنىلىۋەرگەن، پەندە كەشىپ قىلىنغان نەرسىلەر بولسا، تېخنىكىدا ئۇزاققىچە ئەمەلگە ئاشۇرۇلمىغان. XVIII ئەسىردىن ئېتىۋارەن، نۇرغۇن دۆلەتلەردىكى ئالىي مەكتەپلەر كاپىتالىستىك جەمئىيەتنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە خۇسۇسىيەتلىرىگە ماس ھالدا، كەسىپلەرنى ئايرىشقا باشلىدى ھەمدە كەسىپلەرگە ئايرىلغان مودېلدىكى ئالىي مەكتەپلەرنى قۇرۇپ، تېخنىكىۋى پەنلەرگە، جۈملى- دىن، سانائەت، يېزا ئىگىلىك، مېدىتسىنا قاتارلىق تېخنىكىۋى پەنلەرگە ئېتىۋار بېرىشكە باشلىدى. ئەنگلىيە، فىرانسىيە قاتارلىق كونا كاپىتالىستىك مەملىكەتلەر شۇنداق قىلدى كېيىن ئۆسۈپ چىققان ئامېرىكا ۋە روسىيەمۇ شۇنداق قىلدى. ئىلىم-پەننىڭ تەرەققىيا- تى جەريانىدا، داۋاملىق بۆلۈنۈش ۋە داۋاملىق بىر گەۋدىلىشىشتىن ئىبارەت 2 خىل يۈزلىنىشنىڭ دائىم رول ئوينايدىغانلىقىنى يۇقۇرىدا ئېيتىپ ئۆتتۇق، ئوخشىمايدىغىنى، بىر خىل يۈزلىنىشنىڭ مەلۇم مەزگىلدە تېخىمۇ روشەنرەك بولۇشىدا. خۇسۇسەن، يېڭى تېخنىكا ئىنقىلابى يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرغان بۈگۈنكى كۈندە، پەن تەرەققىياتىنىڭ بىر گەۋدىلىشىش يۈزلىنىشى ئاساسىي ئورۇنغا ئۆتمەكتە. ئۇزاقتىن بېرى قوللىنىلىپ كې- لىۋاتقان تۈرلەرگە بۆلۈۋېتىش، بىرنى بىر باشقا چىقىرىۋېتىشتەك ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىش شەكلى ئەمدى ماس كەلمەيدىغان بولۇپ قالدى. نۆۋەتتە، ئوتتۇرىغا قويۇلغان مۇھىم ۋە زور پەن - تېخنىكا مەسىلىلىرىنى، ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى بۇ شەكىل بىلەن ھەل قىلغىلى بولماي قالدى. ۋەزىيەت ھەر قايسى پەنلەرنىڭ (جۈملىدىن، ئىجتىمائىي

پەنلەرنىڭ)، شۇنىڭدەك ھەر قايسى پەنلەر ساھەسىدىكى تېخنىكىۋى ۋاستىلارنىڭ ئۆز ئارا ماسلىشىپ، ئۇنىۋېرسال تەتقىقات ئېلىپ بېرىش تەلىۋىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويماقتا، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ كەسىپ ۋە دەرسلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇشتا، يېڭى مەزمۇنلارنى مۇۋاپىق كۆپەيتىشنى تەلەپ قىلماقتا، بۇ، ئاساسىي نەزەرىيە بىلىملىرىگە پىششىق، مەدەنىيەت - پەن بىلىملىرى مول، مەسىلىلەرنى پەن ئاتلاپ ئۇنىۋېرسال تەتقىق قىلالايدىغان ۋە ھەل قىلالايدىغان قابىلىيەتكە ئىگە خادىملارنى تەربىيىلەشكە پايدىلىق.

ئەمەلىيەتتە، 2 - دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەردىكى مەشھۇر داشۆلەرنىڭ ھەممىسى كېڭەيتىلىپ، مەدەنىيەت، قانۇن، سودا، باشقۇرۇش، سانائەت، يېزا ئىگىلىك، مېدىتسىنا قاتارلىق پەنلەر ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈلگەن، ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە ئۇنىۋېرسال داشۆ ياكى كۆپ كەسىپلىك شۆبىگە قىلىپ قۇرۇپ چىقىلدى. دۆلىتىمىزدە بولسا، XIX ئەسىردىلا كەسىپلەر بۆلۈنگەن مودېلدىكى ئالىي مەكتەپلەر قۇرۇلۇشقا باشلىغان. گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرلەردىمۇ بەزى ئۇنىۋېرسال داشۆلەر قۇرۇلغان. ئازاتلىقتىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقىنى دوراپ، ئۇنىۋېرسال داشۆلەردىكى مالىيە - ئىقتىسات، سانائەت، يېزا ئىگىلىك، مېدىتسىنا قاتارلىق كەسىپلەر تەڭشەپ چىقىرىۋېتىلدى. شۇڭا، دۆلىتىمىزدە ھازىر ئەدەبىيات، قانۇن، سودا، باشقۇرۇش، سانائەت، يېزا ئىگىلىك، مېدىتسىنا قاتارلىق پەنلەر بىرلەشتۈرۈلگەن بىرەر ئۇنىۋېرسال داشۆ يوق. ھازىر شۇنى خوشاللىق بىلەن كۆرەلەيمىزكى، فۇدەن داشۆسى 4 تە زامانىۋىلىشىش قۇرۇلۇشىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ۋە يېڭى تېخنىكا ئىنقىلاۋىنىڭ مۇسابىقىسىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن، تېخنىكا پەنلىرى شۆبىسىنى قۇرۇپ، ھېسابلاش ماشىنىسى ئىلمى، ئېلېكترون قۇرۇلۇشى، ماتېرىيال ئىلمى، نۇر ۋە يورۇتۇش قۇرۇلۇشى، بىولوگىيە قۇرۇلۇشى، ئەمەلىي قوللىنىلىدىغان مېخانىكا قاتارلىق 6 پاكۇلتېت تەسىس قىلدى، ئۇ، دۆلىتىمىز ئالىي مائارىپ قۇرۇلمىسى ئىسلاھاتى ئۈچۈن يېڭىلىش خاراكتېرلىك ئۈلگە تىكلەپ بەردى.

پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ بىر گەۋدىلىشىش يۈزلىنىشىگە ماسلىشىپ، ئېلىمىز ئالىي مائارىپىنىڭ قۇرۇلمىسىنى ئىسلاھ قىلىش، ئۇنىۋېرساللاشتۇرۇش، كۆپ كەسىپلىشىش مودېلىغا قاراپ تەرەققىي قىلىشىمۇ يېڭى تېخنىكا ئىنقىلاۋىنى كۈتۈۋېلىشىمىزدا ئالىي مائارىپ جەھەتتە قوللىنىدىغان مۇھىم تەدبىرلەردىن بىرى بولۇشى مۇمكىن.

ئۈچىنچى، دۆلىتىمىزدىكى ئالىي مەكتەپلەرنى ئوقۇتۇش ۋە ئىلمىي تەتقىقاتنىڭ مەركىزى قىلىپ قۇرۇپ چىقىش كېرەك. بۇرۇن ئېلىمىز ئەنئەنىۋى ئالىي مائارىپىنىڭ ۋەزىپىسى ئوقۇتقۇچىنىڭ پەن - مەدەنىيەت بىلىملىرىنى يەتكۈزۈپ بېرىشىدىن، خۇددى خەن يۈي ئېيتقاندەك: «ئۇستاز بولغۇچىنىڭ ئەدەپ - ئەخلاق ۋە مەرىپەت بىلەن كۆڭۈل كۆزىنى ئېچىشى» دىن ئىبارەت ئىدى. بۈگۈنكى كۈندىمۇ، داشۆلەرنىڭ يەنە شۇ ۋەزىپىسى بار. ئوخشىمايدىغىنى، زامانىۋىلاشقان ئىشلەپچىقىرىشنىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىيا-

تىنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلغانلىقى، ئۇ، داشۆلەرگە يېڭى ئىلمىي تەتقىقات ۋەزىپىسى ئېلىپ كېلىپ، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ قالدى. 4 تە زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ۋە يېڭى تېخنىكا ئىنقىلاۋىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن، بىرىنچىدىن، پەن - تېخنىكىغا، ئىككىنچىدىن، سىياسەتكە تايىنىمىز، سىياسەتكە تايىنىپ (ماھىيەتتە، ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنى تەڭشەپ)، ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمدارلىقىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش چەكلىك بولىدۇ، چېكىگە يەتكەندە تويۇنىدۇ. ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمدارلىقىنى پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ ئۆستۈرۈشلا چەكسىز بولىدۇ. خەلقىمىز 4 لەشتۈرۈشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش جەريانىدا، ھەرقايسى ئالىي مەكتەپلەردىن جەزمەن مۇناسىۋەتلىك پەن - تېخنىكا تەلەپ قىلىدۇ. ھەر قايسى ئالىي مەكتەپلەر تەربىيىلەپ چىققان ئوقۇغۇچىلارمۇ جەزمەن مۇشۇ دەۋر ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولۇشى، ئېھتىياجلىق، ئەڭ يېڭى پەن - تېخنىكا بىلىملىرىنى ۋە ئۇنى ئەمەلىي قوللىنىش قابىلىيىتىنى ئىگىلىشى لازىم. شۇ چاغدىلا ئۇلارنىڭ چىقىش يولى بولىدۇ. شۇڭا، دۆلىتىمىزدىكى ئالىي مەكتەپلەر ئوقۇتۇش ئورگانلىرى بىلەن بىللە تۇرىدىغان پەن - تەتقىقات ئورگانلىرىنى تەسىس قىلىشى، پاكولتېتلاردا تەتقىقات ئىشخانىسى، مەكتەپتە، كەسىپلەر ئاتلاپ مەكتەپكە بىۋاسىتە قارايدىغان تەتقىقات ئىنىستىتۇتلىرىنى قۇرۇپ، ئىلمىي تەتقىقات ۋە ئاسپىرانت تەربىيىلەشتىن ئىبارەت ئىككى ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك. كەڭ ئوقۇتقۇچىلار بىر تەرەپتىن دەرس ئۆتۈپ، بىر تەرەپتىن ئىلمىي تەتقىقات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئوقۇغۇچىلارغا، بولۇپمۇ، ئاسپىرانتلارغا يېڭى پەننىي بىلىملەرنى يەتكۈزۈپ بېرىپ، ئۇلارنى پەن - تېخنىكا ئۆتكىلىدىن بۆسۈپ ئۆتىدىغان ئالدىنقى سەپكە يېتەكلىشى لازىم.

ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى ئىلمىي تەتقىقاتقا قاتناشتۇرۇشتا، ئۇلارنىڭ زور ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىلىرىنى قولغا كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلماي، مۇھىمى، ئۇلارنىڭ ئەقلىي ۋە ئىختىدارىنى ئېچىشنى مەقسەت قىلىش كېرەك. ئىجاتچانلىق كۈچىنى ئېچىش يەنىلا مۇھىم ھالقا. چۈنكى، ئۇ ئەقلىي كۈچ ۋە قابىلىيەتنىڭ يىغىنچاق، گەۋدىلىك ئىپادىلىنىشى. ئىجات قىلىش — „ئادەمنىڭ ماھىيىتى“، „ھاياتنىڭ قىممىتى“، „مەدەنىيەتنىڭ بىباھا گۆھىرى“، شۇنداقلا، «ئىنساننىڭ ئىنتايىن ئۇلۇغ پەزىلىتى». پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ تارىخى بىزگە شۇنى ئۇقتۇرىدۇكى، قانداقلىكى يېڭى ئىلمىي نەزەرىيىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى ياكى بىر ئىلمىي ئۆتكەلنىڭ بۆسۈپ ئۆتۈلۈشى كىشىلەرنىڭ ئىجادىي كۈچىنىڭ تەرەققىياتىدىن ئايرىلمايدۇ. ئەگەر داشۆ تەربىيىسى كۆرگەن بىر ئوقۇغۇچى بىرەر ئىجادىيەت يارىتالمىسا، ئۇ دورامچىلىق ۋە كۆچۈرمىچىلىكتە مەڭگۈ توختاپ قېلىشى مۇمكىن. ئەگەر بىز تەربىيىلىگەن يۇقىرى دەرىجىدىكى خادىملار ئىجات قىلىشنى ئۆگەنمىسە، ئۇ جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى ۋە 4 تە زامانىۋىلىشىش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن قانچىلىك تۆھپە قوشالايدۇ؟ جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۈمىدى نەدە قالىدۇ؟ دەرۋەقە، داشۆ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئەقلىي ئىختىدارىنى تەربىيىلەش ھەر خىل يوللار ئارقىلىق

ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ، ئۇ، ئوقۇش تۈزۈمى، دەرس سىستېمىسى، ئوقۇتۇش مەزمۇنى، ئوقۇتۇش ئۇسۇلى قاتارلىق بىر قاتار مەسىلىلەرگە چېتىلىدۇ. لېكىن، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىدىن ئېيتقاندا، ئىلمىي تەتقىقات ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئەقلىي ماھارىتىنى تەربىيىلەشتىكى ئەڭ مۇھىم ھالقا، شۇڭا، بارلىق ئالىي مەكتەپلەرنى (بەزى نۇقتىلىق مەكتەپلەرنىلا ئەمەس) ئوقۇتۇش ۋە ئىلمىي تەتقىقاتنىڭ مەركىزى قىلىپ قۇرۇپ چىقىشقا تۇتۇش قىلىش كېرەككى بۇمۇ 4 تە زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، يېڭى تېخنىكا ئىنقىلاۋىنى كۈتۈۋېلىشتا ئالىي مائارىپ جەھەتتىكى بىر مۇھىم تەدبىر.

ئۈستىگە، مائارىپ بىلەن ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئەڭ ماھىيەتلىك مۇناسىۋەت شۇكى، مۇئەييەن ئىشلەپچىقىرىش كۈچى مۇئەييەن مائارىپنى بەلگىلەيدۇ؛ مۇئەييەن مائارىپ ئىشلەپچىقىرىش كۈچىگە قارىتا تەسىر كۆرسىتىدۇ ۋە رول ئوينايدۇ. لېكىن ھازىرقى زاماندىكى ئىشلەپچىقىرىش ھازىرقى زامان ئىلىم - پەننى ئاساس قىلغان ئىشلەپچىقىرىش بولغاچقا، ھازىرقى زامان ئىلىم - پەنى ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىدا كەڭ قوللىنىلدى. شۇڭا، مائارىپ فېئوداللىق جەمئىيەتنىڭ ئالدىدىكىدەك ئىشلەپچىقىرىش كۈچىگە بىۋاستە تەسىر قىلمايدۇ، بەلكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچىگە قارىتا، كۆپىنچە پەن - تېخنىكا ئارقىلىق تەسىر كۆرسىتىدۇ، يەنى ئىشلەپچىقىرىش كۈچىنىڭ ئۆسكەن - ئۆسمىگەنلىكى پەن - تېخنىكىنىڭ تەرەققىي قىلغان - قىلمىغانلىقى بىلەن بەلگىلىنىدۇ. ھالبۇكى، مائارىپ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ ئاساسى. لېكىن مائارىپتىكى ئەڭ ئاخىرقى ھەل قىلغۇچ ئامىل يەنىلا ئىشلەپچىقىرىش كۈچى. بۇ 3 تەرەپ بىر ئايلانما سىستېمىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئەگەر بۇ سىستېما ياخشى ئايلانسا، ئىقتىساتنى گۈللىتىپ، جەمئىيەتنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىنى تېزلىتىدۇ. ئەكسىچە، يامان ئايلانسا، ئىقتىسات چېكىنگەن، جەمئىيەت تەرەققىياتى توختاپ قالغان ھالەتنى پەيدا قىلىدۇ.

يۇقۇرىدا بايان قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ھازىر ئىلىم - پەن، تېخنىكا، ئىشلەپچىقىرىش ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت كۈندىن - كۈنگە زىچلاشماقتا. بەزى ساھەلەر ھەتتا پەرقلەندۈرگىلى بولمايدىغان دەرىجىدە تەرەققىي قىلدى. كىشىلەر كونا چۈشەنچىلەرنى تەدرىجى ئۆزگەرتىپ، پەن - تېخنىكىنى ئىشلەپچىقىرىش كۈچى دەپ قارىماقتا. ئەمگەكچىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىدىغىنى - بىلىم (سىگنال).

بۇ ھال، مائارىپ، پەن - تېخنىكا ۋە ئىشلەپچىقىرىشتىن ئىبارەت بۇ ئايلانما سىستېمىنىڭ ھەركەت سۈرئىتىنى تېزلەتتى. ئەگەر بىز ياخشى ئىگەللىسەك، ياخشى ئايلانما شەكىللىنىدۇ-دە، ئۇ ئېلىمىز ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئۇچقاندەك راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. بۇنداق قىلىش ئۈچۈن، ئالىي مەكتەپلەرنى يەنىلا كونىچە باشقۇرۇشقا بولمايدۇ. مائارىپ، ئىلمىي تەتقىقات ۋە ئىشلەپچىقىرىشنى ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈشنى تېخىمۇ تەكىتلەش كېرەك. ئالىي مەكتەپلەرنى ئوقۇتۇش، ئىلمىي تەتقىقات ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈلگەن كۆپ شەكىللىك بىرلەشمە گەۋدە قىلىپ قۇرۇپ چىقىش لازىم.

بۇ 4 تە زامانىۋىلىشتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، يېڭى تېخنىكا ئىنقىلاۋىنى كۈتۈۋېلىشتا، ئالىي مائارىپ جەھەتتىكى يەنە بىر مۇھىم تەدبىر.

بەشىنچى، مەيلى ھازىرقى جەمئىيەتتە بولسۇن ياكى يېڭى تېخنىكا ئىنقىلاۋى يېتىپ كەلگەندىن كېيىنكى جەمئىيەتتە بولسۇن، ھەرخىل ئىختىساسلىق خادىملارنىڭ قۇرۇلمىسى كۆپ قەۋەتلىك، مۇنار شەكىللىك بولىدۇ. يۇقىرى دەرىجىلىك، ئوتتۇرا دەرىجىلىك ۋە ئۇنىڭدىن تۆۋەن دەرىجىلىك ئىختىساسلىق خادىملار نىسبەت بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. ئادەتتە، يۇقىرى دەرىجىلىك ئىختىساسلىق خادىملار ئاز، ئوتتۇرا دەرىجىلىكلەر كۆپ، ئۇنىڭدىن تۆۋەنلەر تېخىمۇ كۆپ بولىدۇ. ئالىي مائارىپنىڭ قۇرۇلمىسى چوقۇم مۇشۇنىڭغا ماسلاشقان بولۇشى كېرەك. بۇ ئېلىمىزنىڭ ئالىي مائارىپىنى ئىسلاھ قىلىشتا ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك بىر پىرىنسىپ، شۇنداقلا، 4 تە زامانىۋىلىشتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، يېڭى تېخنىكا ئىنقىلاۋى مۇسابىقىسىنى كۈتۈۋېلىشتىكى بىر مۇھىم تەدبىر.

ھازىر، ئېلىمىز ئالىي مائارىپىنىڭ قاتلام قۇرۇلمىسى ئانچە مۇۋاپىق ئەمەس، ئاساسلىقى، 4 يىللىق پۈتۈن كۈنلۈك تۈزۈمدىكى داشۆلەرلا بولۇپ، 2-3 يىللىق تۈزۈمدىكى داشۆ-جۇەنكېلار بەك ئاز، ئالىي مائارىپتىكى بۇنداق مۇۋاپىق بولمىغان قۇرۇلما ھالىتى ئۆزگەرتىلمىسە، 4 تە زامانىۋىلىشىش قۇرۇلۇشىغا ئېھتىياجلىق بولغان ھەر خىل تىپ، ئوخشىمىغان شەكىللەردىكى ئىختىساسلىق كىشىلەرنى تەربىيىلەپ چىققىلى بولمايدۇ-دە، «يۇقىرى تۈردىكى خادىملارنى تۆۋەن تۈردە ئىشلىتىش» تەك ئىسراپچىلىق ھادىسە پەيدا بولىدۇ. بەزى شەرت-شارائىتى بار ئالىي مەكتەپلەردە، ئاسپىرانتلارنى كۆپەيتىپ قوبۇل قىلىشنى ئويلىشىشىمىز كېرەك. شۇنىڭدەك، داجۇەن ئوقۇغۇچىلىرىنىمۇ مۇۋاپىق قوبۇل قىلىشىمىز كېرەك. باشقا بەزى ئالىي مەكتەپلەردە بولسا، داجۇەن ئوقۇغۇچىلىرىنى كۆپەيتىپ قوبۇل قىلىشىمىز، كۆپ قاتلاملىق، مۇنار شەكىللىك قۇرۇلمىنى تەدرىجى شەكىللەندۈرۈشىمىز لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۆزلۈكسىز تەربىيىلەش خاراكتېرىنى ئالغان كەچكۇرس داشۆسى، تېلېۋىزىيە داشۆسى، سىرتتىن ئوقۇش داشۆسى ۋە ئىشتىن سىرتقى داشۆلەرنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇشىمىز كېرەك.

ئالتىنچى، يېڭى تېخنىكا ئىنقىلاۋىنىڭ مۇسابىقىسىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن، يەنە كەسىپلەرنىڭ تەربىيىلەش نىشانى، كەسىپلەرنىڭ بۆلۈنۈشى، دەرسلەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى، ئوقۇتۇش مەزمۇنى ۋە ئوقۇتۇش ئۇسۇلى قاتارلىق جەھەتلەردە، بەزى ئىسلاھاتلارنى ئېلىپ بېرىشىمىز كېرەك. بۇمۇ ئالىي مائارىپ جەھەتتىكى بىر مۇھىم تەدبىرىمىز.

كەسپىي تەربىيىلەش نىشانى. كەسپىي تەربىيىلەش نىشانى ئىختىساسلىق خادىملارنى تەربىيىلەشنىڭ يۆنىلىشى ۋە ئۆلچىمىنى بەلگىلەيدۇ. ئۇ خادىملارنى تەربىيىلەش مودېلىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى. سوتسىيالىستىك ئالىي مائارىپ ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي جەھەتلەردىن تەرەققىي قىلغان، سوتسىيالىستىك ئاڭغا ئىگە، كەسپىي بىلىملەرنى ئىگىلىگەن ساغلام خادىملارنى تەربىيىلەيدۇ. ئۇ پارتىيىنىڭ مائارىپ فاڭجېنىنى شەرت قىلىدۇ. ئەق-

لىمي جەھەتتىن ئېيتساق، ئوخشىمىغان پەن، ئوخشىمىغان كەسىپلەرنىڭ تەربىيىلەش نىشانى ئوخشاش بولمايدۇ، ئوخشىمىغان قاتلامدىكى ئالىي مائارىپنىڭ ئوخشاش كەسىپلەردە ئوخشىمىغان دائىرىدىكى تەربىيىلەش نىشانى بولىدۇ. يېڭى تېخنىكا ئىنقىلاۋىنىڭ ئالىي مائارىپقا قويغان تەلىۋىگە ئاساسلانغاندا، پارتىيىنىڭ ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي جەھەتلەردىن ئومۇمىيۈزلۈك تەرەققىي قىلدۇرۇش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇش شەرتى ئاستىدا، تەربىيىلىنىدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ، مەيلى ئۇنىڭ تەبىئىي پەن، تېخنىكىۋى پەن ياكى ئىجتىمائىي پەن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، كەڭ ئۇنىۋېرسال بىلىمگە ئىگە بولۇشنى تەلەپ قىلىشنى ئويلىشىشىمىز كېرەك. ئوقۇغۇچىلار ئۆز كەسپىي دائىرىسىدىكى كەسپىي بىلىملەرنى پىششىق ئىگىلەپلا قالماستىن، ئۇنى ئەمەلىيەتتە ئۈنۈملۈك قوللىنالىشى كېرەك. ھەتتا ئۆز كەسپى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان بەزى پەننىي بىلىملەرنى، ھەتتا بەزى تېخنىكىنىمۇ ئىگىلىشى كېرەك. ئۇلار ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، كۆپ تەرەپلىمە قابىلىيەتكە، جۈملىدىن، ئۆز كەسپى ئىچىدىكى كۆپ خىل قابىلىيەتكە ھەمدە ئۆز كەسپى سىرتىدىكى كۆپ خىل قابىلىيەتكە ئىگە بولسۇن.

كەسىپلەرنىڭ بۆلۈنۈشى. كەسپىي تەربىيىلەش نىشانىغا تەسىر قىلىدىغان مۇھىم ئامىل— كەسىپلەرنىڭ بۆلۈنۈشىدىكى كەڭ-تارلىق. كەسىپلەرنىڭ بۆلۈنۈشى 4 تە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئېھتىياجىدىن بەلگىلىنىشى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، پەن-تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ يۈزلىنىشى (ياكى يېڭى تېخنىكا ئىنقىلاۋىنىڭ تەلىۋى) گە ماس بولۇشى، خادىملارنى تەربىيىلەش قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن كېلىشى كېرەك. ھازىر ئېلىمىزدىكى ئالىي مەكتەپلەردە كەسىپلەرنىڭ بۆلۈنۈشى تارراق بولۇپ، خېلى يامان ئاقىۋەت ئېلىپ كەلدى. بۇ بۈگۈنكى پەن-تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ كۈنسايىن ئۆزگىرىشىگە، ئىقتىسات، مەدەنىيەت، دۆلەت مۇداپىئە قۇرۇلۇشى ئېھتىياجىنىڭ كۈنسايىن ئۆسۈشىگە ماسلىشالمايۋاتىدۇ. بۇ كەسپىي ئېغىزلارنىڭ ئىمكانىيىتىنىڭ بىردەك كەڭرەك بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەڭ ياخشىسى، ئوقۇغۇچىلار 1-2- يىللىقتا كەسىپلەرگە ئايرىلماي، پەنلەرگە (بۆلۈملەرگە) ئايرىلىشى، كەڭ ئومۇمىي بىلىم ئاساسىنى ياخشىراق تىكلىۋېلىشى، 3- يىللىقتا كەسپ- ا ، بويىچە ئۆگىنىش باشلىشى لازىم.

دەرسلەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى. داشۆلەردىكى دەرسلەر كەسپىي تەربىيىلەش نىشانى ۋە مۇناسىۋەتلىك كەسىپلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. تەربىيىلىنىدىغان خادىملارنى مۇۋاپىق بىلىم قۇرۇلمىسىغا ئىگە قىلىش— ئەقلىي كۈچ ۋە ئىقتىدارنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا پايدىلىق مۇھىم ھالقا. مۇشۇ ئارقىلىق ھەر قايسى دەرسلەرنىڭ ئەڭ يۇقىرى نىسبىتى بەلگىلىنىپ، ئۇنىڭ دەرس سائىتى مۇۋاپىق تەقسىم قىلىنىشى؛ ھەر قايسى دەرسلەرنىڭ ئىلگىرى-كېيىنلىك تەرتىۋى ۋە ئۆز ئارا ماسلىشىشى تەرتىپ بويىچە ئاستا-ئاستا ئىلگىرىلەش پىرىنسىپىغا ئاساسەن، مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى؛ دەرسلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇشنىڭ ئېلاستىكىلىقى، سىستېمىلىقى ۋە كەڭ دائىرىلىكىگە كاپالەتلىك قى-

لىنىشى كېرەك. مۇشۇ ئومۇمى پرىنسىپلارغا داۋاملىق ئەمەل قىلىشتىن سىرت، يېڭى تېخنىكا ئىنقىلاۋىنىڭ مۇسابىقىسىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن، يەنە مۇنداق بىر قانچە نۇقتىغا دىققەت قىلىش كېرەك:

1. ئاساسىي دەرسلەر (بولۇپمۇ، ماتېماتىكا) نى ۋە كەسپىي ئاساسىي دەرسلەرنى كۈچەيتىش، ئاساسىنى پۇختىراق قۇرۇش.

2. دەرسلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇشنىڭ ئۈنۈمدارلىقىغا دىققەت قىلىپ، بىلىم دائىرىسىنى كېڭەيتىش، تەبىئىي پەن ۋە سانائەت پەنلىرىدىكى ئوقۇغۇچىلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۆز ساھەسىدىكى پەن - تېخنىكا ئاساسىي بىلىملىرىنى ئۆگىنىش بىلەنلا قالماستىن، ئىقتىسات باشقۇرۇشنى، تەنقىدىي بۇغالتىرلىقنى بىلىش، سوتسىيولوگىيە، پسىخولوگىيە، شۇنىڭدەك، ئەدەبىيات - سەنئەتنى ئۆگىنىۋېلىشى كېرەك. ئىجتىمائىي پەن ئوقۇغۇچىلىرىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بەزى زۆرۈر پەن - تېخنىكا بىلىملىرىنى ئۆگىنىشى كېرەك.

3. كەسپىي جەھەتتىكى ئوقۇشقا تېگىشلىك دەرسلەرنى قىسقارتىپ، تاللاپ ئوقۇيدىغان دەرسلەرنى ئىمكان قەدەر كۆپەيتىش كېرەك. تاللاپ ئوقۇيدىغان دەرسلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇشتا، ئەمەلىي قوللىنىدىغان پەنلەر، يېڭى چىققان پەنلەر ۋە 80 - يىللاردىكى ئاچقۇچلۇق تېخنىكىۋىي پەنلەرنى ئاساس قىلىش كېرەك.

4. چەتئەل تىلى ئۆگىنىشنى كۈچەيتىش — يېڭى تېخنىكا ئىنقىلاۋىنى كۈتۈۋېلىشنىڭ ئېھتىياجى. ئوقۇغۇچىلارنى تىل - يېزىقتىن ئىبارەت بۇ قورالنى ئىگىلەپ، دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى سىگناللارنى ۋاقتى - ۋاقتىدا ئىگىلىيەلەيدىغان ئىقتىدارغا ئىگە قىلىش كېرەك.

ئوقۇتۇش مەزمۇنى ۋە ئوقۇتۇش ئۇسۇلى. ساقلىنىپ كېلىۋاتقان ئىلمىي ماتېرىياللار دۆۋىلىنىپ ياتىدۇ. ھازىرقى زامان پەن - تېخنىكىسىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، نۇرغۇن يېڭى مەزمۇنلار قوشۇلدى، بەلكى كۆپىيىش سۈرئىتى بارغانسېرى تېز بولماقتا. بۇ ھال، دەرسلەر مەزمۇنىنى داۋاملىق يېڭىلاشنى تەلەپ قىلىدۇ. كونىرىغان نەرسىلەرنى ئىخچاملاپ، شۇ پەندە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن يېڭى تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئىمكان قەدەر كۆپەيتىش كېرەك. بۇنداق قىلىش ئۈچۈن، ئاز بولۇش، ساز بولۇش پرىنسىپىنى ۋە ئىلھام بېرىش شەكلىدىكى ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى يولغا قويۇش لازىم. ئوقۇغۇچىلاردىن دەرسنىڭ ئىگەللەشكە تېگىشلىك مەزمۇنىنى ئىگەللىۋېلىشنى تەلەپ قىلىشقىلا بولىدۇكى، ئوقۇتقۇچىنىڭ زىر - زەۋەرنى قالدۇرماي سۆزلىشىنى تەلەپ قىلماسلىق كېرەك. ئوقۇتقۇچى دەرسنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى، قىيىن نۇقتىسىنى، مەسىلەلەرنى ھەل قىلىشتىكى پىكىر يولى ۋە ئۇسۇلىنى ئېنىق ئۇقتۇرغاندىن كېيىن، ئوقۇغۇچىلارنى ئۆزلۈكىدىن ئويلىنىپ، ئاكتىپ پىكىر يۈرگۈزۈپ، ئۆگىنىش ۋەزىپىسىنى مۇستەقىل ئورۇنلاشقا يېتەكلەش كېرەك. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش لازىم.

يەنە تېخى، سىگنالنىڭ تۇراقسىز ۋاقتىنىڭ قىسقىرىشىغا ۋە ئۆزگىرىش قەدىمىنىڭ

تېزلىشىشىگە ئەگىشىش، ئالىي مەكتەپلەرنى دۇنياغا يۈزلەنگەن سىگنال مەركىزى قىلىپ قۇ-
رۇپ چىقىش كېرەك. ئۇ ھەم سىگنال ئېلىش مەركىزى، ھەم سىگنال تارقىتىش مەركىزى،
ھەم سىگنال ئىشلەپچىقىرىش مەركىزى بولۇشى كېرەك. بۇ ۋەزىپىنىڭ ئەمەلگە ئېشىش-
ئاشماسلىقى كۆپ ھالدا ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىلمىي سەۋىيىسىنىڭ يۇقۇرى - تۆۋەنلىكىگە،
كىتاپ - ماتېرىياللارنىڭ تولۇق - تولۇق ئەمەسلىكىگە، خەۋەرلەرنىڭ تېز - ئاستىلىقىغا، ئوقۇتۇش-
تەتقىقات ۋاستىلىرىنىڭ زامانىۋىلاشقان - زامانىۋىلاشمىغانلىقىغا باغلىق. شۇڭا، ئوقۇتقۇچىلار
قوشۇنىنىڭ ئىلمىي سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش، ئالىي مەكتەپلەر كۇتۇپخانىلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى-
نى تېزلىتىش، ئوقۇتۇش ئىلمىي تەتقىقات ۋە خەۋەرلىشىش ۋاستىلىرىنىڭ زامانىۋىلىشى-
شىنى تىرىشىپ ئەمەلگە ئاشۇرۇش كېرەك. بۇمۇ يېڭى تېخنىكا ئىنقىلاۋىنىڭ مۇسابە-
قىسىنى كۈتۈۋېلىشتا، ئالىي مائارىپ جەھەتتە قوللىنىلىدىغان مۇھىم تەدبىرنىڭ بىرى.

قىسقىسى، خۇددى يولداش دېڭ شياۋپىڭ كۆرسەتكىنىدەك، ئالىي مائارىپ «4 تە-
زامانىۋىلىشىشقا يۈزلىنىشى، دۇنياغا يۈزلىنىشى، كەلگۈسىگە يۈزلىنىشى» لازىم. مانا بۇ،
يېڭى تېخنىكا ئىنقىلاۋى مۇسابىقىسىنى كۈتۈۋېلىشتا، دۆلىتىمىزنىڭ ئالىي مائارىپ جەھەت-
تە قوللىنىدىغان باش تەدبىرى.

ن. ئەخمەتجان تەرجىمىسى.

# شەھەرلەردىكى ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى تېزلىتىشنىڭ زۆرۈرلۈكى توغرىسىدا دەسلەپكى قاراشلىرىم

ئىسمايىل نىياز

پارتىيىنىڭ 12 - نۆۋەتلىك 3 - ئومۇمىي يىغىنىدا ماقۇللانغان «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى توغرىسىدىكى قارارى»دا: «ماركسىزمنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرىنى جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش دېگەن باش تەلەپكە بىنائەن، ئىچكى جەھەتتە ئىگىلىكنى جانلاندۇرۇش، سىرتقا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش فاڭجېنىنى يەنىمۇ ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، شەھەرلەرنى مۇھىم نۇقتا قىلغان پۈتكۈل ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ قەدىمىنى تېزلىتىپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا تېخىمۇ ئوبدان يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشقا تېخىمۇ ئوڭۇشلۇق شارائىت يارىتىش لازىم.» دەپ كۆرسىتىلدى. بۇ كۆرسەتمە ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشىدىكى تارىخىي تەجرىبىلەرنى، بولۇپمۇ يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان شەھەر ۋە يېزىلاردا ئېلىپ بېرىلغان ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ تەجرىبىلىرىنى ئەستايىدىللىق بىلەن يەكۈنلىگەندىن كېيىن چىقىرىلغان ئىلمىي يەكۈن، شۇنداقلا ماركسىزمنىڭ ئىلمىي سوتسىيالىزم توغرىسىدىكى نەزەرىيىسىنى ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئەمەلىيىتى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرگەنلىكىنىڭ ئۇلۇغ نامايەندىسى ۋە راۋاجلاندۇرۇلىشى. ئۇ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئىجتىمائىي بايلىقلارنى بارغانسېرى كۆپلەپ يارىتىپ، خەلقنىڭ كۈنسايىن ئېشىپ بېرىۋاتقان ماددىي ۋە مەدەنىي ئېھتىياجىنى ئۈزلۈكسىز قاندۇرۇشتا ئىدىيىنى يەنىمۇ ئازات قىلىپ، «سول»چىللىقنىڭ قالدۇق زەھەرلىرىنى ئۈزۈل - كېسىل تازىلاپ، شەھەرلەرنى مۇھىم نۇقتا قىلغان پۈتكۈل ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ قەدىمىنى تېزلىتىپ، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ جۇش ئۇرۇپ ئالغا ئىلگىرىلىشىنى تېزلىتىشتە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

## شەھەرلەردىكى ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى تېزلىتىش - ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىياتىنىڭ ئوبيېكتىپ تەلىۋى

ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ خاراكتېرىگە چوقۇم

ئۇيغۇن كېلىشى كېرەك، دېگەن ئوبيېكتىپ قانۇنىيەت — بارلىق ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي فورماتسىيەلەرنىڭ ھەممىسىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان ئورتاق قانۇنىيەت. «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزى كومىتېتىنىڭ دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى پارتىيە تارىخىغا دائىر بىر قانچە مەسىلىلەر توغرىسىدىكى قارار»دا: „سوتسىيالىستىك ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشتا مۇقىملىشىپ قالغان بىر يۈرۈش قېلىپ يوق، بىزنىڭ ۋەزىپىمىز، مەملىكىتىمىزنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىياتىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، ھەر بىر باسقۇچتا، شۇ باسقۇچتا ئۇيغۇن كېلىدىغان ۋە داۋاملىق ئىلگىرلەشكە قولايلىق تۇغدۇرۇپ بېرىدىغان كونكرېت ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى شەكلىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت.„ دەپ كۆرسىتىلگەن. سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي تۈزۈلمە — سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتنى يەنى ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتىنىڭ كونكرېت ئىپادىلىنىش شەكلىنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا، بىزنىڭ شەھەرلەر ياكى يېزىلارنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسىگە قارىتا ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشىمىزنىڭ ھەممىسى تېگى-تەكتىدىن ئالغاندا، ئېلىمىزدىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات تەلىپىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان ھەم داۋاملىق ئالغا ئىلگىرلىشىگە قولايلىق يارىتىپ بېرىدىغان سوتسىيالىستىك ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتىنىڭ كونكرېت شەكلىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت.

ماركسىزمنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى ۋە ئىقتىسادىي بازىس بىلەن ئۈستقۇرۇلمىنىڭ ئۆز ئارا مۇناسىۋىتى توغرىسىدىكى نەزەرىيىسى بولۇپمۇ ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى چوقۇم ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ خاراكتېرىگە ئۇيغۇن كېلىشى كېرەك، دېگەن ئاساسىي قائىدىسى — بىزنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى ئېلىپ بېرىشىمىزدىكى نەزەرىيىۋى ئاساس.

ماركسىزم شۇنداق ھېساپلايدۇكى، ئومۇمەن، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات تەلىپىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنى ۋە ئىقتىسادىي بازىسنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇن كەلمەيدىغان ئۈستقۇرۇلمىنى بەربىر ئۆزگەرتىشكە توغرا كېلىدۇ؛ ئۆزگەرتىلمىسە، ئۇ ئىقتىساتنىڭ تەرەققىياتىغا ۋە جەمئىيەتنىڭ ئىلگىرلىشىگە توسقۇنلۇق قىلىدۇ. بۇ، كىشىلەرنىڭ ئىرادىسىگە باغلىق بولمىغان ئوبيېكتىپ قانۇنىيەت. يولداش ماۋزېدۇڭ 1957 - يىلىلا ئۆزىنىڭ «خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتنى توغرا ھەل قىلىش مەسىلىسى ھەققىدە» دېگەن ئەسىرىدە: «سوتسىيالىزم جەمئىيىتىدە نېگىزلىك زىددىيەت يەنىلا ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتتىن، ئۈستقۇرۇلما بىلەن ئىقتىسادىي بازىس ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتتىن ئىبارەت.»① دەپ كۆرسەتكەن ئىدى. ئۇ يەنە: „يېڭى ئورنىتىلغان سوتسىيالىستىك ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى ئەۋزەل بولسىمۇ، دېگەندەك مۇكەممەل بولۇپ كەتمىدى،

① ماۋزېدۇڭ «خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتنى توغرا ھەل قىلىش مەسىلىسى ھەققىدە» «ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى» 5 - توم 597 - بەت.

ئۇنىڭ مۇكەممەل بولمىغان تەرىپى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا زىت كېلىدۇ، ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ئالماشتۇرۇشنىڭ ئۆز ئارا مۇناسىۋىتىدە يەنىلا پەيدىن-پەي مۇۋاپىقراق شەكىللەرنى تېپىشقا توغرا كېلىدۇ؛ ئۇستقۇرۇلما بىلەن ئىقتىسادىي بازىس ئوتتۇرىسىدىمۇ ھەم بىر-بىرىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان ھەم زىت كېلىدىغان ئەھۋاللار ساقلانغان بولىدۇ. ئۇنى ئۈزلۈكسىز تۈردە تەڭشەشكە ۋە ھەل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ."① دەپ كورسەتكەن ئىدى. پارتىيىمىز ماركسىزمنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرىنى ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئەمەلىيىتى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ، شەھەرلەرنى مۇھىم نۇقتا قىلغان پۈتكۈل ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ يۈنىلىشى خاراكتېرى ۋە ئاساسىي ۋەزىپىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇش بىلەنلا قالماستىن بەلكى، يەنە بۇنىڭغا ماس بولغان ئاساسىي فاڭجېن سىياسەتلەرنىمۇ بەلگىلىدى. «قارار»دا: "سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتىكى ئاساسىي زىددىيەت يەنىلا ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئوتتۇرىسىدىكى، ئۇستقۇرۇلما بىلەن ئىقتىسادىي بازىس ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتتىن ئىبارەت. بىز ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنى ئىسلاھ قىلىشتا، سوتسىيالىستىك تۈزۈمدە چىڭ تۇرۇش شەرتى ئاستىدا، ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ۋە ئۇستقۇرۇلمىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئۇيغۇن كەلمەيدىغان ھەم بىر-بىرى بىلەن باغلىنىشلىق بولغان بىر قاتار ھالقىلىرىنى ۋە تەرەپلىرىنى ئىسلاھ قىلىمىز." دەپ كۆرسىتىلدى. «قارار»دا يەنە "پۈتۈن پارتىيىدىكى يولداشلار ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش جەريانىدا، ماركسىزمنىڭ مۇشۇ ئاساسىي نۇقتىئىنەزىرىنى چىڭ ئىگىلىشى، ھەم ئىسلاھاتنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان ياكى ــ مەغلۇپ بولغانلىقىنى ئۆلچەشتە ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا پايدا يەتكۈزگەن-يەتكۈزمىگەنلىكىنى ئەڭ ئاساسىي ئۆلچەم قىلىش لازىم." دەپ ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇ، بۇ قېتىمقى ئىسلاھاتنى ئېلىپ بېرىشىمىزنىڭ ئاساسىي چىقىش نۇقتىسى. شۇڭا، سوتسىيالىزم تۈزۈمى شارائىتىدا ئورنىتىلىپ بولغان ھەر قانداق بىر خىل ئىقتىسادىي تۈزۈلمىگە باھا بېرىشتە ئەڭ ئاساسلىقى ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگەن-سۈرمىگەنلىكىگە يەنى قانچىلىك دەرىجىدە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە پايدا يەتكۈزگەن-يەتكۈزمىگەنلىكىگە قاراش كېرەك. ھەر قانداق بىر خىل ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگەن-سۈرمىگەنلىكىنى كۆزىتىشتە ئەڭ ئاساسلىقى ئۇنىڭ ئەمگەكچىلەرنىڭ ئاكتىپلىقىنى، تەشەببۇسكارلىقىنى ۋە ئىجاتچانلىقىنى قوزغىغان-قوزغىمىغانلىقىغا، پەن-تېخنىكىنىڭ راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن-سۈرمىگەنلىكىگە قاراش كېرەك. ئېلىمىزدىكى ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى ئاساس قىلغان سوتسىيالىستىك ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ

① ماۋزېدۇڭ «خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتنى توغرا ھەل قىلىش مەسىلىسى ھەققىدە» «ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى» 5 - توم 599 - بەت.

تەرەققىياتىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان بولۇپ، ئۇ ئەمگەكچىلەرنىڭ ئەقىل-پاراسىتىنى جارى قىلدۇرۇپ، پەن-تېخنىكىنىڭ راۋاجلىنىشى ئۈچۈن كەڭ يول ئېچىپ بېرىپ، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش بىلەن ئۆزىنىڭ ئەۋزەللىكىنى دەسلەپكى قەدەمدە نامايەن قىلدى. بىز بۇ نۇقتىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشىمىز كېرەك. لېكىن بۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۈستىقۇرۇلمىدىكى بەزى كونكرېت ھالقا ۋە شەكىللەردە ئاز بولمىغان نۇقسان ۋە مەسىلىلەرنىڭمۇ بارلىقىنى كۆرۈشىمىز لازىم. خۇددى «قارار»دا كۆرسىتىلگەندەك: سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ ئەۋزەللىكى تېخى تېگىشلىك دەرىجىدە جارى قىلدۇرۇلغىنى يوق. بۇنىڭغا تارىخىي، سىياسىي ۋە ئىدىيىۋى سەۋەبلەردىن باشقا ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئالغاندا، مۇھىمى ئىقتىسادىي تۈزۈلمىدە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات تەلىپىگە ماس كەلمەيدىغان، قېتىپ قالغان بىر قېلىپنىڭ شەكىللەنگەنلىكى سەۋەب بولدى. «بۇ قېلىپنىڭ ئاساسىي نۇقسانى شۇكى، ئۇنىڭدا ھۆكۈمەت بىلەن كارخانىلارنىڭ مەسئۇلىيىتى ئايرىلمىدى. سىستېمىلار بىلەن رايونلار ئايرىپ تاشلاندى. دۆلەتنىڭ كارخانىلارنى بىر تۇتاش باشقۇرۇشى ھەددىدىن ئارتۇق ۋە بەك ئۆلۈك بولۇپ كەتتى. تاۋار ئىشلەپچىقىرىشتا، قىممەت قانۇنىغا ۋە بازارنىڭ رولىغا سەل قارالدى. تەقسىماتتا تەڭ تەقسىماتچىلىق ئېغىر بولدى، بۇ ھال كارخانىلار ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرۈش ھوقۇقىغا تېگىشلىك دەرىجىدە ئىگە بولالمايدىغان، كارخانىلار دۆلەتنىڭ «چوڭ قازاننىڭ ئېشى»نى تەڭ يەيدىغان، ئىشچى-خىزمەتچىلەر كارخانىنىڭ «چوڭ قازىنىنىڭ ئېشى»نى تەڭ يەيدىغان ئەھۋالنى پەيدا قىلىپ، كارخانىلارنىڭ ۋە ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئاممىسىنىڭ ئاكتىپلىقىنى، تەشەببۇسكارلىقىنى ۋە ئىجاتچانلىقىنى ئېغىر دەرىجىدە بوغدى. سوتسىيالىستىك ئىقتىسادنىڭ جۇش ئۇرۇپ ئۇرغۇشقا تېگىشلىك ھاياتىي كۈچىنى خېلى دەرىجىدە ئاجىزلاشتۇرۇۋەتتى.»

ئېلىمىزنىڭ ئىلگىرىكى ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسى 1-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە ئاساسىي جەھەتتىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۆز ۋاقتىدىكى ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىش ئاساسىدا ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى، مەركەزلەشتۈرۈش — بىرلىككە كەلتۈرۈشنى بىر تەرەپلىمە ھالدا تەكىتلەش، مەركەز بۇيرۇق خاراكتېرىدا بولغان پىلان كۆرسەتكۈچنى تۈزۈپ چىقىپ قاتلاممۇ-قاتلام تۆۋەنگە چۈشۈرۈپ، ھەر قايسى رايون ۋە كارخانىلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ كونكرېت ئەھۋالغا ئۇيغۇن كېلىدىغان-كەلمەيدىغانلىقى بىلەن ھېساپلاشماي شۇ بويىچە ئىجرا قىلىشنى تەلەپ قىلىشتىن ئىبارەت. بۇ خىل ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنىڭ ئارتۇقچىلىقى دۆلەتنىڭ مەبلەغ ۋە ماددى ئەشيالىرىنى مەركەزلىك ھالدا دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي جان تومۇرىغا ئالاقىدار بولغان نۇقتىلىق قۇرۇلۇشلارغا ئىشلەتكىلى بولىدۇ. ئۇنىڭ كەمچىلىكى بولسا، رايونلار ۋە كارخانىلارنىڭ ئالاھىدە ئېھتىياجىغا ئېتىبار بېرىلمەيدۇ، جايلار ۋە كارخانىلار ئۆزلىرىنىڭ كونكرېت ئەھۋالغا ئاساسەن ئۆزلىرىنىڭ ئادەم كۈچى، ماددى كۈچ ۋە مالىيە كۈچىنى مۇۋاپىق ئىشلىتەل-

مەيدىغان قىلىپ قويۇلدى. ئۇلارنى باشقۇرۇش تولىمۇ ئۆلۈك بولۇپ قالدى. جايلار ۋە رايونلار شۇنىڭدەك كارخانىلارنىڭ ئاكتىپلىقى بوغۇپ قويۇلدى، بۇ ئەڭ ئاز سەرپىيات بەدىلىگە ئەڭ زور ئىقتىسادىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىشقا پايدىسىز. بۇ خىل ئىقتىسادىي تۈزۈلمە دۆلىتىمىز قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە دۆلەتنىڭ ماددىي ۋە مالىيە كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، نۇقتىلىق قۇرۇلۇشلارنى ئېلىپ بېرىش، ئىگىلىك تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، سوتسىيالىزمنىڭ ماددىي ئاساسىنى تۇرغۇزۇش جەھەتلەردە ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرغان بولسىمۇ، ئەينى ۋاقىتتا بۇ خىل يۇقىرى دەرىجىدە مەركەزلەشتۈرۈلگەن، مەمۇرىي باشقۇرۇشنى ئاساسىي ئالاھىدىلىك قىلغان تۈزۈلمىدە ئاز بولمىغان مەسىلىلەرمۇ ساقلانغان ئىدى. بۇ مەسىلىلەر سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ ئومۇميۈزلۈك قانات يېيىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ بارغانسېرى روشەن ئاشكارىلىنىشقا ۋە ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا توسالغۇ بولۇشقا باشلىدى. 1956 - يىلى 4 - ئايدا يولداش ماۋزېدۇڭ: «10 چوڭ مۇناسىۋەت توغرىسىدا» دېگەن ئەسىرىنى ئېلان قىلىپ، مەملىكىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشىدىكى تەجرىبە - ساۋاقلارنى دەسلەپكى قەدەمدە يەكۈنلەش بىلەن مەملىكىتىمىزنىڭ ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش يولىنى ئىزدەش ۋەزىپىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. لېكىن كېيىنكى چاغلاردا يېتەكچى ئىدىيە جەھەتتە "سول" چىللىق خاتالىقى كۆرۈلگەنلىكى بولۇپمۇ، لىن بياۋ ۋە "4 كىشىلىك گورۇھ"نىڭ بۇزغۇنچىلىقى تۈپەيلىدىن يۇقىرىقىدەك نۇقسان ۋە ئىللەتلەرنى تۈزىتىش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان بىر قانچە قېتىملىق ئىسلاھاتلار ئۇتۇقلۇق بولمىدى ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇرمىلاندى، نەتىجىدە ئېغىر ئوڭۇشسىزلىقلارغا ئۇچرىدۇق. 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان تەڭشەش، ئىسلاھ قىلىش، ئۆزگەرتىش ۋە ئۈستۈرۈشتىن ئىبارەت 8 خەتلىك فاڭجېن ۋە سىرتقا قارىتا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش، ئىچكى جەھەتتە ئىگىلىكنى جانلاندۇرۇش فاڭجېنىنىڭ يېتەكچىلىكىدە مەملىكىتىمىزدە يېزا ئىگىلىكى، سانائەت ۋە مالىيە قاتارلىق ساھەلەردە مۈلۈكچىلىك شەكلى، ئىگىلىك باشقۇرۇش ئۇسۇلى ۋە تەقسىمات شەكلى قاتارلىق جەھەتلەردە ئەسلىدىكى ئىقتىسادىي تۈزۈلمىگە قارىتا بەزى ئىسلاھاتلار ئېلىپ بېرىلدى. بۇ خىل ئىسلاھاتلار ھەر قايسى تەرەپلەرنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغاپ، ئىگىلىكنى جانلاندۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى ۋە خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاش جەھەتتە كۆرۈنەرلىك رول ئوينىدى. لېكىن، مەسىلە پۈتۈنلەي ھەل بولۇپ كەتكىنى يوق، شەھەر ئىسلاھاتىدا تېخىمۇ شۇنداق. خۇددى «قارار»دا كۆرسىتىلگەنىدەك: "شەھەر ئىسلاھاتى تېخى دەسلەپكى باسقۇچتىلا تۇرماقتا، شەھەر ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسىدە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا قاتتىق توسالغۇ بولىۋاتقان تۈرلۈك نۇقسانلار تېخى تۈپتىن تۈگىتىلگىنى يوق." نۆۋەتتىكى ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇنلىشىش ئۈچۈن، شەھەرلەرنى مۇھىم نۇقتا قىلغان پۈتكۈل ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ قەدىمىنى تېخىمۇ تېزلىتىشكە توغرا كېلىدۇ.

بۇ، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىياتىنىڭ ئوبيېكتىپ تەلىۋى.

## شەھەرلەرنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىدىكى مەركىزىي ھالقىنى ياخشى تۇتۇش لازىم

يولداش جاۋزىياڭ: «6 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 2 - يىغىنىدا قىلغان ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات» دا «نۆۋەتتە شەھەرلەردىكى ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ مەركىزىي ھالقىسى كارخانىلارنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇشى ياخشى بولسىمۇ، ناچار بولسىمۇ، ئوخشاش بولىدىغان، ئىشچى - خىزمەتچىلەر كۆپ ئىشلىسىمۇ، ئاز ئىشلىسىمۇ ئوخشاش بولىدىغان ئەھۋالنى ئۆزۈل - كېسىل ئۆزگەرتىپ، كارخانىلارنى دۆلەتنىڭ «چوڭ قازاننىڭ ئېشى» نى يېمەيدىغان، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى كارخانىنىڭ «چوڭ قازاننىڭ ئېشى» نى يېمەيدىغان قىلىشنى ئورۇنلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت»، دەپ ئوتتۇرىغا قويۇش بىلەن شەھەرلەردىكى ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى كۆرسىتىپ بەردى. شەھەر كارخانىلىرى سانائەت ئىشلەپچىقىرىشنى، قۇرۇلۇشنى ۋە تاۋار ئوبوروتىنى بىۋاستە ئۈستىگە ئالىدىغان ئورۇن بولۇپ، دۆلەتنىڭ مالىيە كىرىمىگە كاپالەتلىك قىلىدىغان ئاساسى مەنبە، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىياتىنىڭ ۋە ئىقتىسات - تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ يېتەكچى كۈچى. شۇنداقلا سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشنىڭ مۇھىم سورۇنى. شۇنىڭ ئۈچۈن، شەھەرلەردىكى ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىدا ئالدى بىلەن كارخانىلارنى دۆلەتنىڭ پىلانى ۋە سىياسەتلىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە كەڭرەك قويۇپ بېرىپ، ئىگىلىكنى جانلاندۇرۇپ، ئۇلارنى تېگىشلىك ھاياتى كۈچكە ئىگە قىلىش بىلەن كارخانىلارنىڭ ۋە كەڭ ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ سوتسىيالىستىك ئاكتىپلىقىنى، تەشەببۇسكارلىقىنى ۋە ئىجاتچانلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشىمىز لازىم. بۇ، بۇ قېتىم ئېلىپ بارىدىغان ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىدىكى ھالقىلىق مەسىلە. سوتسىيالىزمنىڭ ھازىرقى باسقۇچىدا مەيلى كارخانىلار ياكى ئەمگەكچىلەر بولسۇن ئۆزلىرىنىڭ نىسپىي مۇستەقىللىقتىكى ئىقتىسادىي مەنپەئەتىگە ئىگە. بۇنداق ئىقتىسات - مەنپەئەت كارخانىلاردىكى كوللېكتىپ ئەمگەكنىڭ نەتىجىسى بىلەن شۇنىڭدەك ئەمگەكچىلەرنىڭ ئەمگەك تۆھپىسى بىلەن زىچ باغلانغان بولىدۇ. ھەر قانداق ئىجتىمائىي ئەمگەكتە ئىچكى ھەركەتلەندۈرگۈچ كۈچ بولمىسا بولمايدۇ، ماددى مەنپەئەت كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشىدىكى توپ ئامىل. شۇنىڭ ئۈچۈن سوتسىيالىزمنىڭ ماددى مەنپەئەت پرىنسىپىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، دۆلەت، كوللېكتىپ ۋە شەخستىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپنىڭ ماددى مەنپەئەت مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، ئىشچانلارنى مۇكاپاتلاش بىلەن ھورۇنلارنى جازالاشنى ھەقىقى تۈردە ئەمەلگە ئاشۇرۇش، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ سوتسىيالىستىك ئاكتىپلىقى، تەشەببۇسكارلىقى ۋە ئىجاتچانلىقىنى قوزغاشتىكى ئاچقۇچلۇق مەسىلە.

يولداش دېڭشياۋپىڭ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «بۈگۈن مەملىكىتىمىزدىكى نەچچە يۈز مىڭ
كارخانا، نەچچە مىليون ئىشلەپچىقىرىش دۈيىدە ھەممىلا ئىگىسىنى ئىشقا سالىدىغان
بولسا، سەقەدەر كۆپ بايلىق كۆپىيىدۇ — ھە! دۆلەت ئۈچۈن كۆپ بايلىق يارىتىلغان
ئورۇنلاردا شەخسلەرنىڭ كىرىمىمۇ كۆپرەك بولۇشى، كوللېكتىپنىڭ پاراۋانلىقىمۇ ئوبدانـ
راق يولغا قويۇلۇشى كېرەك. كۆپ ئىشلىگەنلەرگە كۆپرەك ھەق بېرىلمىسە، ماددىي
مەنپەئەتكە ئەھمىيەت بېرىلمىسە، ئاز ساندىكى ئىلغارلار ماقۇل بولغىنى بىلەن كەڭ
ئاممىسى ماقۇل بولمايدۇ، ئىش بىر مەزگىل ئاققىنى بىلەن ئۇزاق مۇددەت ئاقمايدۇ.»①
ئېلىمىزنىڭ ئىلگىرىكى ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسىنىڭ ئاساسىي نۇقسانى، ئالدى بىلەن ئۇنىڭ
دۆلەت، كوللېكتىپ ۋە شەخستىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپنىڭ مەنپەئەت مۇناسىۋىتىنى توغرا
بىر تەرەپ قىلالماسلىقىدا ئىپادىلەندى. بۇ خىل تۈزۈلمىدە ئىشلەپچىقىرىش، مۇئامىلە،
تەقسىمات ۋە ئىستېمالنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرىدە پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئېھتىياجى ۋە
مەنپەئەتىنى چىقىش قىلىغان ھالدىكى ئويلىنىش كۆپرەك بولۇپ، كارخانىلارنىڭ كولـ
لېكتىپ مەنپەئەتىنى ۋە ئەمگەكچىلەرنىڭ شەخسىي مەنپەئەتىنى ئويلىنىش ئازراق بولدى.
بۇنداق قىلىش سوتسىيالىستىك ماددىي مەنپەئەت پرىنسىپىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن
پايدىسىز ئىدى. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنى ئالىدىغان بولساق، بۇلارنىڭ ئىشلەپـ
چىقىرىش پىلانى شۇ كارخانىلارغا مەسئۇل بولغان مەمۇرىي ئورگانلار تەرىپىدىن بىر
تۇتاش چۈشۈرۈلدى، مەھسۇلاتلارنى بولسا، سودا ئورۇنلىرى ياكى ماددىي ئەشيا تارماقـ
لىرى تەرىپىدىن بىر تۇتاش سېتىۋېلىنىپ، ھۆددىگە ئېلىپ سېتىپ بېرىش چارىسى
قوللىنىلدى، مالىيە ئىشلىرىنى باشقۇرۇش جەھەتتە بىر تۇتاش كىرىم قىلىش، بىر تۇتاش
چىقىم قىلىش يولغا قويۇلۇپ، قانچىلىك چىقىم قىلىنسا شۇنچىلىكى ھېساپقا ئۆتكۈزۈلدى.
كارخانىلارنىڭ بارلىق كىرىمى يۇقۇرىغا تاپشۇرۇلدى، ھەر قانداق چىقىم يۇقۇرىدىن
ئېلىندى. ئىگىلىك باشقۇرۇشنىڭ ياخشى - يامان بولۇشى جەھەتتە كارخانىلارغا ئىقتىسادىي
مەسئۇلىيەت ئارتىلمىدى. ئەمگەك كۈچىنى ئورۇنلاشتۇرۇش جەھەتتە بىر تۇتاش ئورۇنـ
لاشتۇرۇش ۋە يۆتكەش يولغا قويۇلۇپ، ئىش ھەققى پاراۋانلىق ۋە مۇكاپاتلاش قاتارـ
لىقلار بەلگىلىمە بويىچە بىر تەرەپ قىلىندى. كارخانىلارنىڭ ھەم ئىقتىسادىي مەسئۇلىيىتى
بولمىدى. ھەم نىسپىي مۇستەقىللىقتىكى ماددىي مەنپەئەتى بولمىدى، بۇنىڭ بىلەن كارـ
خانىلارنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش نەتىجىسى ئىقتىسادىي ئۈنۈمى كارخانا ۋە ئىشچى - خىزـ
مەتچىلەرنىڭ ماددىي مەنپەئەتى بىلەن بىۋاستە باغلانمىدى، كۆپ ئىشلىسىمۇ، ئاز ئىشلىـ
سىمۇ، ياخشى ئىشلىسىمۇ، ناچار ئىشلىسىمۇ شۇنىڭدەك ئىشلىگەن بىلەن ئىشلىمىگەنىمۇ
ئوخشاش بولۇپ كەتتى، نەتىجىدە كارخانا ۋە ئىشچى خىزمەتچىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى
راۋاجلاندۇرۇپ، ئىگىلىك باشقۇرۇشنى ياخشىلاشتىكى قىزغىنلىقىغا ۋە ئۇلارنىڭ ئاكتىپلىقى
تەشەببۇسكارلىقى ۋە ئىجاتچانلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشقا ئېغىر ھالدا توسقۇنلۇق

① «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» 223 - بەت.

قىلىپ، ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمىنىڭ تۆۋەن بولۇشى ۋە پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ ئاستا بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان شەھەرلەردىكى سودا - سانائەت كارخانىلىرىدا ئىككى «چوڭ قازاننىڭ تېشى»نى يېيىش ئەھۋالىنى تۈگىتىشنى مەركەز قىلغان دەسلەپكى قەدەمدىكى ئىسلاھاتلارنىڭ ئۈنۈمى ياخشى بولغان بولسىمۇ، لېكىن مەسىلە ئۈزۈل - كېسىل ھەل بولۇپ كەتكىنى يوق، بۇ ھال، كارخانىلار بىلەن ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ سوتسىيالىستىك ئاكتىپلىقىنى قوزغاشتا توسالغۇ بولۇپلا قالماستىن، بەلكى باشقا تۈرلۈك ئىسلاھاتلارنىڭ چوڭقۇر قانات يېيىشىغا تەسىر يەتكۈزمەكتە. شۇنىڭ ئۈچۈن شەھەرلەردىكى ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى تېزلىتىشتە ئىككى «چوڭ قازاننىڭ تېشى»نى يېيىش مەسىلىسىنى تۈگىتىشتىن ئىبارەت مەركىزى ھالقىنى ياخشى تۇتۇشىمىز لازىم. بۇ مەركىزى ھالقىنى ياخشى تۇتۇش ئۈچۈن تۆۋەندىكى بىر قانچە مەسىلىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىش كېرەك:

1 . دۆلەت بىلەن كارخانىلار ئوتتۇرىسىدا نىسپىي مۇقىم بولغان تەقسىمات مۇناسىۋىتىنى ئورنىتىش لازىم. «قارار»دا مۇشۇ مەركىزى ھالقىنى ئاساس قىلىپ، مۇھىم ئىككى جەھەتتىكى مۇناسىۋەت مەسىلىسىنى ئوبدان ھەل قىلىش كېرەك. يەنى دۆلەت بىلەن ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى كارخانىلار ئوتتۇرىسىدا توغرا مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، كارخانىلارنىڭ ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرۈش ھوقۇقىنى كېڭەيتىش كېرەك؛ ئىشچى - خىزمەتچىلەر بىلەن كارخانىلار ئوتتۇرىسىدا توغرا مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، ئەمگەكچىلەرنىڭ كارخانىلاردىكى خوجايىنلىق ئورنىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش كېرەك، دەپ ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ئېلىمىزنىڭ 30 نەچچە يىلدىن بۇيانقى دۆلەت بىلەن كارخانىلار ئوتتۇرىسىدىكى تەقسىمات مۇناسىۋىتىنى بىر تەرەپ قىلىشتىكى تەجرىبە ساۋاقلىرىغا ئاساسلانغاندا دۆلەت بىلەن كارخانىلار ئوتتۇرىسىدىكى تەقسىمات مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى، كارخانىلارنى دۆلەت پىلانىغا ۋە باشقۇرۇشىغا بويسۇنۇش شەرتى ئاستىدا مۇستەقىل ھېساپ - كىتاب قىلىپ، پايدا زىيانغا ئۆزلىرى مەسئۇل بولىدىغان سوتسىيالىستىك تۇۋار ئىشلەپچىقارغۇچى ۋە ئىگىلىك باشقۇرغۇچى ئورنىغا ئايلاندۇرۇشتىن ئىبارەت. كارخانىلارنى مۇستەقىل ھېساپ - كىتاب قىلىپ، پايدا زىيانغا ئۆزلىرى مەسئۇل بولىدىغان ئىگىلىك ئورنىغا ئايلاندۇرۇش — كارخانىلارنىڭ يۇقىرىغا تاپشۇرىدىغان پايدىسىنى پۈتۈنلەي باج تاپشۇرۇشقا ئۆزگەرتىشنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ، پايدىنى باجغا ئۆزگەرتىش — دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ يۇقىرىغا پايدا تاپشۇرۇشىنى دۆلەت بەلگىلىگەن باج تۈرى ۋە باج نىسبىتى بويىچە باج تاپشۇرۇشقا ئۆزگەرتىشنى كۆرسىتىدۇ. يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان سىناق تەرىقىسىدە ئېلىپ بېرىلغان بۇ ئۇسۇلنىڭ ئۈنۈمى ياخشى بولدى. دۆلەت بىلەن كارخانىلار ئوتتۇرىسىدىكى تەقسىمات مۇناسىۋىتى بىر قەدەر توغرا ھەل قىلىنىپ، كارخانىلار بىلەن ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئاكتىپلىقى قوزغالدى، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ راۋاجلىنىشى ئىلگىرى سۈرۈلۈپ

دۆلەتنىڭ مۇقىم كىرىمىگىمۇ كاپالەتلىك قىلىنىدى. گوۋۇيۈەن 1984 - يىلى 4 - پەسىلدىن باشلاپ پايدا تاپشۇرۇشنى باج تاپشۇرۇشقا ئۆزگەرتىش بويىچە ئىككىنچى باسقۇچلۇق ئومۇمىيۈزلۈك ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ، باج تاپشۇرۇش بىلەن پايدا تاپشۇرۇش بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشتىن، باجنى پۈتۈنلەي پايدا ئورنىغا دەسسىتىشكە ئۆتۈشنى قارار قىلدى. پايدا تاپشۇرۇشنى باج تاپشۇرۇشقا ئۆزگەرتىش يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، كارخانىلارنىڭ ئۆز ئۆزىگە خوجا بولۇش ھوقۇقى يەنىمۇ بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا كېڭەيدۇ. كارخانىلار ھەركەتلەندۈرگۈچ كۈچكە ئىگە بولىدۇ. بۇ، مۇقەررەر ھالدا كارخانىلارنىڭ ھاياتى كۈچىنى ئاشۇرىدۇ.

بىر نەچچە يىلدىن بۇيانقى ئەمەلىيەت، باجنى پۈتۈنلەي پايدا ئورنىغا دەسسىتىشنىڭ روشەن ئەۋزەللىككە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. بىرىنچىدىن، دۆلەت بىلەن كارخانىلارنىڭ ماددى مەنپەئەت جەھەتتىكى تەقسىمات مۇناسىۋىتىنى قانۇن شەكلى بىلەن مۇقىملاشتۇرۇپ، كارخانىلارنىڭ دۆلەتنىڭ „چوڭ قازاننىڭ ئېشى“نى يېيىش مەسىلىسىنى ھەل قىلغىلى، دۆلەتنىڭ مۇقىم كىرىمىگە كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. ئىككىنچىدىن، كارخانىلارنىڭ ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش ھوقۇقىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كېڭەيتىپ، ئۇلارنىڭ ھاياتى كۈچىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ. چۈنكى كارخانىلار بەلگىلەنگەن باجنى تاپشۇرۇپ بولغاندىن كېيىن قالغان پايدىنىڭ ھەممىسىگە ئۆزلىرى ئىگىدارچىلىق قىلىدىغان بولىدۇ. ئىگىلىك باشقۇرۇشى ياخشى بولغانلار كۆپرەك مەنپەئەتكە ئىگە بولىدۇ. مۇشۇنداق بولغاندا كارخانىلار تۈرلۈك ئۇسۇللار بىلەن ئىگىلىك باشقۇرۇشنى ياخشىلاپ، پەن - تېخنىكا سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى يۇقۇرى كۆتۈرۈش بىلەن پايدىنى ئاشۇرۇشقا تىرىشىدۇ. ئۈچىنچىدىن، دۆلەتنىڭ باجدىن ئىبارەت ئىقتىسادىي پىشاڭنىڭ رولىدىن پايدىلىنىپ، كارخانىلارنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسىنى دۆلەتنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن تەڭشەش بىلەن كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىگىلىك پائالىيەتلىرىنى جەمىيەتنىڭ ئېھتىياجىغا قاراپ تەشكىللەش ئۈچۈنمۇ پايدىلىق بولىدۇ. تۆتىنچىدىن، باجنى پايدا ئورنىغا دەسسىتىش يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، كارخانىلارنىڭ تەۋەلىك مۇناسىۋىتىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر ئۇلار مەركەز بىلەن ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق جايغا باج تاپشۇرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن كارخانىلارنىڭ مالىيە جەھەتتىن دۆلەت ئالدىدا ئۆتەشكە تېگىشلىك مەجبۇرىيىتى تېخىمۇ ئايدىڭلىشىدۇ. ھەمدە ھەر تەرەپلىمە مەمۇرى ئارىلىشىشلارنى ئازايتىپ ھۆكۈمەت بىلەن كارخانىلارنى ئايرىش ئۈچۈن پايدىلىق شەرت - شارائىت ھازىرلىغىلى بولىدۇ.

دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ ھەققى تۈردە نىسبىي مۇستەقىللىققا ئىگە بولۇپ، پايدا زىيانغا ئۆزلىرىنىڭ مەسئۇل - بولۇشى ماھىيەتتە مۈلۈكچىلىك ھوقۇقى بىلەن باشقۇرۇش ھوقۇقىنىڭ مۇۋاپىق دەرىجىدە ئايرىۋېتىلگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنداق ئايرىش سوتسىيالىزم باسقۇچىدا دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، قوللىنىشقا

تېگىشلىك بىر خىل ئىگىلىك باشقۇرۇش شەكلى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. يېقىندا گوۋۇيۈەن ھازىرقى ئەمەلىي ئېھتىياجغا ۋە ئىمكانىيەتكە ئاساسەن دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولۇش ھوقۇقىنى تېخىمۇ كېڭەيتىش توغرىسىدا ۋاقىتلىق بەلگىلىمە ئېلان قىلدى. مۇشۇ بەلگىلىمىگە ئاساسەن كارخانىلارنى ئۆزلىرىنىڭ ئادەم كۈچى، ماددىي كۈچ ۋە مالىيە كۈچىگە، تەمىنلەش، ئىشلەپچىقىرىش، سېتىش ئىشلىرىغا نىسبەتەن ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولۇش ھوقۇقىنى تېخىمۇ كېڭەيتىشىمىز ۋە ئۇنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشىمىز لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا ئاندىن، كارخانىلارنى جانلىق ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي مەسئۇلىيىتى، ئىقتىسادىي ھوقۇقى، ئىقتىسادىي مەنپەئەتىنى زىچ بىرلەشتۈرۈپ، كەڭ ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغاپ ئۇلارنى كارخانىلارنى ياخشى باشقۇرۇشقا كۆڭۈل بۆلىدىغان قىلغىلى بولىدۇ.

2. ئىشچى - خىزمەتچىلەر بىلەن كارخانا ئوتتۇرىسىدا توغرا تەقسىمات مۇناسىۋىتىنى ئورنىتىش. «قارار»دا «شەھەرلەردىكى ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىدا، ئىشچى - خىزمەتچىلەر بىلەن كارخانىلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى توغرا ھەل قىلىپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئۆزىنى ئۆز ئىشىغا خوجا قىلىش، ھەر بىر ئەمگەكچىنى ئۆز ئورنىدا خوجايىنلىق سۈپىتى بىلەن ئىشلەيدىغان قىلىش. ھەممە كىشىنى كارخانىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇشىغا كۆڭۈل بۆلىدىغان، كارخانىنىڭ ئۈنۈمدارلىقىغا ئەھمىيەت بېرىدىغان قىلىش، ھەممە كىشىنىڭ خىزمەت نەتىجىسىنى ئۇنىڭ ئىجتىمائىي شۆھرىتىنى ۋە ماددىي مەنپەئەتى بىلەن چىڭ باغلاش مەقسىتىدىكە ھەقىقىي تۈردە يېتىش لازىم.» دەپ كۆرسىتىلدى. بىز سوتسىيالىزمنىڭ ماددىي مەنپەئەت پرىنسىپىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى ماددىي مەنپەئەت جەھەتتە كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىغا كۆڭۈل بۆلىدىغان، دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا كۆڭۈل بۆلىدىغان، ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ شەخسىي مەنپەئەتىنى كوللېكتىپ مەنپەئەت، دۆلەت مەنپەئەتى بىلەن، كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەتنى يىراق كەلگۈسى مەنپەئەتى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈش تەرەپكە يېتەكلىشى لازىم. پايدا تاپشۇرۇشنى باج تاپشۇرۇشقا ئۆزگەرتىپ، دۆلەت بىلەن كارخانىلار ئوتتۇرىسىدىكى تەقسىمات مۇناسىۋىتىنى ئوبدان بىر تەرەپ قىلغاندا، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئوتتۇرىسىدىكى تەقسىمات مۇناسىۋىتىنى توغرا ھەل قىلىش ئۈچۈنمۇ ئالدىنقى شەرتنى ھازىرلىغىلى بولىدۇ. لېكىن، سوتسىيالىزمنىڭ ئەمگىكىگە قاراپ تەقسىم قىلىش پرىنسىپىنى ھەر بىر ئىشچى - خىزمەتچىگە كونكرېت ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن يەنىلا كارخانىلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئىقتىسادىي مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ۋە بۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدىكى ئىش ھەققى تۈزۈمى، مۇكاپاتلاش، جازالاش تۈزۈملىرىنى ئورنىتىش بىلەن مۇكەممەللەشتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. يېقىنقى بىر قانچە يىلدىن بۇيان ھەر قايسى جايلار ۋە بىر قىسىم كارخانىلار ئىش ھەققى تۈزۈمى ۋە مۇكاپات تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش جەھەتتە ياخشى تەجرىبىلەرنى ياراتتى. ئۇلار ئوخشاش بولمىغان كارخانا ۋە كەسىپلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن

ئايرىم - ئايرىم ھالدا نومۇرغا قاراپ مۇكاپات بېرىش، ئىش بېشىغا قاراپ ئىش ھەققى بېرىش، لەيلىمە ئىش ھەققى ياكى ۋەزىپە ئىش ھەققى قاتارلىق ھەر خىل ئىش ھەققى شەكىللىرىنى قوللىنىپ، بۇرۇنقى «ئۆلۈك» ئىش ھەققىنى «تىرىك» ئىش ھەققىگە ئايلاندۇرۇپ، ھەر بىر ئادەمنىڭ مەسئۇلىيىتى ۋە ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاش ئەھۋالىنى ئىش ھەققى بىلەن باغلاپ، ئۆستۈرۈش بىلەن چۈشۈرۈشنى. مۇكاپاتلاش بىلەن جازالاشنى ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈپ، كۆپ ئىشلىگەنلەر كۆپ ئېلىش، ئاز ئىشلىگەنلەر ئاز ئېلىش. ئىشلىمىگەنلەر چىشلىمەسلىك پىرىنسىپىنى ھەققىي تۈردە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ كارخانىنىڭ «چوڭ قازاننىڭ ئېشى»نى يېيىشكە ئوخشاش تەڭ تەقسىماتچىلىق مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنىڭ ياخشى چارىسىنى تاپتى. بۇ تەجرىبىلەر ھەر قايسى جايلارنىڭ ئۆگىنىشىگە ئەرزىيدۇ. بىز سوتسىيالىزىمنىڭ ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىش پىرىنسىپىنى كونكىرېتنى ھالدا ھەر بىر ئىشچى - خىزمەتچىگە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مۇكاپاتلاش - جازالاش تۈزۈملىرىنى ئورنىتىشىمىز ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشىمىز لازىم. ئىشچى - خىزمەتچىلەر سوتسىيالىستىك كارخانىلىرىمىزنىڭ خوجايىنى. بۇ سوتسىيالىستىك كارخانا باشقۇرۇشنى كاپىتالىستىك كارخانا باشقۇرۇشتىن ئايرىپ تۇرىدىغان ماھىيەتلىك پەرق. يولداش دېڭ شياۋپىڭ: «ئاما - كۈچ قۇۋۋىتىمىزنىڭ مەنبەسى، ئاممىۋى لۇشيەن بىلەن ئاممىۋى كۆز قاراش بىزنىڭ تەۋەررۈكىمىز.» دەيدۇ.① سوتسىيالىستىك كارخانىلارنىڭ مەسئۇلىيىتى ۋە ئۇنى باشقۇرۇش ۋەزىپىسى - يالغۇز جىڭلىنىڭلا ئىشى ئەمەس، بەلكى بارلىق ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئورتاق ئىشى. شۇڭلاشقا زاۋۇت باشلىقى مەسئۇل بولۇش تۈزۈمىنى يولغا قويۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىشچى - خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى ۋە ھەر خىل دېموكراتىك باشقۇرۇش تۈزۈملىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرىنىڭ ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەر ۋەكىللىرىنىڭ كارخانىلارنىڭ چوڭ - چوڭ تەدبىرلىرىنى قاراپ چىقىش، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداش قاتارلىق جەھەتلەردىكى ھوقۇقىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولۇش ھوقۇقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش لازىم. بۇنداق قىلىشنى سوتسىيالىستىك كارخانىلارنىڭ خاراكتېرى بەلگىلىگەن بولۇپ، شەھەرلەردىكى ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىدا سەل قاراشقا بولمايدىغان مۇھىم، پىرىنسىپلىق مەسىلە.

3. كارخانىلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا ھەر خىل شەكىلدىكى ئىقتىسادىي مەسئۇلىيەت تۈزۈملىرىنى ئورنىتىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش.

لېنىن: باشقۇرۇشنىڭ ئاساسى پىرىنسىپى — «مۇئەييەن ئادەم باشقۇرىۋاتقان مۇئەييەن خىزمەتكە تامامەن مەسئۇل بولۇشتىن ئىبارەت.»② دەپ كۆرسەتكەن ئىدى. نۆۋەتتە ئېلىمىز بېرىلىۋاتقان شەھەرلەرنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىدا، دۆلەت بىلەن كارخا-

① «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» 562 - بەت.

② «لېنىن ئەسەرلىرى» خەنزۇچە نەشرى 36 - توم 554 - بەت.

نىلارنىڭ ئىقتىسادىي مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلغاندىن كېيىن، ھەر قايسى كارخانىلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا تۈرلۈك شەكىلدىكى ئىقتىسادىي مەسئۇلىيەت تۈزۈملىرىنى ئورنىتىپ، مەسئۇلىيەت، ھوقۇق، مەنپەئەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، تەقسىمات جەھەتتىكى تەڭ تەقسىماتچىلىقنى بۇزۇپ تاشلاش ئىنتايىن زۆرۈر بولىدۇ. چۈنكى ئىلگىركى ئىقتىسادىي تۈزۈلمىدە ھوقۇقنى ھەددىدىن ئارتۇق مەركەزلەشتۈرۈش، باشقۇرۇش جەھەتتە بەك ئۆلۈك قىلىۋېتىشكە ئوخشاش ئىللەتلەر ئېغىر ساقلانغانلىقى ئۈچۈن، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مەسئۇلىيىتى، ھوقۇقى ۋە مەنپەئەتى ئوبدان بىرلەشتۈرۈلمىگەن. بۇنىڭ بىلەن ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ سوتسىيالىستىك ئاكتىپلىقى، تەشەببۇسكارلىقى ۋە ئىجاتچانلىقىنى قوزغاشقا ئېغىر ھالدا تەسىر يەتكەن.

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، يېزا ئىگىلىكى، سودا سانائەت ئورۇنلىرىدا يولغا قويۇلغان ئىقتىسادىي مەسئۇلىيەت تۈزۈمى، بولۇپمۇ يېزا ئىگىلىكىدە تۈرلۈك شەكىلدىكى ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنىڭ يولغا قويۇلۇشى دۆلەت، كوللېكتىپ ۋە ئەمگەكچىلەرنىڭ ئىقتىسادىي مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشنى ئۈنۈملۈك تەجرىبىلەر بىلەن تەمىنلەپلا قالماستىن، شەھەر كارخانىلىرىدا سوتسىيالىزىمنىڭ ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىش پىرىنسىپىنى ياخشى ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن ئىقتىسادىي مەسئۇلىيەت تۈزۈملىرىنى ئورنىتىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشنىڭ زۆرۈرلۈكىنىمۇ كۆرسىتىپ بەردى. كارخانىلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا تۈرلۈك شەكىلدىكى ئىقتىسادىي مەسئۇلىيەت تۈزۈملىرى ئورنىتىلمىسا، ئىسلاھات تەدبىرلىرىنىڭ ھەر قاندىقىنىڭ تېگىشلىك ئۈنۈم بەرمەيدىغانلىقى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئاكتىپلىقى ۋە ئىجاتچانلىقىنى قوزغىغىلى بولمايدىغانلىقى ئەمەلىيەت ئارقىلىق ئىسپاتلاندى. شۇڭا شەھەر كارخانىلىرى خۇددى «قارار»دا كۆرسىتىلگەندەك: ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى بولۇپمۇ كەسىپلەرنىڭ خاراكتېرى، كارخانىلارنىڭ كۆلىمى ۋە ئىشلەپچىقىرىش شارائىتلىرىغا ئاساسەن ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ، ئەمەلىيەت جەريانىدا ئۆزلىرىنىڭ ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان ئىقتىسادىي مەسئۇلىيەت تۈزۈملىرىنى ئورنىتىش لازىم. يېزىلاردا كۆتىرە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇش ئىشىنىڭ ئاساسى تەجرىبىلىرى شەھەرلەرگىمۇ ئۇيغۇن كېلىدۇ. لېكىن شۇنى كۆرۈشىمىز كېرەككى، شەھەرلەردىكى كارخانىلارنىڭ ئەھۋالىنى يېزىلار بىلەن سېلىشتۇرغاندا، شەھەرلەرنىڭ ئەھۋالى بىر قەدەر مۇرەككەپ بولۇپ چېتىشلىق دائىرىسى بىر قەدەر كەڭ، ئۇنىڭ ئۈستىگە مولوكچىلىك، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئىجتىمائىيلىشىش دەرىجىسى ۋە تەقسىمات شەكلى قاتارلىقلار يېزىلارغا ئانچە ئوخشىمايدۇ. شۇڭا، يېزىلاردا يولغا قويۇلۇۋاتقان كۆتىرە بېرىشنى ئاساس قىلغان تۈرلۈك شەكىلدىكى ئىقتىسادىي مەسئۇلىيەت تۈزۈملىرىنىڭ كونكرېت ئۇسۇلىنى شەھەرلەرگە شۇ پېتىچىلا كۆچۈرۈپ كېلىشكە بولمايدۇ، بۇنىڭدىن باشقا شەھەرلەردىكى كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمى ۋە ئىشلەپچىقىرىش شەرت - شارائىتلىرى قاتارلىق ئەھۋاللار ئانچە ئوخشىشىپ كەتمىگەچكە،

ئوخشاش بىر خىل ئەندىزىنى قوللىنىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا، ھەر بىر كارخانا ئۆز-لىرىنىڭ ئەمەلى ئەھۋالىنى ئاساس قىلغان ھالدا، ئۆز ئەھۋالىغا مۇۋاپىق كېلىدىغان ئىقتىسادىي مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئورنىتىشى لازىم.

شەھەرلەرنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسى بىر قەدەر مۇرەككەپ، چېتىشلىق دائىرىسى بىر قەدەر كەڭ، ھەمدە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ جانجان مەنپەئەتىگە ئالاقىدار بولغان ئىنتايىن مۇھىم بىر مەسىلە. بىز پارتىيە 12 - نۆۋەتلىك 3 - ئومۇمىي يىغىنى كۆرسەت-كەن يۆنىلىشنى بويلاپ ئىدىيىدە يەنىمۇ ئازات بولۇپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزلەپ، ھەمدە ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىپ، ئىسلاھ قىلىشقا جۈرئەت قىلىپ، پۇختا قەدەم بىلەن ئالغا باسىدىغانلا بولساق، چوقۇم شەھەر ئىقتىسادىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان كونكرېت يول ۋە كونكرېتنى شەكىلنى تېپىپ چىقىپ، بۇ قېتىمقى شەھەرلەرنى مۇھىم نۇقتا قىلغان پۈتكۈل ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرەلەيمىز.

# ئىستېتىكىنىڭ تەبىئىي پەنلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى توغرىسىدا دەسلەپكى ئىزدىنىش

**مەمتىلى دانى**

ئىستېتىكا پەلسەپىنى ئۆزىگە گەۋدە قىلىپ تۇرۇپ، سەنئەت ئىلمىغا يۈزلەنمۇاتقان بىر پەن. ئۇنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى ئەسلى گۈزەللىك ۋە سەنئەت گۈزەللىكلىرىنىڭ ھەممىدە ئىنسانلارنىڭ ئىستېتىكىلىق بىلىشلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى، شۇنداقلا گۈزەللىك قانۇنىيىتى بويىچە (رېئاللىقنىڭ كىشىلەر مېڭىسىدىكى ئىستېتىكىلىق ئىنكاسىنىڭ ئالاھىدە شەكلى بولغان سەنئەتنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ئىجادىيەت ئېلىپ بېرىشنىڭ بەدىئىي پرىنسىپلىرىدىن ئىبارەت. شۇڭا ئۇ پەلسەپە ۋە سەنئەت ئىلمى بىلەن، شۇنداقلا پسىخولوگىيە، ئېتىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت تارىخى، تىلشۇناسلىق قاتارلىق باشقا ئىجتىمائىي پەنلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپلا قالماستىن، بەلكى تەبىئىي پەنلەرنىڭ ھەر قايسى تارماقلىرى بىلەنمۇ زىچ مۇناسىۋەتلىك.

بىز ئىستېتىكا تارىخىنى ئىنچىكىلەپ كۆزەتسىدىغان بولساق، ئاز بولمىغان ئىستېتىكلار ۋە تەبىئىي پەن ئالىملىرىنىڭ گۈزەللىكنى تەبىئىي پەن ئالىملىرى بىلەن مۇناسىۋەتلەشتۈرۈپ قارىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز.

«قەدىمقى گرېتسىيە رىم پەلسەپىسى» دە «بارلىق ئىسترولۇق شەكىللەر ئىچىدە شار شەكلى ئەڭ گۈزەل بولىدۇ. تەكشىلىكتىكى بارلىق شەكىللەر ئىچىدە يۇمىلاق شەكىل ئەڭ گۈزەل بولىدۇ» دەپ يېزىلغان. پىفاگور گەرچە مىقدار ۋە مىقدار مۇناسىۋەتلىرىنى تولىمۇ مۇتلەقلەشتۈرۈۋېتىپ، ماتېماتىكىلىق ئوبيېكتىپ ئىدېئالىزىملىق كۆز قاراشنى پەيدا قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ گۈزەللىك ۋە مۇزىكا ھەققىدىكى قاراشلىرىنى مىقدار مۇناسىۋەتلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ مۇزىكىنى ئاڭلاش تۇيغۇسى نۇقتىسىنەزىرىدىن ئەمەس، فىزىكىلىق ئاكۇستىكا نۇقتىسىنەزىرىدىن تەتقىق قىلدى.

ئەينى ۋاقىتتا پىفاگورنىڭ تەسىرى چوڭ بولۇپ، پىفاگور ئىدىيىۋى ئېقىمى شەكىللەنگەن. بۇ ئېقىمدىكى ماتېماتىكلار، فىزىكلار ۋە ئاسترونوملار مىڭلىغان، ئونمىڭلىغان ماددىلاردىكى ئەڭ ئاساسىي ئامىل سان ئىكەنلىكىنى، شۇڭا سانلار پرىنسىپى گۈزەللىك پرىنسىپى ئىكەنلىكىنى، ئۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا گۈزەللىك - ماتېماتىكىلىق

گارمونىيە ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقان. ئۇلار بۇ نۇقتىنى ئاساسلىقى مۇزىكا تەتقىقاتى ئارقىلىق ئىسپاتلىغان. ئۇلار مۇزىكىدىكى گارمونىيىلىك يۇقىرى - تۆۋەن، ئۇزۇن - قىسقا ۋە كۈچلۈك - كۈچسىز دىگەندەك خىلمۇ - خىل ئوخشىمىغان ئاھاڭلارنىڭ بەلگىلىك سانلىق مىقدارلار نىسبىتىدىكى قوشۇلۇشىدىن ئىبارەت. شۇڭا مۇزىكا قارىمۇ - قارشى ئامىللارنىڭ گارمونىك بىرلىكىدۇر. سانسىزلىغان ئاھاڭ تەركىپلىرى مۇزىكا تەلىۋىدە قوشۇلۇپ، بەلگىلىك سانلىق مىقدارلار نىسبەتلىرىنىڭ ئارىلاشما بىرلىكى ئاساسىدا سان گارمونىيىنى ھاسىل قىلىدۇ. مانا بۇ خىل سان گارمونىيىسى مۇزىكىنىڭ گۈزەللىكىدىن ئىبارەت، دەپ قاراشقان. ئۇلار پىرىنسىپنى بىناكارلىق، ئويمىچىلىق قاتارلىق باشقا سەنئەتلەرگە، ھەتتا ئاسترونومىيە ۋە بىئولوگىيە تەتقىقاتىغىچە تەدبىق قىلغان. ئۇلار „ئاسمان جىسىملىرىدا ئەڭ گۈزەل نەرسە شار شەكلىدىن ئىبارەت"، „پىلانېتلارنىڭ ھەركىتى گارمونىك بولىدۇ، گويا „لىرىك ناخشا"غا ئوخشايدۇ. ئادەم بەدىنىنىڭ تۈزۈلۈشىمۇ گارمونىك بولىدۇ. ئۇ گويا „تۆگىمەس مۇزىكا"غا، „كىچىك دۇنيا"غا ئوخشايدۇ" دېيىشكەن.

گراكلىت پىغا گوردىن بىر قەدەم ئىلگىرلىگەن ھالدا، قارىمۇ - قارشى تەرەپلەرنىڭ ئوخشىمىغان جەھەتلەردە گۈزەللىك پەيدا قىلىدىغانلىقىنى، قارىمۇ - قارشى نەرسىدىن گارمونىيە ھاسىل بولىدىغانلىقىنى، ئوخشىمىغان ئاۋازلاردىن ئەڭ گۈزەل گارمونىك ئاۋاز ھاسىل بولىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

دېموكرىت „جىسىملار ئاتومدىن تەشكىل تاپقان، ئاتوم بۆلۈنمەس ئەڭ ئاخىرقى زەررە بولۇپ،① ئۇ مەڭگۈ ھەركەت قىلىپ تۇرىدۇ". „روھمۇ ئاتومدىن تەشكىل تاپقان" دېدى ۋە „گۈزەللىكنىڭ خۇسۇسىيىتى رەتلىك بولۇش، تەكشى بولۇش، ھەر قايسى قىسىملىرى گارمونىك بولۇش ۋە توغرا ئۆلچەملىك سانلىق مۇناسىۋەتتە بولۇشتۇر" دەپ ئوتتۇرىغا قويدى.

ئاگۇستىن „ئالەمنى تەڭرى ماتېماتىكىلىق پىرىنسىپ ئاساسىدا ياراتقان. ئۇ سانلىق بىردەكلىك، مۇناسىپلىق ۋە رەت تەرتىپتە ئىپادىلىنىدۇ. سان رەت تەرتىپ بىلەن، بىردەكلىك بىلەن ۋە گۈزەللىك بىلەن تۇتىشىدۇ"، „ئەقىل كۆزى ئاسمانغا ياكى زېمىنغا نەزەر تاشلىغىنىدا گۈزەللىكنى كۆرىدۇ، گۈزەللىكتە شەكىلنى كۆرىدۇ شەكىلدە ئۆلچەمنى كۆرىدۇ، ئۆلچەمدە ساننى كۆرىدۇ" دېدى. ئۇ يەنە „جىسىمدىكى گۈزەللىك ھەرقايسى قىسىملارنىڭ مۇۋاپىق نىسبەتتە بولۇشى ۋە كۆزگە چىلىقىدىغان رەڭدارلىقىدىن ئىبارەت" دەپ ئوتتۇرىغا قويدى.

بەزى ماتېماتىكلار ماتېماتىكىلىق گارمونىك ئالەمنىڭ ياكى ئاتومنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە گۈزەللىكى بولۇپ قالماستىن، بەلكى ھاياتلىقنىڭمۇ، ئادەمنىڭمۇ ئالاھىدىلىكى ھېساپلىنىدۇ، دەپ قاراشتى.

ئاتاقلىق نېمىس ئالىم گالىن ئۆزىنىڭ تىببىي كىتاۋىدا „بەدەننىڭ ساغلاملىقى ئۆنەگىدىكى

---

① بۇ ئەينى ۋاقىتتىكى چۈشەنچە.

ئىسسىقلىق بىلەن سوغۇقلۇقنىڭ، قۇرغاقلىق بىلەن ھۆللۈكنىڭ نىسبەتلىك تەڭپۇڭلىقىدىن بولىدۇ. بەدەننىڭ گۈزەللىكى بولسا ھەرقايسى قىسىملار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىپلىقتىن بولىدۇ. مەسىلەن، ھەرقايسى بارماقلار ئوتتۇرىسىدا، بارماقلار بىلەن بېغىش ئوتتۇرىسىدا، بېغىش بىلەن جەينەك ئوتتۇرىسىدا...... ئىشقىلىپ بەدەننىڭ ھەرقايسى قىسىملىرى ئوتتۇرىسىدا مۇۋاپىق ھالدىكى نىسبەت بولىدۇ„ دەپ يازدى. ھەمدە ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ كىتاۋىدا ئادەم بەدىنىدىكى ھەرقايسى قىسىملارنىڭ نىسبەت مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ھەممىسى دىگىدەك مىسال ئېلىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ بۇ تەلىماتىنى ئىسپاتلىدى. ئاتاقلىق رەسسام داۋىنچى ئادەمنىڭ بەش ئەزاسىنىڭ ئۆز ئارا ئارىلىقى ۋە چوڭ كىچىكلىكىنى تەتقىق قىلغاندىن كېيىن، قۇلاقنىڭ ئۇزۇنلۇقى بۇرۇننىڭ ئۇزۇنلۇقىغا تەڭ بولۇشى، ئىككى كۆزنىڭ ئارىلىقى شۇ كۆزلەردىن بىرىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكىگە (كۆزنىڭ ئۇزۇنلۇقىغا) باراۋەر بولۇشى كېرەك. ئەگەر يۇقۇرقىدەك بولمىسا ياكى بۇرۇن بىلەن ئېغىزنىڭ ئارىلىقى بەك يېقىن، بەك يىراق بولۇپ كەتسە بۇنداق كىشى چىرايلىق ھىساپلانمايدۇ دەپ قارىدى. ئۇ يەنە ئادەم بەدىنىنىڭ ئۆلچەملىك قۇرۇلۇشى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، „بىر كىشى ئىككى پۇتىنى ئۆز ئېگىزلىكىنىڭ $\frac{1}{14}$ قىسمى پەسلىگىدەك دەرىجىدە كېرىپ، ئىككى قولىنىڭ ئوتتۇرا بارماقلىرىنى بېشى بىلەن تەڭ ئېگىزلىكتە كۆتەرگەندە كىندىك دەل ھەرقايسى پۇت-قوللارنىڭ سىرتىدىن ھاسىل قىلىنغان چەمبەرنىڭ مەركىزى نۇقتىسى بولىدۇ. ئىككى پۇت ئارىلىقىدىكى بوشلۇقتا بولسا بىر تەڭ تەرەپلىك ئۈچبۇلۇڭ ھاسىل بولىدۇ„ دىدى.

يەنە بەزى رەسساملار بەدەن قۇرۇلۇشى جەھەتتە كېلىشكەن ئادەملەرنىڭ بەدىنىنىڭ يۇقۇرى قىسمى بىلەن تۆۋەن قىسمىنىڭ نىسبىتى ئۈستىدە توختۇلۇپ، „ئەگەر بىر ئادەمنىڭ بويىنىڭ ئېگىزلىكى بىر مېتىر 61·8 سانتىمېتىر بولسا، كىندىكنى بۆلۈش نۇقتىسى قىلغاندا، بەدىنىنىڭ يۇقۇرى قىسمى 61·8 سانتىمېتىر تۆۋەن قىسمى بولسا بىر مېتىر بولۇشى كېرەك.„ دەپ ئوتتۇرىغا قويۇشتى.

تېببى ئالىم گالىن، ئاتاقلىق رەسسام داۋىنچى ۋە باشقىلارنىڭ يۇقۇرقى قاراشلىرى ماتېماتىكىدىكى „ئالتۇن بۆلۈش„ ئۇسۇلىنى تەدبىق قىلىش ئاساسىغا قۇرۇلغان. بۇ ئۇسۇل ياۋرۇپا ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرىدىلا كىشىلەر تەرىپىدىن سېزىلگەن. شۇ دەۋردە ئۆتكەن پاچارى ئىسىملىك بىر نەزىرىيىچى چىرايلىق كۆرۈنگەن تۇرمۇش بۇيۇملىرىنىڭ ھەممىسى „ئالتۇن بۆلۈش„ نىسبىتى بويىچە ياسالغان بولىدۇ دەپ كۆرسەتكەن.

نىسبىي مۇناسىپلىق گۈزەللىك ئوبرازىنىڭ مۇھىم شەرتلىرىدىن بىرى. بىز ئادەتتە بىرەر كىشىنىڭ چىرايى شەكلىدە، تەقى تۇرقىغا باھا بەرگەندە ئالدى بىلەن شۇ كىشىنىڭ بەش ئەزاسىنىڭ راۋۇرۇسلىقىغا قارايمىز. بۇ يەردە ئەلۋەتتە بەش ئەزا ئوتتۇرىسىدىكى نىسبىي مۇۋاپىقلىقىمۇ كۆزدە تۇتۇلىدۇ. شۇڭا كېيىنكى نۇرغۇن تېببىي ئالىملار ۋە ئىستېتىكلارمۇ بەدەن قۇرۇلۇشىنىڭ گۈزەللىكىنى بەدەننىڭ ھەرقايسى قىسىملىرى

ئوتتۇرىسىدىكى نىسبەتلىك ماسلىشىش مۇناسىۋىتىدىن ئىزدىدى ۋە ئۇنىڭغا «ئالتۇن بۆلۈش» ئۇسۇلىنى تەدبىق قىلدى.

يۇقۇرقىلاردىن باشقا يەنە گېرمانىيىلىك ئاسترونوم ۋە مۇزىكانت كەيپۇل «ماتېماتىكىدا بۇ دۇنيا گۈزەللىكىنىڭ ئەندازىسىدۇر» دىدى ۋە ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ھەركەت قانۇنىيىتىگە تەقلىت قىلىپ بىر مۇزىكا ئىشلەپ چىقتى.

ئاتاقلىق مېخانىك فىرو ئۆزىنىڭ «مېخانىكا» ناملىق كىتاۋىدا „سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭ ۋۇجۇتقا چىقىشى نۇرغۇنلىغان سانلىق مۇناسىۋەتلەرگە تايىنىدۇ، بەلكى ھەر بىر دىتال تولىمۇ ئەھمىيەتلىك بولىدۇ“ دەپ يازغان.

جۇڭگودىكى ئاتاقلىق ئەرباپلاردىن شۈنزى ئۆزىنىڭ „پاراغەتلىك دۆلەت ھەققىدە قىسسە“ سىدە „سانسىزلىغان شەيئىلەر بۇ ئالەمدىن يارىتىلىشىپ كېتىدۇ. لېكىن بىر نەرسە يەنىلا ئىنسانلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ تۇرىدۇ. ئۇ بولسىمۇ ساندۇر“ دىدى. جۇاڭزىمۇ «نىزامۇل پەلەك» ناملىق ئەسىرىدە سانلىق نىسبەتلىك گۈزەللىك ئىدىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

مۇشۇ ئەسىردىكى مەشھۇر فىزىكا نەزىرىيىچىسى خۇراك بۇ ھەقتە يىڭىچە قاراشنى ئوتتۇرىغا قويدى. گۈزەللىك بىلەن ھەقىقەتلىكنىڭ مۇقەررەر بىرلىكى ئۇنىڭ ئىلمى قاراشنىڭ يادروسى بولۇپ، ئۇ ئەگەر بىرەر نەزىرىيە گۈزەل بولمىسا، مەسىلەن، بىرەر فىزىكىلىق تەڭلىمە ماتېماتىكىلىق گۈزەللىككە ئىگە بولمىسا، ئۇ ھالدا بۇ تەڭلىمىنىڭ توغرىلىقىدىن گۇمانلىنىشقا بولىدۇ. شۇڭا ماتېماتىكىلىق گۈزەللىك ئۇنىڭ تەجرىبە بىلەن بولىدىغان مۇۋاپىقلىقىدىن تېخىمۇ مۇھىم، دەپ ھىساپلىدى.

دىمەك، جۇڭگو ۋە چەتئەللەردىكى نۇرغۇنلىغان ئىستېتىكلار ۋە تەبىئى پەن ئالىملىرى ئۆز كۆز قاراشلىرىنىڭ مەيلى تامامەن ياكى قىسمەن توغرى بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، گۈزەللىكنىڭ ئامىللىرى مەسىلىسى ئۈستىدە يىڭىچە كۆزىتىش ئېلىپ بېرىپ، بىزنىڭ ئىستېتىكا ئىلمىنىڭ تەبىئى پەن ئىلىملىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلىشىمىزنى بەلگىلىك ئاساسلار بىلەن تەمىن ئەتتى.

ئىستېتىكا ئۆزى ئىجتىمائى پەن تۇرسا، نىمە ئۈچۈن ئۇنى تەبىئى پەنلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەيمىز.

بىرىنچى، بىز ئادەتتە پەلسەپىنى پەنلەرنىڭ «شاھى» دەپ قارايمىز. بۇنداق دىيىشىمىزنىڭ بەلگىلىك تارىخى سەۋەپلىرى بار. قەدىمقى زامانلاردا پەنلەر تۈرلەرگە بۆلۈنمىگەن. ئەكسىچە، ھەممىسى بىر تۇتاش ھالدا پەلسەپە دائىرىسىگە كىرگۈزۈۋېتىلگەن. ئەينى ۋاقىتتا مۇشۇنداق قىلىش كۆچلۈك ئىلمىلىككە ئىگە ئىدى. چۈنكى كىشىلەر تۇرلۇك تۈمەن بىلىملەر ۋە قائىدە - قانۇنلارنى «پەلسەپە» ئۇقۇمى ئاساسىغا يىغىنچاقلىمىيالىغان ھەمدە بۇ بىلىملەر ۋە قائىدە - قانۇنلارنىڭ تۈپ ماھىيەت جەھەتتە پەلسەپە دائىرىسىدىن ھالقىپ چىقىپ كېتەلمەيدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇلار

تەبىئەت دۇنياسىنى ئىنچىكىلەپ تەھلىل قىلىشقا، ئۇنىڭ ماھىيىتىنى چوڭقۇر تونۇپ يېتىشكە تېخى ئۈلگىرەلمىگەن. گەرچە ئوبيېكتىپ ئومۇمى باغلىنىشلارغا نىسبەتەن ئۇلاردا بەلگىلىك دەرىجىدىكى توغرا قاراش شەكىللەنگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى ھەر قايسى سېستىمىلار بويىچە تەتقىق قىلىشقا ئامالسىز قالغان. 16 - ئەسىرلەرگە كەلگەندە كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تېخنىكا ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن، تەتقىقاتلار كۆچىيىپ، پەنلەر بۆلۈنۈشكە باشلىغان ھەمدە ھەر قايسى پەنلەر پەلسەپىنىڭ بىر تۇتاشلىقى تەركىۋىدىن ئايرىلىپ چىققان. دېمەك، ھەر قايسى پەنلەرنىڭ بىر تۈپ يىلتىزغا ۋە بىر ئاساسى غولغا ئىگە ئىكەنلىكى ئېنىق ئىكەن، ئۇ ھالدا، بۇ يىلتىزدىن ۋە غولدىن بۆلۈنۈپ چىققان ھەر قايسى پەنلەرنىڭ بىر - بىرى بىلەن بولغان ئۆزئارا مۇناسىۋىتىنى چۈشىنىۋېلىش قىيىن ئەمەس.

ئىككىنچى، «پەلسەپە»نىڭ ھازىرقى ئىستىمال مەنىسى قېدىمقى ئۇقۇمىدىن زور دەرىجىدە تارايغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەنىلا تۈپلۈك پەلسەپىۋى ماھىيەتلەرنى ساقلاپ كەلمەكتە. ئۇنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى ئالدى بىلەن تەبىئەت، ئاندىن تەبىئەتنىڭ داۋامى بولغان جەمئىيەت، ئاندىن جەمئىيەتنىڭ مەسئۇلى بولغان تەپەككۇر پائالىيەتلىرىدىن ئىبارەت. ئىستېتىكا بولسا پەلسەپىنىڭ (ھازىرقى مەنىدىكى) تەركىۋى قىسمى. شۇڭا ئىستېتىكا ئىلمىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتىمۇ ئالدى بىلەن تەبىئەت دۇنياسىدىكى ئەسلى گۈزەللىكلەر ئاندىن ئىنسانلارنىڭ تەبىئى گۈزەللىك ئۈلگىلىرىدىن ئەندىزە ئېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ھاياتلىق پائالىيەتلىرى داۋامىدا ياراتقان ئىجادى گۈزەللىكلەر، يەنى سەنئەت گۈزەللىكى ھەمدە ئەخلاقى گۈزەللىك، سۆز - ھەرىكەت گۈزەللىكى قاتارلىق تۈرلۈك مەنىۋى گۈزەللىكلەر؛ ئاندىن ئىنسانلارنىڭ روھى دۇنياسىدىكى پىسخىك گۈزەللىك ۋە ئۇلارنىڭ تەپەككۇر پائالىيىتىدىكى تۈرلۈك گۈزەللىك ئامىللىرىدىن ئىبارەت.

پەلسەپە ھازىر گەرچە ئىجتىمائى پەن بولسىمۇ، لېكىن باشقا ئىجتىمائى پەنلەرگە سېلىشتۇرغاندا، ئۇنىڭ تەبىئى پەنلىك خاراكتېرى يەنىلا كۈچلۈك. ئۇ ھالدا پەلسەپە ئىلمىغا تەئەللۇق بولغان ئىستېتىكىنىمۇ تەبىئى پەن ئامىللىرىغا ئىگە دەپ قاراشقا بولىدۇ. بۇ خىل قاراش ئىستېتىكىدىكى ئەسلى گۈزەللىك پىرىنسىپىنىمۇ ۋە ماركسىزملىق ئىستېتىكا نەزەرىيىسىگىمۇ ئۇيغۇن كېلىدۇ.

ئۈچىنچى، ھەر قايسى پەنلەرنىڭ ھەم بۆلۈنۈش ھەم قوشۇلۇشتىن ئىبارەت ئىككى قۇتۇپقا يۈزلىنىشى ھازىرقى زامان ئىلىم - پەن تەرەققىياتىنىڭ ئاساسى ئېقىمىغا ئايلىنىپ قالدى. ئومۇمى پەنلەر ئەڭ دەسلەپتە تەبىئى پەن ۋە ئىجتىمائى پەن دېگەن ئىككى چوڭ تۈرگىلا بۆلۈنگەن. كېيىن ئىنسانلارنىڭ تەپەككۇرى ۋە روھى پائالىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان پەنلەرنىڭ چوڭ تۈرى شەكىللەندى. يېقىنقى ۋاقىتلاردا ئۇنۋېرسال پەنلەر دېگەن يەنە بىر چوڭ تۈر قوشۇلدى. بۇنىڭلىق بىلەن قالماي، يەنە ھەر قايسى چوڭ تۈرلەر تەركىۋىدىكى تارماق پەنلەرمۇ تەتقىقاتنىڭ چوڭقۇرلىشىشى، تەتقىقات

ئوبيېكتىنىڭ پەرقلىنىشىگە قاراپ ئۆز ئىچىدىن بۆلۈنىپ، نۇرغۇن يېڭى پەنلەرنى بارلىققا كەلتۈردى. بۇ خىل ئەھۋال بولۇپمۇ تەبىئىي پەن ساھەسىدە گەۋدىلىك كۆرۈلىدۇ.

پەنلەرنىڭ بۆلۈنۈشى يېقىنقى ئەسىر ئىلىم - پەن تەرەققىياتى دەۋرىدىمۇ خېلى كۆرۈنەرلىك بولغان. بىراق ئۇ چاغلاردا تەبىئىي پەنلەرنىڭ بۆلۈنۈشى بىرلىشىشىنى مۇستەسنا قىلمىغاچقا، كىشىلەر تار دائىرە ئىچىگە كىرىپ قېلىپ، پەنلەرنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتىنى يېتەرلىك دەرىجىدە چۈشىنەلمىگەن، نەتىجىدە ئىلىم - پەن تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتى توسالغۇغا ئۇچرىغان. ھازىرقى ئەسىر ئىلىم - پەن دەۋرىگە يېتىپ كەلگەندە بولسا پەنلەرنىڭ بۆلۈنۈشى تېخىمۇ ئىنچىكە ۋە سىستېمىلىق بولۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يۇقۇرقىدەك بوشلۇقلار ئۆزلۈكسىز تۈردە تولۇقلىنىپ، پەنلەرنىڭ ئۆزئارا قوشۇلۇشىمۇ زور بىر ئېقىمغا ئايلاندى. مەسىلەن، نيۇتوننىڭ ئالەمنىڭ بىرلىكىنى سەزگىنىدىن باشلاپ، فىزىكىدىن نەزەرىيىۋى فىزىكا ئايرىلىپ چىقتى. بۇ بىر يېڭى پەن مەيدانغا كېلىش بىلەنلا ئىككى قارىمۇ - قارشى نىشانغا يۈزلەندى. ئۇنىڭ بىرى بارغانسېرى ماددىنىڭ ئەڭ كىچىك ئىچكى قۇرۇلما ئالاھىدىلىكىگىچە، يەنى زەررىچىلەر قۇرۇلمىسىغىچە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، كۋانت مېخانىكىسى ئىلمىنى شەكىللەندۈردى. يەنە بىرى بولسا بارغانسېرى ئالەم ھادىسىلىرىگىچە بولغان چوڭ ئىشلار ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، كوسمولوگىيە ئىلمىنى شەكىللەندۈردى. لېكىن تەتقىقاتنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، بۇ ئىككى قارىمۇ - قارشى تەرەپ ئۆزئارا بىرلىشىپ، مۇكەممەل بولغان بىر پۈتۈن تەبىئەت ئىلمىنى تەشكىل قىلىدۇ.

19 - ئەسىردىن ئىلگىرى كىشىلەر تەبىئىي پەن تەتقىقاتىدا، كىچىك جەھەتتە ئاتومدىن، چوڭ جەھەتتە سامان يولى سىستېمىسىدىن ئېشىپ كېتەلمىگەن بولسا، ھازىرقى ئەسىر ئىلىم - پەننىڭ تەرەققىياتى بۇ توساقنى بۆسۈپ تاشلىدى، مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئېينىشتېين نىسپىيلىك نەزەرىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. 20 - يىللارغا كەلگەندە زەررىچىلەردىمۇ دولقۇن ۋە زەررىچىدىن ئىبارەت ئىككىلىمىلىك خۇسۇسىيىتىنىڭ بولىدىغانلىقى ئېنىقلىنىپ كۋانت مېخانىكىسى ئىلمى مەيدانغا چىقتى. نىسپىيلىك نەزەرىيىسى ۋە كۋانت مېخانىكىسى زەررىچىلەر دۇنياسىنىڭ سىرلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىشنىڭ قۇدرەتلىك قورالى بولدى. نەتىجىدە ئاتوم ۋە ئاتوم يادرو قۇرۇلمىسى ھەمدە ئۇلارنىڭ ھەركەت قانۇنىيىتى تەتقىق قىلىنىپ، ئاتوم فىزىكىسى، ئاتوم يادرو فىزىكىسى ۋە كۋانت خىمىيىسى قاتارلىق بىرمۇنچە يېڭى پەنلەر بارلىققا كەلدى.

ھازىرقى زامان تەبىئىي پەن ئىلمى ھەرقايسى قاتلاملار بويىچە بۆلۈنۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە بارغانسېرى ئۆزئارا بىرلىشىشكە، ئۇنىۋېرساللىققا قاراپ يۈزلەندى. نەتىجىدە بىئولوگىيە بىلەن خىمىيە، فىزىكا بىلەن ماتېماتىكا، بىئولوگىيە بىلەن فىزىكا، كۋانت مېخانىكىسى بىلەن كوسمولوگىيە، مېدىتسىنا بىلەن ئېكولوگىيە قاتارلىق پەنلەر ئۆزئارا بىرلىشىپ يېڭى ئارىلىق پەنلەرنى شەكىللەندۈردى. يۇقۇرقىلار تەبىئىي پەن ئىلمى ساھەسىنى

تېخىمۇ مول مەزمۇنغا ئىگە قىلدى.

ئۈچىنچى، ھازىرقى زامان ئىلىم پەن تەتقىقاتىنىڭ راۋاجى تەبىئىي پەنلەرنى تەبىئىي پەنلەرگە، ئىجتىمائىي پەنلەرنى ئىجتىمائىي پەنلەرگىلا ئەمەس، بەلكى تەبىئىي پەنلەرنى ئىجتىمائىي پەنلەرگە، ئىجتىمائىي پەنلەرنى تەبىئىي پەنلەرگە تۇتاشتۇرۇۋاتىدۇ. ھەر قايسى پەنلەرنىڭ ئۆز-ئارا سىڭىشىشى كۈچىيىپ، مۇناسىۋىتى تېخىمۇ زىچلىشىپ، بارغانسېرى بىر پۈتۈن گەۋدىگە قاراپ يۈرۈش قىلىۋاتىدۇ. مەسىلەن، گېئولوگىيە بىلەن تارىخ، مېدىتسىنا ۋە ئېكولوگىيە بىلەن ئېتىكا ۋە سوتسىيولوگىيە قاتارلىقلار ئۆز-ئارا بىرلىشىش يۆنىلىشىدە كېتىۋاتىدۇ. نەتىجىدە بىئو ئېتىكا، تىببىي ئېتىكا، فىزىيات ئىقتىساتشۇناسلىقى ۋە فىزىيات تىلشۇناسلىقى قاتارلىق بىر مۇنچە يېڭى قېتىشما پەنلەر مەيدانغا كېلىۋاتىدۇ.

60 - يىللارنىڭ باشلىرىدا مەيدانغا كەلگەن مۇھىت ئىلمى فىزىكا، خىمىيە، بىئولوگىيە، جۇغراپىيە، مېدىتسىنا ۋە بىناكارلىق قاتارلىق ھەرقايسى پەنلەرنى تولۇق ئۆزىگە تارتىپلا قالماي، يەنە ئىنسانىيەت پائالىيەتلىرىدە دۇچ كېلىدىغان ھاۋا، سۇ، تۇپراق ۋە جانلىقلار قاتارلىق مۇھىت مەسىلىلىرى ئۈستىدە، ھەتتا مۇھىتنى ئاسراش ۋە ياخشىلاشقا مۇناسىۋەتلىك ئىجتىمائىي ئامىللار، يەنى ئىگىلىك باشقۇرۇش، سانائەت ۋە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش تارماقلىرىنىڭ مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى، ئىجتىمائىي تۈزۈم، قانۇن - نىزام قاتارلىق جەھەتلەردىمۇ تەتقىقات ئېلىپ بېرىشقا مۇھتاج بولدى. بىناكارلىق تېخنىكىسى ئىلمى تەركىۋىدىمۇ يەنە تېخنىكا ئىقتىسات ئىلمى، بىناكارلىق ئىقتىسات ئىلمى، بىناكارلىق پىسخولوگىيىسى، بىناكارلىق ئېستېتىكىسى قاتارلىق ئارىلاشما پەنلەر بارلىققا كەلدى.

بەشىنچى، ئېستېتىكا ئىلمىنىڭ ئۆزىنىڭ تارىخى تەرەققىيات يۆنىلىشى بىزنىڭ بۇ مەسىلىنى چۈشىنىشىمىزگە ياردەم بېرىدۇ. ئېستېتىكىنىڭ غولى ھەم ھۆلى پەلسەپە، پەلسەپە ئۆزىنىڭ تەتقىقات مۇساپىسىدا تەبىئەت، جەمئىيەت ۋە ئىنسان تەپەككۇرىدىكى چىنلىق، ياخشىلىق ۋە گۈزەللىك ھادىسىلىرىگە (ئومۇمىي قائىدە - قانۇنىيەتلىرىدىن باشقا) ۋە ئۇنىڭ ئەكسى بولغان ساختىلىق، يامانلىق ۋە بەتبەشىرىلىكلەرگە يولۇققان. شەيئىلەردىكى مانا بۇ ئالاھىدىلىكلەرگە بولغان تەتقىقاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش يۈزىسىدىن ئېستېتىكا پەلسەپىدىن ئايرىلىپ چىققان. بۇ يەردە شۇنى قىستۇرۇپ ئۆتۈش ھاجەتكى، گۈزەللىك چۈشەنچىسى ئەسلى مەنىسىدىن ئېيتقاندا تەبىئەت ھادىسىلىرىدىكى ۋە تەبىئىي مەۋجۇداتلاردىكى گۈزەللىك ئالامەتلىرىنى كۆرسىتەتتى. ئىنسانلارنىڭ ئېڭى تەرەققىي قىلىپ، بۇ خىل گۈزەللىك بىشارەتلىرىنى تونۇپ يەتكەندىن كېيىن، ئۇلار تەبىئەت گۈزەللىكىنى ئۆزلىرىنىڭ ئىجادىي ئەمگىكى جەريانىدا سىڭدۈردى، مەھسۇلاتلارنى تەبىئەتتىكى گۈزەللىك ئالامەتلىرىگە تەقلىد قىلىپ ئىشلەشكە كىرىشتى. مۇشۇ تەرىقىدە ئىشلەنگەن مەھسۇلاتلاردىكى گۈزەللىك قىممىتى سەنئەت گۈزەللىكى دەپ قارالدى.

يەنە كېيىنكى تەرەققىياتلار داۋامىدا گۈزەللىك چۈشەنچىسى تەبىئىي ۋە ئىجادىي،

ماددىي مەۋجۇداتلار دائىرىسىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، مەنىۋى ئەھۋاللارغىچە، ھەتتا ئىنسانلارنىڭ خاراكتېرى، پسىخىكىسى، ئەخلاقى، سۆز - ھەرىكىتى ۋە دىنىي پائالىيەتلىرىگىچە كېڭەيدى. دېمەك، گۈزەللىكنىڭ ئوبيېكتى ئوبيېكتىپ دۇنيادىن سۇبيېكتىپ دۇنياغىچە كېڭەيدى. مانا مۇشۇ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئېستېتىكا ئىلمى تېخىمۇ پارچىلىنىپ، مەخسۇسلىشىش يۈزلىنىشىدە كېتىۋاتىدۇ. مەسىلەن، ھازىر سەنئەت ئېستېتىكىسى، سوتسىيولوگىيىلىك ئېستېتىكا، پسىخىك ئېستېتىكا، پسىخىك ئانالىز ئېستېتىكىسى، فىزىولوگىك ئېستېتىكا، بەلگە ئىشارە ئېستېتىكىسى، كونترول ۋە ئۇچۇر - سىگنال نەزەرىيىسى ئېستېتىكىسى، ماتېماتىكا ئېستېتىكا قاتارلىقلار شەكىللىنىۋاتىدۇ. بۇلار تېخى يېتەرسىز. ئېستېتىكا ئىلمى تەتقىقاتىنىڭ تېخىمۇ مۇكەممەللىككە ئىگە بولۇشى ئۈچۈن مېنىڭچە بۇلار يەنىمۇ بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا مەخسۇس تارماقلارغا ئايرىلىشى كېرەك. مىسال ئۈچۈن ئالساق سەنئەت ئېستېتىكىسى ئۆز ئىچىدىن يەنە ئەدەبىيات نەزەرىيىسى ئېستېتىكىسى، يېزىقچىلىق ئەدەبىي ئىجادىيەت ئېستېتىكىسى، پىداگوگىكا ئېستېتىكىسى، نۇتۇق ۋە سۆز سەنئىتى ئېستېتىكىسى، مۇزىكا ئېستېتىكىسى، ئۇسۇل ئېستېتىكىسى، سۈرەتچىلىك ۋە رەسساملىق ئېستېتىكىسى، خەتتاتلىق ئېستېتىكىسى، نەققاشلىق ئېستېتىكىسى، ھەيكەلتاراشلىق ئېستېتىكىسى بىناكارلىق ئېستېتىكىسى ھۈنەر سەنئىتى ۋە سانائەت بۇيۇملىرى ئېستېتىكىسى، دىراماتورگىيە - تىياتىر ئېستېتىكىسى ۋە كىنو - تېلېۋىزىيە ئېستېتىكىسى قاتارلىق بەدىئىي ئىجادىيەتنىڭ ھەر قايسى تۈرلىرىگە بۆلۈنۈشى ۋە شۇ ئاساستا ئۆزىنىڭ پۈتكۈل گەۋدىسىنى تولۇقلىشى لازىم. بىزدە تېخى بۇ ساھەلەرگە تۇتۇش قىلىنغىنى يوق. لېكىن ئېستېتىكىنىڭ پەلسەپىدىن پارچىلىنىپ چىقىشى ۋە ئۇنىڭ يۇقۇرقىدەك ھەرقايسى تارماقلارغا بۆلۈنۈشى تۈپ ماھىيەتتىن ئېيتقاندا ئۆزىنىڭ ۋە شۇ ئارقىلىق پەلسەپىنىڭ بىر پۈتۈنلۈككە بولغان تەييارلىقتىن ئىبارەت.

ئېستېتىكا ئومۇمەن گۈزەللىكنىڭ، خۇسۇسەن سەنئەت گۈزەللىكىنىڭ ماھىيىتى، ئۇنىڭ قانۇنلىرى، ئىجادىيەت پىرىنسىپى ۋە ئۇسۇللىرى، ئىنسانلارنىڭ ئوبيېكتىپ دۇنيا بىلەن بولغان بەدىئىي مۇناسىۋىتىنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرى، شۇنداقلا بەدىئىي زوقلىنىشنىڭ ئىجتىمائىي ۋە تارىخىي خاراكتېرى توغرىسىدىكى پەن بولغىنى ئۈچۈن گۈزەللىك قانۇنىيىتى بويىچە ئىجادىيەت ئېلىپ بېرىش گۈزەللىكنىڭ بىردىن بىر تەلىۋى بولۇپلا قالماي، بەلكى ئېستېتىكا ئىلمىنىڭ تەبىئىي پەنلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ تۇرىدىغان ئەمەلىي مەسىلىدۇر.

چۈنكى تەبىئىي گۈزەللىك ھادىسىلىرى نىسبەتەن تۇرغۇن ۋە ئاز؛ ئىجادىي گۈزەللىك ھادىسىلىرى (سەنئەت گۈزەللىكى) ئۆزگىرىشچان ۋە سانسىز بولىدۇ. سەۋەب — ئىنسانلار ھاياتلىق پائالىيەتلىرىنىڭ ھەممىسىدە دېگىدەك ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. دەۋرلەرنىڭ ئۆتىشى بۇ خىل ئىجادىيەتنى خىلمۇ - خىللىقتا ۋە ھېساپسىز كۆپلۈككە ئىگە قىلىدۇ.

بولۇپمۇ يېقىنقى زامان ئىلىم پەنىنىڭ شىددەتلىك تەرەققىياتى ئىنسانلارنىڭ بۇ

خىل ئىجادى پائالىيەتلىرىگە كۈچلۈك تۈرتكە بولماقتا. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ تېز يۇقۇرى كۆتۈرۈلىشى كىشىلەرنىڭ گۈزەللىك قاراشلىرىدا يېڭىچە يۈكسىلىش پەيدا قىلماقتا. گۈزەللىككە ئىنتىلىش ئەزەلدىن تارتىپ ھازىرغىچە ئىنكار قىلىپ بولمايدىغان غايەت زور ئىدىيىۋى ئېقىم سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ كەلدى. شۇ سەۋەپتىن ھەر قانداق ماددى ياكى مەنىۋى مەھسۇلاتنى كىشىلەرنىڭ ئىستېتىك تەلىۋىگە ئۇيغۇن قىلىپ ئىشلەشمۇ ئەمگەككە قويۇلىدىغان بىردىن بىر شەرت بولۇپ قالدى. كىشىلەر ئادەتتە ئۆيلەرنىڭ ياخشى لايىھەلەنگەنلىرىنى، ئىشكاپ، ئۇستەل، شىرە، كارۋات، ئۈنئالغۇ ۋە كىيىم - كېچەك قاتارلىق تۇرمۇش بۇيۇملىرىنىڭ چىرايلىقىنى تاللايدۇ. بۇ نەرسىلەرنىڭ كىشىلەرگە چىرايلىق كۆرۈنىدىغىنى زادى نىمە؟ بۇ ئەسلىدە كىشىنىڭ كۆز ئالدىغا كېلىدىغىنى ئالدى بىلەن دەل ئۇنىڭ شەكلى ۋە رەڭگى بولىدۇ. گۈزەللىك نۇقۇل شەكىلگىلا باغلىق بولمايدۇ. لېكىن ئۇ ھامان بەلگىلىك شەكىل ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. مىقدار نىسبىتى، تاللار ياكى سىزىقچىلارنىڭ تەرتىۋى، رەڭلەرنىڭ مۇناسىپلىقى، ئاھاڭ-لارنىڭ رىتىمى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى شەكىل گۈزەللىكىنىڭ ئامىللىرىدۇر. ئەمما چىرايلىق كۆرۈنىۋاتقان ئەشۇ شەكىل بىلەن رەڭنىڭ ئۆزى زادى نىمە؟ ئۇ قانداق قىلىپ بارلىققا كەلگەن؟ بۇ مەسىلىگە ئادەتتە ئانچە دىققەت قىلىپ كېتىلمەيدۇ. مانا بۇ ئىستېتىك تۇيغۇ باسقۇچىدىكى چۈشەنچە ئىستېتىك بىلەن ئاڭ بىلىشنىڭ ئىككى باسقۇچىغا مەنسۇپ. ئىستېتىك تۇيغۇ ھىسسى بولىدۇ. شۇڭا پەقەت نەرسىنىڭ شەكلى ياكى رەڭگىگىلا قارىلىدۇ. دەرۋەقە، كىشىلەر بۇ نەرسىلەرنىڭ سۈپىتىگىمۇ دىققەت قىلىدۇ، بۇ ئەقلى بىلىشنىڭ نەتىجىسى. بىراق، گۈزەللىك نۇقتىسىدىن باققاندا، كىشىنىڭ تۇيغۇسىغا تەسىر قىلىدىغىنى ئالدى بىلەن بۇيۇمنىڭ تاشقى كۆرۈنىشىدۇر. بىز گۈزەللىكنى تەبىئى پەنلەر بىلەن مۇناسىۋەتلەشتۇرۇپ قارىغىنىمىزدا ھىلىقى ھىسسى بىلىش باسقۇچلىرىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، بۇيۇملاردىكى گۈزەللىك ئامىللىرىنى ئىستېتىك ئەقلى بىلىش نۇقتىسىدا تۇرۇپ كۆزىتىمىز.

بۇ چاغدا بىز ئۇ نەرسىلەردىكى چىرايلىق كۆرۈنگەن قىياپەتنىڭ بەلگىلىك گېئومېتىرىك، ماتېماتىكىلىق ۋە فىزىكىلىق قائىدە - قانۇنلارغا ئەمەل قىلىش شەرتى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەنلىكىنى، ئۇنىڭدىكى يارقىن رەڭنىڭ بىر قانچە خىل رەڭلەرنىڭ بەلگىلىك نىسبەتتىكى ئارلاشمىسىنىڭ مەھسۇلى ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭغا خىمىيىلىك پىرىنە-سىپلارنىڭ يېتەكچىلىك قىلغانلىقىنى بىلىۋالالايمىز.

گېئومېتىرىك شەكىللەرنىڭ ۋە ماتېماتىكىلىق ھىساپلاشلارنىڭ گۈزەللىكتىكى ئالاھىدە رولىنى بىناكارلىق ۋە نەققاشلىق سەنئىتىدىن تېخىمۇ ئوچۇق كۆرىۋالغىلى بولىدۇ. كېگىل «ئىستېتىكا» ناملىق كىتاۋىدا «بىناكارلىقتىكى يېتەكچى ئورۇندا تۇرىدىغان مەسىلە تۈزلۈكلەر، تىكپۇلۇڭلار ۋە يۇمۇلاق شەكىللەرنىڭ شۇنداقلا تۈۋرۈكلەر، راملار، ئەگمىلەر، لىملار ۋە گوتلارنىڭ شەكىل جەھەتتىكى بىرلىكىدۇر» دەيدۇ (1 - توم، 316 - بەت) بىرەر بىنانىڭ لايىھەسى (چىرتيوژى) ئالدى بىلەن ئىنژېنېر تەرىپىدىن ئىشلىنىپ تەييارلىنىدۇ. پۈتۈپ

چىققان بىنانىڭ قۇرۇلما جەھەتتىكى ئىچكى تاشقى گۈزەللىكى ئەسلىدە ئىنژېنېر لايىھەسىدىكى گېئومېترىك ئېلېمېنتلارنىڭ گۈزەللىكىدىن ۋە بۇ ئېلېمېنتنىڭ ماتېماتىكىلىق ئۇسۇل بىلەن چوڭايتىلىشىدىن ئىبارەت. بىنانىڭ مۇستەھكەملىكىمۇ ئۇنىڭ لايىھەسىنىڭ ماھىيەتلىك گۈزەللىكىگە باغلىق. گېئومېترىيە نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ئادەتتە بىرەر بىنا تىك تۆت بۇلۇڭ شەكلىدە، كۋادرات شەكلىدە، تراپېتسىيە شەكلىدە، تىك تۆت بۇلۇڭ بىلەن يېرىم شارنىڭ بىرلەشمىسى شەكلىدە، سىلىندىر شەكلىدە، كونۇس شەكلىدە، كونۇس، بىلەن تىك تۆت بۇلۇڭنىڭ بىرلەشمىسى شەكلىدە، ئېللىپىس شەكلىدە، ئۆرە تىك بۇلۇڭلۇق شەكلىدە، يېرىم چەمبەرلىك سىلىندىر بىلەن تىك تۆت بۇلۇڭنىڭ بىرلەشمىسى شەكلىدە، ياكى باشقا تۈرلۈك شەكىللەردە سېلىنىشى مۇمكىن. بىرقانچە شەكىللەر ئۆزئارا بىرلەشكەن ھالدا بىر پۈتۈن كۆرۈنۈش ھاسىل قىلىدىغان ئەھۋالمۇ خېلى ئۇچراپ تۇرىدۇ. ئۆيلەر، ئۇستەللەر دېرىزىلەر، ئۇنىڭ كۆزنەكلىرى، بىنالارنىڭ كالىدورلىرى (ئۇزۇنچاق كەتكەن)نى تىك تۆت بۇلۇڭ، ئىستون چىراق (ئۇزۇنچاق كەتكەن)نى سىلىندىر دەپ قاراشقا بولىدۇ.

نەققاشلىقمۇ شۇنداق. بىر يۈرۈش نەقىشنىڭ گۈزەللىكى ئالدى بىلەن ئۇنىڭدىكى ھەر بىر پارچە نەقىشنىڭ، ھەتتا ئۇنىڭ ھەر بىر سىزىقچىلىرىنىڭ بەلگىلىك باراۋەرلىككە بەلگىلىك نىسبەتكە ۋە بەلگىلىك ئارىلىققا ئىگە بولۇشى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. نەققاش ئۆز مەھسۇلاتىنىڭ گۈزەللىكىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ماتېماتىكىلىق ھېسابلاش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئۆزئارا نىسبەتلىك مۇناسىۋەتتىكى خىلمۇ-خىل گېئومېترىك شەكىللەرنى تۇرغۇزۇپ چىقىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭ ئۈستىگە نەقىش نۇسخىلىرىنى تەرتىپ بويىچە ئورۇنلاشتۇرىدۇ. ئەگەر نەققاش گېئومېترىك ئۆلچەملەردىن چىقىپ كېتىدىكەن، چوقۇم ئۇ ئىشلىگەن نەقىشلەرنىڭ ئۆزئارا باراۋەرلىك، نىسبەتلىك ۋە چوڭ-كىچىكلىك مۇناسىۋىتى بۇزۇلىدۇ-دە، گۈزەللىككە تەسىر يېتىدۇ. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ گىلەمچىلىك، دوپپىچىلىق، كەشتىچىلىك، ئويمىچىلىق، ياغاچچىلىق ۋە باسمىچىلىق قاتارلىق ھۈنەر سەنئەتلىرىدىمۇ بۇ خىل ئەھۋال كۆپ ئۇچراپ تۇرىدۇ. بۇنداق مىساللارنى ناھايىتى نۇرغۇن كۆرسىتىش مۇمكىن.

ئىستېتىكا ماددى مەھسۇلاتلاردىلا ئەمەس، بەلكى مەنىۋى مەھسۇلاتلاردىمۇ گۈزەللىكنىڭ بەلگىلىك تەبىئى يەن ئامىللىرى ئارقىلىق ئىپادىلىنىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. مەسىلەن، شېئىرنى ئالساق، ئۇنىڭدىكى كۇپلېتلار ۋە مىسرالار مۇناسىۋىتى، ھەرقايسى بەھرىلەر، تۇراقلار، ھەتتا بوغۇملار بەلگىلىك سان مىقدارى ئارقىلىق بىر يۈرۈش قانۇنىيەتكە ۋە تەرتىپكە چۈشۈرۈلىدۇ. ئەگەر بۇ خىل تەرتىپ ۋە نىسبەت مۇناسىۋىتى بۇزۇلسا، شۇ شېئىرنىڭ پۈتكۈل بەدىئىلىكىگە تەسىر يېتىدۇ. شۇڭا بىر پارچە شېئىرنىڭ بىرىنچى كۇپلېتى قانچە مىسرا بولغان بولسا، قالغان كۇپلېتلىرىنىڭ ھەممىسىمۇ شۇنچە مىسرا بولۇشى، قايسى بەھرىدە باشلانغان بولسا، باشتىن ئاياق شۇ بەھرىنى ئاساس قىلىشى، بىرىنچى كۇپلېت قانداق

تۇراقلانغان بولسا، كۇپلېتلار ۋە مىسرالارنىڭ ھەممىسى باشتىن ئاياق شۇنداق تۇراقلىنىد-
شى، بىرىنچى كۇپلېت، جۈملىدىن بىرىنچى مىسرا نەچچە بوغۇمدىن تۈزۈلگەن بولسا،
بارلىق كۇپلېت ۋە مىسرالارنىڭ ھەممىسى شۇنچە بوغۇمدىن تەركىپ تېپىشى كېرەك. بۇ
ئالاھىدىلىكلەرنىڭ ھەممىسى ئادەتتە سان ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. ئەگەر مىسرالار،
تۇراقلار سانى ياكى كۇپلېتلار، مىسرالار ۋە تۇراقلارنىڭ نىسبەتلىرى بۇزۇلسا شۇ
شېئىرنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە بەدىئىلىكى تەسىرگە ئۇچرايدۇ. ئاروز ۋەزنىلىك شېئىرلارنىڭ
ۋەزىن گۈزەللىكىدىمۇ ئۇنىڭدىكى سوزۇق تاۋۇشلۇق بوغۇملار بىلەن ئۇزۇك تاۋۇشلۇق
بوغۇملارنىڭ قالايمىقان ئەمەس، بەلكى بەلگىلىك قانۇنىيەت، بەلگىلىك مىقدار نىسبىتى
بويىچە ئۇيۇشقانلىقىدا كۆرۈلىدۇ. بۇ خىل مۇناسىۋەت مۇزىكىدىمۇ ناھايىتى روشەن
ئىپادىلىنىدۇ.

گۈزەللىكنىڭ تەبىئىي پەنلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى مەسىلىسىنى تەبىئىي گۈزەللىك
نۇقتىسىدىنمۇ تەدبىق قىلىپ كۆرۈشكە بولىدۇ. مەسىلەن، ئالەمدىكى ھەرقايسى پىلانېتلار
ئوتتۇرىسىدا بەلگىلىك نىسبەتلىك ئارىلىق بولمىغان بولسا، ئۇلار ئۆز گۈزەللىكىنى
ساقلاپ قالالامتى-يوق؟ قۇياش، ئاي ۋە يۇلتۇزلارنىڭ ئىنسانلار بىلەن بەلگىلىك
ۋاقىتتا ئۇچرىشىپ تۇرۇشى ئىنسانلارنىڭ ئۇلارغا بولغان گۈزەللىك تۇيغۇسىغا قانداق
تەسىر كۆرسىتىدۇ؟ بۇ خىل رىتىمنىڭ ئۆزى نېمە؟ بۇنداق رىتىمنىڭ بەلگىلىك مۇددەت
ئىچىدە تەكرارلىنىپ تۇرۇشىدىكى سەۋەپ نېمە؟ كۈندۈز نېمە ئۈچۈن كېچىدىن گۈزەل؟
گاھىدا كېچە نېمە ئۈچۈن كۈندۈزدىن گۈزەل كۆرۈنىدۇ؟ ئەگەر كۈندۈز ئۈزۈلمەي
داۋام قىلىدىغان بولسا، كىشىلەرنىڭ قۇياشقا بولغان سۆيۈنۈشىدە قانداق ئۆزگىرىش پەيدا
بولىدۇ؟ ئەگەر كېچىلا داۋام قىلىدىغان بولسا كىشىلەرنىڭ ئاي ۋە يۇلتۇزلارغا،
يورۇقلۇققا بولغان گۈزەللىك تۇيغۇلىرىدا قانداق ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىدۇ؟ بۇلار
ئالەمنىڭ تەبىئىي قانۇنىيىتىمۇ ئەمەسمۇ؟ ئۇنداق بولسا تەبىئەت قانۇنىيىتى بىلەن
گۈزەللىكنىڭ مۇناسىۋىتىنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟ ئاسترونومىيە ئىلمىنىڭ ياردىمى
بىلەن پىلانېتلاردىكى تېخى ئىنسانىيەتكە سېزىلمىگەن گۈزەللىكلەرنى بىلىشكە بولامدۇ-يوق؟
بۇ مەسىلىلەرنى ئانالىز قىلىپ كۆرۈشكە ئەرزىيدۇ.

نۆۋەتتە يەنە زامانىمىزنىڭ تەبىئىي پەن نەتىجىلىرى ئىستېتىكىغا ئىلمىي يېڭى
سوئاللارنى قويۇۋاتىدۇ. مەسىلەن، ماشىنا ئادەملەر ئىشلىگەن مۇزىكىلار ۋە تۈزۈپ چىققان
شېئىرلاردىكى گۈزەللىك ئامىللىرىنى، ئېلېكترونلۇق چالغۇ-ئەسۋاپلار ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن
مۇزىكىلاردىكى گۈزەللىك ئالامەتلىرىنى، لازېر نۇر ئارقىلىق چىقىرىلغان نەقىش ۋە
گۈللەردىكى، شۇنداقلا پىلاستىنكىلار ۋە لېنتىلارغا چۈشۈرۈلگەن تۈرلۈك ئاھاڭ ئىزنىلىرىدىكى
گۈزەللىك ئىپادىلىرىنى قانداق چۈشەندۈرۈش كېرەك؟ بۇ مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسى ئىلمىي
جاۋاپ تەلەپ قىلىدۇ. ھالبۇكى، يالغۇز ئىستېتىكا ئىلمىغىلا تايىنىپ بۇ مەسىلىلەرنى تولۇق
ھەل قىلىپ كېتىش قىيىن. يەنىلا تەبىئىي پەنلەرنىڭ ياردىمىگە تايىنىشقا توغرا كېلىدۇ.

× ×

دېمەك، مەيلى تەبىئىي گۈزەللىك ھادىسىلىرى بولسۇن ياكى سەنئەت گۈزەللىكى ھادىسىلىرى بولسۇن، بىز ئۇنىڭ تاشقى گۈزەللىكىنى ھېس قىلغاندىن كېيىن، يەنىمۇ بىر قەدەم ئىلگىرىلەپ، ئۇنىڭ زادى نېمە ئۈچۈن كىشىلەرگە گۈزەل كۆرۈنۈش بېرەلەيدىغانلىقى ئۈستىدە ماھىيەتلىك مۇھاكىمە يۈرگۈزسەكلا، ئۇنىڭدىكى سەۋەبىياتلىقنىڭ ئۇنداق ياكى مۇنداق يول بىلەن تەبىئىي پەن خاراكتېرى ئالىدىغانلىقىنى ياكى تەبىئىي پەننىڭ ھەر قايسى تارماقلىرىغا تۇتۇشۇپ كېتىدىغانلىقىنى بىلىۋالالايمىز.

شۇنى تەكىتلەپ ئۆتۈش زۆرۈركى، ئىستېتىكا ئىلمىنىڭ تەبىئىي پەنلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى سەنئەت ئىجادىيىتى (كەڭ مەنىدە) ئەمەلىيىتىدە، بولۇپمۇ ماددى مەھسۇلاتلار ئىجادىيىتىدە ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىدۇ.

مەن يۇقۇرقى قاراشلارنى بايان قىلغان چېغىمدا، پىفاگور قاتارلىقلارنىڭ مىقدارنى ھەددىدىن ئارتۇق مۇتلەقلەشتۈرۈۋېتىدىغان ئوبيېكتىپ ئىدىيالىزملىق نۇقتىئىنەزەرلىرىنى ئىستىسنا قىلىش بىلەن بىرگە، ئىستېتىكىنىڭ تەبىئىي پەنلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى نوقۇل ھالدا تەكىتلەپ، ئۇنىڭ پەلسەپە، ئەدەبىيات ـ سەنئەت، پسىخولوگىيە ۋە ئېتىكا قاتارلىق باشقا پەنلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە سەل قاراشقا قارشى تۇرىمەن. ئىستېتىكىنىڭ تەبىئىي پەنلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئۈستىدە ئەمەلىيەتنىڭ ئىنكاسى مەسىلىلەرنىڭ تەقەززاسىغا ئاساسەن، ئىلمىي مەيداندا تۇرۇپ مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىشنى ۋە بۇ مۇناسىۋەتكە مۇۋاپىق ئورۇن بېرىشنى تەشەببۇس قىلىمەن.

يۇقۇرقىلار دەسلەپكى ئىزلىنىش. مەن ئىشىنىمەنكى، ئىجتىمائىي پەن ساھاسىدىكى نۇرغۇنلىغان تەتقىقات ئىشلىرى ھەر قايسى تەبىئىي پەنلەرنىڭ ياردىمى ئارقىلىق مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشۋاتقان ۋە تېخىمۇ چوڭقۇرلىققا قاراپ يۈزلىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، ئىستېتىكا بىلەن تەبىئىي پەنلەرنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدىكى تەتقىقات تېخىمۇ ئىلمىي ۋە تولۇق ئاساسلارغا ئىگە بولغۇسى ھەمدە يېڭى نەتىجىلەرگە ئېرىشكۈسى!

# «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ئىلمىي قىممىتى توغرىسىدا

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن

ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى، جۈملىدىن ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدا ئۆز زامانىسىنىڭ مۇنەۋۋەر مۇتەپەككۇرى، مەرىپەتپەرۋەر شائىرى يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئۆز دەۋرى ئىلغار ئىدىئولوگىيىسى ۋە ئىلمىي قاراشلىرى شېئرىي شەكىلدە مۇجەسسەملەشتۈرۈلگەن زور سەجىملىك داستانى «قۇتادغۇبىلىك» ئەينى زامان مەرىپەت مۇنبىرىدە شەرق مەدەنىيەت ئويغىنىشى يېڭى ئېقىمىنىڭ شانلىق نامايەندىسى بولدى.

مەلۇمدىكى XI — XII ئەسىرلەردىكى شەرق مەدەنىيەت ئويغىنىشى ئىسلام خەلىپىلىكلىرى تەرىپىدىن ئۆزلەشتۈرۈلگەن قەدىمقى جۇڭگو، ئوتتۇرا ئاسىيا، ھىندىستان، ئىران، سۈرىيە، مىسىر، گىرېتسىيە ۋە رىم مەدەنىيىتى بىلەن ئەينى زاماننىڭ مۇقىم گۈللەنگەن فېئوداللىق ئىقتىسادىي ئىگىلىكى ۋە خەلقارا سودا مۇناسىۋەتلىرىنىڭ داۋامى ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن.

يېقىن ۋە ئوتتۇرا شەرق مەدەنىيەت ئويغىنىشى ئومۇمەن ئېيتقاندا ئۆز ئىچىدىن 3 مۇھىم باسقۇچقا بۆلۈنگەن بولۇپ، ئۇنىڭ بىرىنچى باسقۇچىدا ئابدۇللا ئىبنى مۇكەففا (724 — 750)، ھۇنەيىن ئىبنى ئىسھاق (810 — 878)، سابىت ئىبنى كۇررا (886 — 901) قاتارلىق مەشھۇر تەرجىمشۇناس ۋە شەرھشۇناسلار ۋەكىللىك قىلسا، ئۇنىڭ ئىككىنچى باسقۇچىغا ئەبۇ يۈسۈپ ئىبنى ئىسھاق ئەل كىندى (800 — 879)، ئەبۇنەسىر فارابى (870 — 950)، ئەررازى (864 — 925)، ئىبنى سىنا (980 - 1037) ۋە ئەبۇرەيھان بىرۇنى (973 — 1048) قاتارلىق مۇتەپەككۇر ۋە تەبىئەتشۇناس ئالىملار ۋەكىللىك قىلىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ (تەخمىنەن 1019 — 1085)، مەھمۇت قەشقىرى (XI ئەسىرى)، ناسىرخىسراۋ (1003 — 1088) نىزامۇل مۇلك (XI ئەسىر) قاتارلىق مۇتەپەككۇر ۋە جەمئىيەتشۇناس ئالىملار ئۈچىنچى باسقۇچىغا ۋەكىللىك قىلىشتى.

«قۇتادغۇبىلىك» قاراخانىلار خاندانلىقىنىڭ مۇقىم گۈللەنگەن دەۋرىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا فېئوداللىق تارىخىي مۇھىتىنىڭ پەلسەپىۋى ئىدىيىسىنى، ئىقتىسادىي، سىياسىي،

ھوقۇقى، ئەخلاقى، مائارىپ ۋە ئىستىتىكا قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئىجتىمائىي كۆز قاراشلىرى بىلەن ئېتىنىڭ ئوبرازىنى مەركەزلەشتۈرگەن بىر جاھاننامە سۈپىتىدە مەيدانغا كەلدى. بۇ دەۋرنىڭ ئۆزىگە خاس تارىخىي ئالاھىدىلىكى: ئىسلامىيەتنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ئارىسىدا تېخىمۇ تېرەن يىلتىز تارتقانلىقى؛ قاراخانىلار خاندانلىقىنىڭ سامانىلار ھاكىمىيىتىنى مۇنقەرىز قىلىپ، كەڭ ماۋەرەئۇننەھرنى ئىگەللەپ خارەزىم ۋە خۇراسان تۈركى رايونلىرىغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەنلىكى؛ يەتتە سۇدىن غەزنىگىچە، ئېۋىرغولدىن كۆپەت تاغلىرىغىچە تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ مىللىيەتلىك جەھەتتىكى يېقىنلىشىش جەريانىنىڭ چوڭقۇرلاشقانلىقى؛ قاراخانىلارنى ئارقا تىرەك قىلغان ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە خۇراسان تۈركى تىلىدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەرنىڭ چوشكۇنلىشىۋاتقان ئەرەب خەلىپىلىكىنى ھەربى ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئېغىر تەھدىتكە سالغۇچى قۇدرەتلىك كۈچكە ئايلانغانلىقى؛ ئولتۇراقلىشىش ۋە ئىقتىسادىي گۈللىنىشكە ئەگىشىپ ئۇيغۇر خاقانىيە تىلىنى ئۆزەك قىلغان مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ يەنىمۇ روناق تېپىش دەۋرىگە قەدەم قويغانلىقىدىن ئىبارەت.

«قۇتادغۇبىلىك» ئەينى زامان شەرق ۋە غەرب يازما يادىكارلىقلىرى ئىچىدە بىر پۈتۈن دەۋرنىڭ نادىر دەستۇرى سۈپىتىدە، ئۆزىنىڭ مەھەللى تارىخىي قىممىتىدىن ھالقىپ، شەرق مەدەنىيەت تارىخىدا نۇپۇزلۇق قامۇس بولۇپ قالدى. «قۇتادغۇبىلىك» تېز ئارىدا شەرق ئەللىرىگە كۈچلۈك تەسىر قوزغاپ، كېيىنكە ئۆز ئىچىن شەمسۇل مائالى قابۇس، ئەخمەت يۈگنەكى، نىزام مۇلك قاتارلىق مۇئەللىپلەرگە بىۋاستە پىكىرى ئىلھامى بېغىشلىدى. ئۇ، چىڭگىزخان ۋە تۆمۈرلەڭ ئىستىلاچى يۈرۈشلىرى خانىۋەيرانچىلىقىدىن كېيىن، شاھرۇخ ۋە ئۇلۇغبېك، بابۇر ۋە ناۋايى، ئەكبەر ۋە سۇلتان سەئىدخان قاتارلىق بىر قاتار ئىلغار مۇتەپەككۇر، ئالىم ۋە ئەدىپلەرنىڭ دۇنيا قارىشىنىڭ شەكىللىنىشىگە بىۋاستە ياكى ۋاستىلىق تەسىر كورسەتتى.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ ئۆز ئەسىرىنى يېزىشقا كىرىشكەن ۋاقىتلاردا غەربىي ياۋروپا ئەللىرى خىرىستىيان ئىلاھىيەتچىلىكىنىڭ ئىس ـــ تۈتەكلىرى ئىچىدە تېپىنەپ يۈرگەن، كاتولىزىم ۋە پراۋۇسلاۋ مەزھەپلىرى ئاجرىلىپ، دىنىي سوت شەكىللىنىش دەۋرىگە كىرگەن، نورماندىيىلىكلەر بىرىتانىيىگە بېسىپ كىرىپ ئەمدىلا فېئودالىزىمغا قەدەم قويۇپ، شەھەر ئىگىلىكى ۋە بىرلىككە كەلگەن مىللى دولەتلەر تېخى شەكىللىنىپ چىقمىغان، «ئادەت قانۇنى» تېخى قانۇنشۇناسلىق دەستۇرلىرىگە ئۆتمىگەن ئىدى. دۇنيا مەدەنىيەت تارىخىدا مەشھۇر بولغان ئەسەرلەر، مەسىلەن، فرانسۇز خەلقىنىڭ رىچاد پادىشا ۋەزىرى رولاندنىڭ ئەرەپلەر بىلەن كۆرۈشكەنلىكى تۇغرىسىدىكى 4002 مىسرالىق خەلق داستانى «رولاند ناخشىلىرى» ياكى ئىسپانىيە خەلقىنىڭ 3700 مىسرالىق خەلق داستانى «سىد»، نېمىسلارنىڭ «نېبېلېڭن»، روس خەلقىنىڭ چىڭگىزخان ئىستىلاچىلىرىغا قارشى يېزىلغان «ئىگور پولكى ھەققىدە سۆز» قاتارلىق داستانلىرى تېخى

مەيدانغا كەلگەن ئىدى. ئېلىمىزنىڭ سۇڭ سۇلالىسى ئەدەبىياتى مۇنبىرىدە گەرچە مەشھۇر سۇڭ نەزمىلىرى مەيدانغا كەلگەن بولسىمۇ، ئۇ تولاراق قايغۇ-ھەسرەت، ۋىسال-ھىجران ھەققىدىكى قىسقا لىرىكىلاردىن ئىبارەت ئىدى. سى ماگۇاڭنىڭ مەشھۇر تارىخىي قامۇسى «زىجىڭ تۇڭجىيەن» بىلەن جۇشىنىڭ «تۇڭجىيەن گاڭمۇ» ناملىق ئەسىرىمۇ تېخى ئالەمگە كەلمىگەن ئىدى. بۇ ھال «قۇتادغۇبىلىك» داستانىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدىكى ئالاھىدە قىممىتىنى ئاشۇرىدۇ، ئەلۋەتتە.

«قۇتادغۇ بىلىك» دىنىي ئىلاھىيەت قوللانمىسى ياكى ئوتتۇرا ئەسىرگە خاس نوقۇل ئەخلاق ۋە ئىنساپ توغرىسىدىكى نەسىھەتنامىمۇ ئەمەس، شۇنىڭدەك قەھرىمانلىق ئېپوپېيىسى ياكى شاھلارنىڭ نەسەبنامىسىمۇ ئەمەس ھەم تەگرى ھەققىدىكى ئىلاھىيەت كىتابى ئەمەس. «قۇتادغۇبىلىك» تۈپ ماھىيىتى ۋە تارىخىي قىممىتى ئېتىبارى بىلەن ئوتتۇرا ئەسىر شارائىتىدا، شېئرىي دىراماتىك شەكىلدە يارىتىلغان چوڭ ھەجىملىك پەلسەپىۋى قامۇس. «قۇتادغۇبىلىك» داستانىنىڭ مۇئەللىپى ئۆزىنىڭ تەبىئەت پەلسەپىسى، بىلىش نەزەرىيىسى، ئىنسانپەرۋەر، ئىجتىمائىي، ھوقۇقى ۋە ئەخلاقىي كۆز قاراشلىرىنى سوقرات ۋە پلاتونچە ئابستىراكت دىئالوگ شەكلىدە ياكى ئارىستوتىل ۋە فارابىچە مەنتىقى مۇھاكىمە ئۇسۇلىدا ئەمەس، بەلكى دىراماتىك، ئوبرازلىق-مەجازى ۋاسىتىلەر بىلەن شېئرىي شەكىلدە ئىپادىلەپ، كلاسسىك ئەدەبىياتنىڭ ئۆزىگە خاس يېڭى ئىپادىلەش شەكلىنى ياراتتى.

X X X

«قۇتادغۇبىلىك» ئوتتۇرا ئەسىر شارائىتىدا ئىلغار ھېساپلانغان پانتېزىملىق (تەبىئەت ئىلاھچىلىقى) تەبىئەت پەلسەپىسى كۆز قاراشلىرىنى بايان قىلىشتىن قول سېلىپ، تەبىئەت، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ گارمونىك بىردەكلىكى كۆز قارىشى ئاساسىدا ئۆزىنىڭ بىلىش نەزەرىيىسى، بەخت كۆز قارىشى ۋە ئىجتىمائىي تەشەببۇسلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدى.

مۇئەللىپ ئالەمنىڭ تەگرى («بايات») تەرىپىدىن يارىتىلغانلىقىنى روشەن ئېتىراپ قىلىش بىلەن بىرۋاقىتتا ئالەمنىڭ مەنبەئى ئۆزلۈكسىز زىددىيەت («ياغىلىق») ۋە بىرلىك («ئۆزلۈك») ئىچىدە دائىمىي ھەركەتلىنىپ ۋە يېڭىلىنىپ تۇرىدىغان تۆپىراق، سۇ، ھاۋا، ئوتتىن ئىبارەت تۆت زات («تۆت تادۇ») ئىكەنلىكىنى تولىمۇ ماھىيەتلىك ۋە تولىمۇ كۆرۈنەرلىك ئورۇنغا قويغان. فارابى ۋە ئىبىن سىنادىن كېيىن ئىلاھىيەتچىلىك ۋە تەسەۋۋۇرچىلىق پىكىر ئېقىمى بارغانسېرى ئەسەبىيلىشىپ كېتىۋاتقان شارائىتتا يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ تەبىئەتنى تەبىئەت ئارقىلىق ئىزاھلاش نۇقتىئىنەزىرىنى قايتا تەكىتلىگەنلىكى بۇ ئەسەرنىڭ تەبىئەت پەلسەپىسى جەھەتتىكى تارىخىي ۋە ئىلمىي قىممىتىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ.

«قۇتادغۇبىلىك» دىكى تەبىئەت پەلسەپىسى كۆزقاراشلىرىنىڭ يەنە بىر مۇھىم مەز-

مۇنى تەبىئەتنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى ھېساپلانغان ئىنسان ۋە ئۇنىڭ مادددى ۋە مەنىۋى ئالاھىدىلىكى، ئىنساننىڭ دۇنيادىكى پائالىيەتچان ئورنى مەسىلىسىدىن ئىبارەت. ئىنسان ۋە ئۇنىڭ بىلىش ئىقتىدارى، ئىنسان ۋە ئۇنىڭ قەدرى - قىممىتى، ئىنسان ۋە ئۇنىڭ بەخت - سائادىتى يۈسۈپ خاس ھاجىپ تەرىپىدىن ھەم تەبىئەت پەلسەپىسى ھەم گۇمانىزم ئاساسىدا مۇھاكىمە قىلىنغان ھەمدە داستاننىڭ ئاساسىي سەرلەۋھىسى دەرىجە-سىگە كۆتۈرۈلگەن.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئىنسان مەسىلىسىدە غەرب پەلسەپە تارىخىنىڭ كېيىنكى باسقۇچ-لىرىدىكى ئانتروپولوگىزىملىق كۆز قاراشقا ياندىشقان. ئۇ، ئىنساندىكى تۇغۇلۇش، ياشاش، كېسەل بولۇش، داۋالىنىش، قېرىش، ئۆلۈش ھادىسىلىرىنى تەبىئىي ھادىسىلەر سۈپىتىدە تۆت زات، تۆت خىلىت، تۆت مىجەزنىڭ ئۆز ئارا تەسىر قىلىشى ئاساسىدا ئىزاھلىغان. ئۇ ھاياتنى تاشقى مۇھىت بىلەن گارمونىك ھالەتتە تۇرغۇچى بىر جەريان سۈپىتىدە چۈشەنگەن. ئۇ ئادەمنىڭ كۆرىدىغان چۈشلىرىنىمۇ تۆت زات، تۆت خىلىت، تۆت مىجەز، تۆت پەسىل، ھاياتنىڭ گۈدەكلىك، ياشلىق، ئوتتۇرا ياشلىق ۋە قېرىلىقتىن ئىبارەت تۆت دەۋرى بىلەن شەخسنىڭ ئىجتىمائى تۇرمۇش ئەھۋالى ئاساسىدا ئىزاھ-لاشنى تەشەببۇس قىلغان. «قۇتادغۇ بىلىك» دىكى سۆيى - زاھىد ئۇد غۇرمىش ھەققىدىكى مىسرالارنىڭ قانچىلىك نازۇك ئۇيۇشتۇرۇلىشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ مۇئەللىپنىڭ دۇنيا قارىشىنى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ تەبىئەت پەلسەپىسى كۆز قارىشىنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرگەن. مۇئەللىپ ئۇمۇملىق جەھەتتە تەركىي دۇنياچىلىق، تەسەۋۋۇپچىلىق ۋە ئۇمۇتسىزلىك كوزقاراشلىرىغا نىسبەتەن ئىتىراز، مۇنازىرە ۋە مەسخىرە خاراكتېرىدىكى تەشەببۇسلارنى ياقلىغان. ئۇ، رىئال ئالەم ھەقىقەتلىرىنى باقى ئالەم ئەپسانىلىرىدىن، ئىنسانلار ئارىسى-دىكى ئىجتىمائى تۇرمۇش ئالاقىلىرىنى تەركىي دۇنياچىلىق تالاۋەتلىرىدىن، ئىنسانغا ياخشىلىق قىلىشنى ئىلاھقا ئىستىقامەت قىلىشتىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويغان. ھەتتا: بىلىملىك كىشىنىڭ ئۇخلىشى تەقۋادار زاھىدنىڭ ئەتىكاپ تۇتۇپ ئولتۇرۇشىدىن ئەۋ-زەل (3225 - بېيت)، دوزاق ئىشىگىنى پىچەتلەيدىغان نەرسە پەقەت بىلىم، (3223 - بېيت) دەپ جاكالىغان.

«قۇتادغۇ بىلىك» دە بىلىش نەزەرىيىسى جەھەتتە تېخىمۇ قىممەتلىك كۆز قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئىنساننىڭ بىلىش ئىقتىدارىغا — ئەقىل - پارا-سەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى، بىلىمنىڭ بىلىش سەمەرىسى ھېساپلىنىدىغانلىقىنى، ئەقىل بىلەن بىلىمنىڭ ئىنساننىڭ ھايۋاندىن پەرقلىنىدىغان ئالاھىدىلىكى ۋە ئىنسان قەدرى - قىممىتىنىڭ ئاساسى ئىكەنلىكىنى كۆپ قېتىم روشەن تەكىتلىگەن. ئۇ، ئىنساننىڭ بىلىش ئىقتىدارى بولغان ئېقىل («ئۇقۇش») تۇغما ئىقتىدار بولسىمۇ، بىلىش ۋە ئۇنىڭ كىرىستالى بولغان بىلىم («بىلىك») نىڭ ئېرىشىلىدىغان نەرسە، تەربىيە ۋە بىلىش پائالىيىتىنىڭ نەتىجىسى ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن. داستاندا سەزگۈ، تەپەككۇر، تىل، مېڭە،

تەجرىبە، ئەمەلىي پائالىيەت، تەربىيە، تەلىم، خاتالىق، ھەقىقەت قاتارلىق بىلىش نەزەرىيىسى مەسىلىلىرى ۋە كاتېگورىيىلىرى مۇھاكىمە قىلىنغان.

«قۇتادغۇبىلىك» دە ئىلگىرى سۈرۈلگەن بىلىشنى مەقسەت قىلىش، بىلىم ۋە ھەقىقەتنى ئىگىلەشتىن مەقسەت ئىجتىمائىي بەخت - سائادەتكە سەۋەپ بولىدىغان ئەمەلىي، ياخشى ۋە گۈزەل پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىش توغرىسىدىكى ئىدىيىلەر ئەينى زامان شارائىتىدا مىسلىسىز ئىلغار پەلسەپىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ ئوتتۇرا ئەسىر شارائىتىدىكى ئاتالمىش «ئىنساننىڭ ۋەزىپىسى تۇنجى گۇناسىنى بىلمەكلىك» ئالەم ۋە ئۇنىڭ ماھىيەتلىرىنى بىلىشكە ئىنتىلىش «ئىلاھىي ھەقىقەتلەرگە ئېتىراز بىلدۈرگەنلىك» دېگەندەك ئىلاھىيەت كۆزقاراشلىرىغىمۇ، ئەمەلىيەتتىن ئايرىلغان ئەقىدىچىلىك، سەپسەتىۋازلىق، مەدرىسە پەلسەپەۋازلىغى قاتارلىقلارغىمۇ قارشى ھەقىقىي مەنىدىكى بىلىش خىتاپنامىسى بولدى. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ پەلسەپە، ئاسترونومىيە، ماتېماتىكا، تىبابەتچىلىك، تىل - ئەدەبىيات، چەتتىل تەرجىمىشۇناسلىغى، تارىخ، ئېتنوگرافىيە، فولكلورچىلىق، قانۇنشۇناسلىق، ھەربىي ئىلىم، مالىيە — ئىقتىسات ئىلىملىرى، ئېتىكا، مۇئارىپ ۋە تەنتەربىيە ھەققىدىكى بايانلىرى بىلەن ئۇنىڭ ئىلىم ئەھلىگە مۇئامىلە قىلىشىنىڭ توغرا قائىدىلىرى توغرىسىدىكى سىياسىي تەشەببۇسلىرى ئۇنىڭ راتسىئونالىزىمچى، ئىلىمپەرۋەر، ئىنسانپەرۋەر، ۋە يىراقنى كۆرەرلىگىنى ئىسپاتلىدى.

«قۇتادغۇبىلىك» تە سىياسىي - ئىجتىمائىي مەسىلىلەر ئەينى زامان ئىلمىي ئاتالغۇسى بىلەن ئېيتقاندا «سىياسىي پەلسەپە» نۇقتىئىنەزىرى بىلەن بايان قىلىنغان. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ دۆلەت سەلتەنىتى ۋە جەمئىيەت يۈكسىلىشىنىڭ ھۇلى خەلق ئامىسى ئىكەنلىگى؛ دولەت ۋە خەلقنىڭ تۈپ ۋەزىپىسى جەمئىيەتنىڭ خاتىرجەملىگى ۋە خەلقنىڭ ئىجتىمائىي بەخت - سائادىتىنى بەرپا قىلىش ئىكەنلىگى؛ دولەت باشلىغى ۋە ئەمەلدارلار سېستىمىسىدىكى خادىملارنىڭ بىلىم - ماھارەت، ئەخلاق - پەزىلەت شەرتىگە ئىگە بولۇش لازىملىغى؛ بىلىمسىز ۋە شەپقەتسىز ئەمەلدارلارنىڭ دولەتنى ۋەيران قىلىدىغانلىغى؛ بىلىم بىلەن ئادالەتلىك قانۇننى ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈشنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتتىكى ئەھمىيىتى توغرىسىدىكى بىر قاتار كۆزقاراشلىرى ئۇنىڭ ئوتتۇرا ئەسىر شەرقىدىكى ئۇلۇغۋار گۇمانىستىك قانۇنشۇناس ۋە سىياسەتشۇناس ئىكەنلىگىنى كۆرسىتىدۇ. داستاندا ئالاھىدە تەكىتلەنگەن ھاكىم مۇتلەقلىقنى چەكلەش، خانلىق ھۆكۈمرانلىغىنى ئادالەتلىك قانۇن بىلەن بىرلەشتۈرۈش توغرىسىدىكى كۆزقارىشى كونستىتۇتسىيىلىك مونارخىيە خاراكتىرىنى ئالغان بولۇپ دېموكراتىك ئىدىيىۋى قىممەتكە ئىگە. ۋاھالەنكى مۇنداق كۆزقاراش غەربىي ياۋروپادا پەقەت مەرىپەتچىلىك دەۋرىدىلا مەيدانغا كەلدى. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەرلىگى توغرىسىدىكى ئىجتىمائىي تەشەببۇسى ئۆز دەۋرى سەۋىيىسىدىن ھالقىپ چىقىپ بۇرژۇئازىيە ئىنقىلاۋى دەۋرىدىكى سىياسىي تەشەببۇسلارغا ئوخشىشىپ كەتكەنلىگىنى ئالاھىدە كۆرسىتىشكە توغرا كېلىدۇ.

مەلۇمكى بۇنداق تەشەببۇس كىشىنىڭ تەڭرى ۋە تەبىئەت ئالدىدىكى تەبىئىي ھوقۇقى سۈپىتىدە 1776 - يىلدىكى «ئامېرىكا مۇستەقىللىق خىتاپنامىسى» غا ۋە 1791 - 1793 - يىللاردىكى فرانسىيە «كىشىلىك ھوقۇقى خىتاپنامىسى» كىرگۈزۈلگەن ئىدى. 1849 - يىلدىكى «فرانكوفورت كونىستىتۇتسىيىسى» نىڭ 137 - ماددىسىدا پەقەت نېمىسلارلا قانۇن ئالدىدا باراۋەر دېيىلگەن، ۋاھالەنكى، «قۇتادغۇبىلىك» دە پادىشا ئائىلىسى ۋە قۇللار، باشقا يۇرتنىڭ مۇساپىرلىرىمۇ قانۇن ئالدىدا باراۋەر دەپ قەيت قىلىنغان. مېنىڭچە، بۇ سىياسىي تەلىماتلار تارىخى بىلەن ھوقۇقشۇناسلىق تارىخىغا كىرگۈزۈلۈشى لازىم بولغان مۇھىم تارىخىي تۆھپە.

«قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا مېڭزىنىڭ «ئىنساننىڭ تۇغما ئەزگۈلىكى (ياخشىلىقى)» كۆزقارىشىدىمۇ، شۈنزىنىڭ «ئىنساننىڭ تۇغما يامانلىقى» كۆزقارىشىمۇ، پىلاتوننىڭ «ياخشى - يامان پەزىلەتلەرنىڭ ھەممىسى تۇغما بولىدۇ» دېگەن كۆزقارىشىمۇ، فارابىنىڭ «ياخشى - يامان پەزىلەتلەرنىڭ ھەممىسى كېيىن ئېرىشىلگەن بولىدۇ» دېگەن كۆزقارىشىمۇ ئوخشىمايدىغان ئېتىكىلىق كۆزقاراش ئوتتۇرىغا قويۇلغان. يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىر تەرەپتىن «سۈت بىلەن كىرگەن خۇي جان بىلەن چىقىدۇ» دېيىدىغان تۇغما پەزىلەت كۆزقارىشىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بولسىمۇ، ئۇ، ئاساسىي نۇقتىنەزەر جەھەتتە ئەخلاقنىڭ تەربىيە ۋە مۇھىت تەسىرىدە ئۆزگىرىدىغانلىقىنى، شەخسنىڭ قانداق ئەخلاقىي يول تۇتۇشى ئۇنىڭ ئىرادە ئىختىيارلىقىغا باغلىق ئىكەنلىكىنى تەكىتلىگەن. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ چىنلىق، ياخشىلىق، گۈزەللىك ۋە ئۇنىڭ ئەكسى بولغان ھەر قايسى كاتېگورىيىلەر ھەققىدىكى كۆزقاراشلىرى ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن ئىلغار مەرىپەتپەرۋەر ئىدىيىۋى قىممەتكە ئىگە.

شۇنى ئېتىراپ بىلەن قەيت قىلىپ ئۆتۈش كېرەككى، «قۇتادغۇبىلىك» دىكى ئىلىم - كۈچ، ئىلىم - بەخت قۇرالى، ئىلىم - ئىنسان قەدرى - قىممىتىنىڭ ھۆلى دېگەن كۆزقاراش تارىخ تەكرار ئىسپاتلىغان ئىلمىي ھەقىقەت بولۇپ چىقتى.

«قۇتادغۇبىلىك » دىكى ئىنسان تۇغۇلۇپلا بىلىملىك ۋە دانىشمەن بولمايدۇ، ئىنساننىڭ بىلىملىك بولۇشى بىلىمسىزلىكتىن بىلىشكە قاراپ راۋاجلىنىش جەريانى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ، تەلىم - تەربىيە بىلىم ئېلىشنىڭ ئاساسىي ۋاستىسى، مۇئارىپسىز ئىلىم - پەننىڭ راۋاجلىنىشى مۇمكىن ئەمەس، دېگەن كۆزقارىشى كۇڭزى ۋە مېڭزىنىڭ «ياۋ - شۈنگە ئوخشاش دانىشمەنلەر تۇغۇلۇپلا بىلىملىك بولغان» دېگەن ئىدىيالىستىك كۆز قارىشىدىن كۆپ ئۈستۈن تۇرىدۇ.

«قۇتادغۇبىلىك» دىكى تەلىم - تەربىيىنى كىچىكىدىن باشلاش كېرەك؛ ئەقلىي تەربىيە، ئەخلاق - پەزىلەت تەربىيىسى، جىسمانىي تەربىيە، ھۈنەر - ماھارەت تەربىيىسى، تۇرمۇش تەربىيىسى ۋە گۈزەللىك تەربىيىسى مائارىپنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى قىلىنىشى كېرەك؛ بىلىش بىلەن ئىشلىتىشنى بىرلەشتۈرۈپ، بىلىمنى خەلقنىڭ ئىجتىمائىي بەخت -

سائادىتىگە قارىتىش كېرەك، دېگەن كۆزقاراشمۇ تارىخ تەكرار ئىسپاتلىغان ئىلمىي ھەقىقەت بولۇپ چىقتى.

«قۇتادغۇبىلىك» دىكى ئىلىمنى سۆيۈش تەلىم ياكى تەربىيە بىلەن شۇغۇللىنىش، ياشلىق باھارىنى ھەتتا پۈتۈن ئۆمرىنى ئىلىم ۋە خەلق ئۈچۈن سەرپ قىلىش توغرىسىدىكى ئىدىيىلەرمۇ تارىخ تەرىپىدىن تەكرار ئىسپاتلانغان ئىلمىي ھەقىقەت بولۇپ قالدى.

«قۇتادغۇبىلىك» دىكى دۆلەتنى ئىلىم-پەن بىلەن باشقۇرۇش، دۆلەت ۋە جامائەت ئىشلىرىغا بىلىملىك، ئەخلاقلىق، ماھارەتلىك قابىل كىشىلەرنى قويۇش، ئىلىم ئەھلىگە تولۇق ئىشىنىش ۋە ئۇلارغا مېھرىۋان بولۇش، ئۇلارنى دوست تۇتۇش، ئۇلارنىڭ ئىلمىي پائالىيەتلىرىگە كەڭ قوللۇق بىلەن مەدەتكار بولۇش، ئۇلارنىڭ ئىلمىي ئىجادىيەت سەمەرىلىرى بىلەن دۆلەت ۋە جەمئىيەتنى زىننەتلەش توغرىسىدىكى ئىدىيىلەرمۇ تارىخ تەكرار ئىسپاتلىغان ئىلمىي ھەقىقەت بولۇپ چىقتى. مانا بۇلار ئەڭ كەم دېگەندىمۇ «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا چاقناپ تۇرغان مەرىپەتشۇناسلىققا ئائىت ئىلغار تەشەببۇس بولۇپ، زور ئىلمىي قىممەتكە ئىگە.

«قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدا ئىجتىمائىي تەبىقىلەر، ئىجتىمائىي كەسىپلەر، ئىجتىمائىي ئېتىك ھايات، مالىيە-ئىقتىسات، خارجىي ئىشلار، ھەربىي ئىشلار توغرىسىدا بىر يۈرۈش مۇھاكىمىلەر ئېلىپ بېرىلغان. ئۇنىڭ «قەلەم ۋە ئەلەم»، «قوشۇندا سىياسىي خىزمەت»، «ئەسكەر ۋە سەركەردە»، «جەڭ ھازىرلىقى-سەپەرۋەرلىك»، «ئۇرۇش ۋەسۇلھى»، «ھۇجۇم ۋە مۇداپىئە»، «رازۋېتكا ۋە ئەسىر ئېلىش»، «يىراقتىن ئېتىشىش ۋە يېقىندىن نەيزىۋازلىق»، «مۇكتورمە ۋە قامال»، «قوغلاش ۋە قېچىش»، «كېچىلىك تۇيۇقسىز ھۇجۇم»، «ھەربىي تەمىنات»، «قەھرىمانلىق جاسارىتىنى ئۇرغىتىش» «مەيىپ ۋە قازاتاپقانلارغا ئائىت خىزمەت» «مۇكاپات ۋە جازا» قاتارلىق جەھەتلەردىكى بايانلىرى يالغۇز سامانىلار سۇلالىسىنى مۇنقەرىز قىلىشتىكى ماۋەرەئۇننەھىر ئۇرۇشى ئەمەلىيىتىنىڭ يەكۈنى بولۇپلا قالماي، بەلكى كۆرۈنەرلىك ھەربىي دىيالېكتىكا قىممىتىگىمۇ ئىگە.

«قۇتادغۇبىلىك» ئۆزىنىڭ پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي ئىدىيىلەر تارىخىدىكى ئىلمىي قىممىتىدىن تاشقىرى ئەينى زامان ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى ۋە ئۇيغۇر ئېتىك ئالاھىدىلىكلىرىنى تەتقىق قىلىش جەھەتتە ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان بىرىنچى قول ھۆججەت.

«قۇتادغۇبىلىك» ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى — «خاقانىيە تىلى» ۋە شېئىرىيىتىنىڭ دەۋر بۆلگۈچ دەستۇرى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئەينى زامان شارائىتىدا ئەرەب-پارس تىللىرى بېسىمى ئاستىدا «كېيىكتەك ھۈركۈپ تۇرغان» ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنى «بەيگىدىكى ئاتتەك» جۇشقۇن ھالەتكە كەلتۈرۈشتە زور ئۆلگە ياراتتى. روشەنكى ئەينى زاماندا ئىلمىي ۋە نەسرى ئەسەرلەر ئەرەبچە يېزىلىشقا يۈزلەنگەن ئىدى. موسا خارەزىمى، فەرغانى، فارابى، ئىبىن سىنا، ھەتتا مەھمۇت قەشقەرى قاتارلىق ئالىملار ئۆز ئەسەرلىرىنى ئەرەب تىلىدا يېزىشقا مەجبۇر بولغان ئىدى. دەل مۇشۇ پەيتتە ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئەڭ گۈزەل ۋە ئەڭ

يۇقۇرى ئۆلچەملىك شەكلى بولغان شېئىرىيەت ئۆزىنىڭ مىللى تىلىدا بولغان غۇرۇرى ۋە مەسئۇلىيىتىنى چۈشىنىپ، ئىسپانكارلىق بىلەن جاھان ئەدەبىياتى مۇنبىرىگە «تۈركى شېئىرىيەت» نامى بىلەن كىرىپ كەلدى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزىنىڭ قامۇس خاراكتې-رلىك بۇ شاھ ئەسىرىدە ئۇيغۇر تىلى لېكسىكىسىنىڭ تىل گۈزەللىكى ۋە تىل بايلىقلى-رىدىن بەدىئى شەكىلدە پايدىلىنىشىنىڭ پارلاق ئۈلگىسىنى تىكلىدى. ئۇنىڭ زور ھەجىملىك داستانى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ 68 مىڭ سۆزلۈك لۇغىتى قىممىتىنى يارىتىش بىلەن بىللە يەنە ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ كۆپ شەكىل، كۆپ ژانىر ۋە كۆپ بەھىرلىك مىسلىسىز چوڭ نامايەندىسى بولدى. بىز قۇتادغۇبىلىك داستانىدىن شېئىرىيىتى-مىزنىڭ مۇتەقەرىپ موسەممەنى مەھزۇپ، موتەقەرىپ مۇسەممەنى سالىم، رۇبائى، تەجنىس، تۇيۇق قاتارلىق ژانىر ۋە بېيىت شەكىللىرىنى؛ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ رىيالىزىملىق، لىرىزىملىق ۋە دىراماتىك ئامىللىرىنى؛ يازما ۋە ئېغىز ئەدەبىيات ئەنئەنىسىنى؛ بەدىئى ئىپادىلەش جەھەت-تىكى سۈپەتلەش، مەجەز، كىنايە، ئىستىئارە، مۇبالىغە، قىياس، تەمسىل، ئىرسالۇل مەسەل قاتارلىق كۆپ خىل تەسۋىرىي ۋاستىلىرىنى كۆرۈۋالالايمىز.

× × ×

«قۇتادغۇبىلىك» ئۆز سەھىپىلىرىدە ئاپتورنىڭ سىنىپىي چەكلىمىسى، بىلىش چەكلىمىسى، ئىدىيىۋى چەكلىمىسى، ئۆز دەۋرىنىڭ مەھەللى ھەم خەلقارا تارىخىي چەكلىمىسى تۈپەيلى بىر قاتار نۇقسان ۋە ئادىشىشلاردىن خالى بولالمىغان.

بىز «قۇتادغۇبىلىك» مۇئەللىپىنىڭ يېگى پلاتونىزىم، ئىسلام ئىدىيالىزىمى تەسىرىدە-گە خېلى كۆپ ئۇچرىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايمىز.

بىز «قۇتادغۇبىلىك» دىكى ئالەم يارىلىشىنىڭ مەقسەتدارلىق نەزىرىيىسى تەسىرىنى، ئوتتۇرا ھالەت نەزىرىيىسى تەسىرىنى، سوفىزىم كۆزقاراشلىرىدا قوللانغان ھەم كۆرەش قىلىش ھەم مۇرەسسە قىلىش خاھىشىنى، باقى ئەلەم توغرىسىدىكى مۇجمەل كۆزقاراشلارنى، سىنىپ ۋە نەسەپ پەرقلىرىنى مەڭگۈلۈك دەپ ھېسابلايدىغان كۆزقاراش-لارنى، بولۇپمۇ ئاياللارغا قارىتىلغان فېئوداللىق كۆزقاراشلارنى ئەسەردىكى سەلبى نەرسىلەر، فېئوداللىق شاكاللار دەپ رەت قىلىمىز.

بىز داستاندىكى ھېسسى بىلىش ۋە ئىجتىمائى ئەمەلىيەتنىڭ بىلىش جەريانىدىكى رولى توغرىسىدىكى كۆزقاراشلاردا ئېغىر بىر تەرەپلىمىلىك مەۋجۇتلىقىنى مۇئەييەنلەش-تۈرىمىز.

بىز داستاندىكى سىياسى - ئىجتىمائى، بولۇپمۇ قانۇنشۇناسلىق جەھەتلەردىكى تەشەببۇسلارنىڭ قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ مۇقىم گۈللەنگەن باسقۇچىدا بەلگىلىك رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە سىياسى تەشەببۇس ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىش بىلەن بىللە، ئۇنىڭ ئومۇمىلىق جەھەتتىن يەنىلا تارىخىي ئىدىيالىستىك، ئۇتوپىزىملىق خاراكتېر ئالغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرىمىز.

شۇنداق بولۇشىغا قارىماي «قۇتادغۇبىلىك» زور ئىلمىي قىممەت ياراتقان تارىخىي دۇردانە.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئاتەيىست مۇتەپەككۇرمۇ ئەمەس، شۇنىڭدەك مۇتەئەسسىپ ئىسلام كالامىزىمچىسىمۇ ئەمەس؛ «قۇتادغۇبىلىك» مۇكەممەل ماتېرىيالىزىملىق «جاھاننامە»مۇ ئەمەس. ئۇ، دىن ۋە ئەقىدە تارىخىدىكى مۇقەددەس كىتاپ بولماستىن، بەلكى پۈتكۈل پەلسەپىۋى بىلىش ۋە مەدەنىيەت تارىخىدىكى مۇھىم بىر نامەيەندە، ئۇ كۆپلىگەن تەبىئەت، بىلىش ۋە ئىجتىمائىي، ئەخلاقىي مەسىلەرنى رېيالىستىك، راتسىئونالىستىك، پانتېيىستىك ۋە گۇمانىستىك ئاساستا ئىزاھلاپ، ئىنسانىيەتنىڭ قاراڭغۇلۇقتىن يورۇقلۇققا مېڭىش يولىنىڭ شەرقتىكى بىر مەشئىلىنى يورۇتقان.

«قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ئالەمگە كەلگىنىگە 9 ئەسىردىن ئاشتى. بۇ ئەسنادا پۈتكۈل ئىنسانىيەت، جۈملىدىن ئۇيغۇر ۋە ئۇنىڭغا قېرىنداش خەلقلەر ئىدىئولوگىيىسىدە غايەت زور تارىخىي يۈكسىلىشلەر يۈز بەردى. ماركسىزىمنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە راۋاجلىنىشى، سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بىلىش تارىخىغا مىسلىسىز چوڭقۇر ئىنقىلاۋىي ئۆزگىرىش ئېلىپ كىردى.

كارل ماركس ئۆزىنىڭ «مۇقەددەس ئائىلە» ناملىق ئەسىرىدە: «تارىخ ئۆز مەقسىدىنى ئىزدەپ يۈرگەن ئادەمنىڭ پائالىيىتىدىن ئىبارەت»، «ھېچقانچە ئەقىل سەرپ قىلمايمۇ ئادەم خاراكتېرىنىڭ ياخشىلىقى توغرىسىدىكى، ئادەملەردىكى ئەقىل كۈچىنىڭ باراۋەرلىكى توغرىسىدىكى، تەجرىبە، ئادەتلىنىش ۋە مائارىپنىڭ ھەممىگە قابىللىقى توغرىسىدىكى، تاشقى مۇھىتنىڭ ئادەمگە تەسىرى توغرىسىدىكى، سانائەتنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتى توغرىسىدىكى، ئەقىلگە مۇۋاپىق كۆڭۈل ئېچىش توغرىسىدىكى ماتېرىيالىستىك تەلىماتنىڭ كوممۇنىزىم ۋە سوتسىيالىزىم بىلەن مۇقەررەر ئالاقىسى بارلىقىنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىن» دېگەن ئىدى. ۋ. ئى. لېنىن «ماركسىزىمنىڭ ئۈچ مەنبەسى ۋە ئۈچ تەركىۋىي قىسمى» دېگەن ئەسىرىدە: «پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي پەنلەر تارىخى ماركسىزىمنىڭ «گۇرۇھۋازلىق» بىلەن ھېچقانداق ئوخشاشلىقى يوقلۇغىنى، ئۇنىڭ ھېچقانداق دۇنيا مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ داغدام يولدىن ئايرىلغان ھالدا پەيدا بولغان بىر تەرەپلىمە، تار ۋە تەرسا تەلىمات ئەمەسلىكىنى تولىمۇ ئېنىق ئىپادىلىدى. ماركسنىڭ پۈتۈن تالانتى شۇ يەردىكى، ئۇ، ئىنسانىيەت ئىلغار ئىدىيىلىرى تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان ھەرخىل مەسىلىلەرگە جاۋاپ بەردى، ئۇنىڭ تەلىماتى شۇ خىل ئۇلۇغ پەيلاسوفلار، سىياسىي ئىقتىساتشۇناسلار ۋە سوتسىيالىستلارنىڭ تەلىماتلىرىغا بىۋاستە ۋارىسلىق قىلىش ئارقىلىق مەيدانغا كەلگەن» دەپ كورسەتكەن ئىدى.

«قۇتادغۇبىلىك» جۇڭخۇا مىللەتلىرى مەدەنىيەت مىراسلىرىدىكى نادىر دۇردانە. ئېلىمىزدە «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ئۆلچەملىك نۇسخىسىنىڭ نەشر قىلىنىشى سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىمىزدىكى بىر زور نەتىجە. ئۇ، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا

چوقۇم كۈچلۈك تەسىر قوزغايدۇ.

«قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقاتىنى فىرانسۇز شەرقشۇناس ژائوبېرت ئامېدىنىڭ 1823 - يىلى بۇ داستاننىڭ ۋېنا نۇسخىسىنى ئېلان قىلغان ۋاقتىدىن ھېساپلىغاندا بىر يېرىم ئەسىردىن ئارتۇغىراق ۋاقىت ئۆتتى. بۇ جەرياندا ئۆتكەن ئەسىر ئىچىدە: گېرمان ۋامبېرى، بروككېلمان، ئوتتو ئالبېرتى، ۋ. ۋ. رادلوپ قاتارلىق شەرقشۇناسلار؛ مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا: س. مالوپ، بارتولد، بېرتېلس، باسكاكوپ، فىترەت، ئەخمەت زەكى ۋەلى زادە، كوفىرلوزادە مۇھەممەت فۇئاد، رەشىت رەھمەتى ئارات، نۇررىزا، تۇۋفىق، مەسئۇدى قاتارلىق چەتئەل تۈركولوگلىرى؛ يېقىنقى يىللاردا مەلىئورانسكىي، تېخنوپ، تېنىشېپ، براگىنسكىي، ۋالىتوۋا، كلياشتورنىي، سېتپلېۋا، نائۇماگرىنېۋا، مۇرات ھەمرايوپ، خوجا ئەخمەت سەيدۋۋاققاسوپ، سالىخ مۇتەللىپوپ، ماللايوپ، قەيۇم كېرىموپ، مەمەتئاخونوپ قاتارلىق ئالىملار «قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقاتىغا كۆرۈنەرلىك ھەسسە قوشتى.

ئېلىمىزدە «قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقاتى 50 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا باشلانغان بولسىمۇ، سولچىل ئىدىيىنىڭ تەسىرى بىلەن بوغۇپ قويۇلغان ئىدى. پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن ئىلىم - پەن گۈلزارىدا بىر قاتار ئىلمىي ئەمگەكلەر مەيدانغا چىقتى.

شۇنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ھازىرغىچە چەتئەللەردە ئېلىپ بېرىلغان «قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقاتى ئاساسەن چەتئەل تۈركولوگلىرى ۋە شەرقشۇناسلىرىنىڭ بۇ ئەسەر ئۈستىدىكى تېكستولوگىيىلىك ياكى سېلىشتۇرما تېكستولوگىيىلىك تەتقىقاتى؛ تولۇق ياكى تاللانما تەرجىمە - شەرھىسى، تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىن ياكى ئەسەر كومپوزىتسىيىسى نۇقتىسىدىن ئېلىپ بېرىلغان ئېلېمېنتار تەتقىقاتتىن ئىبارەت ئىپتىدائىي باسقۇچىدىن يىراقلاپ كېتەلمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇرژۇئا دۇنيا قارىشى ۋە مېتودولوگىيىسى بىلەن ئاتالمىش «غەرپ مەركەزلىك نەزىرىيىسى» تەرەپدارلىرى بولغان غەرپ تۈركولوگلىرى (جۈملىدىن ئۇلارنىڭ مۇخلىسلىرى) «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ مەدەنىيەت تارىخىدىكى ئورنى، پەلسەپىۋى، ئىلمىي، بەدىئىي قىممىتىنى ئىمكان قەدەر تۆۋەنلىتىپ، ئۇنى قانداقتۇر دىنىي تۈسى قويۇق ئەسەر ۋە نەسىھەتنامە، نوقۇل دىداكتىك داستان، «شاھنامە» نىڭ تۈركى ۋارىيانتى دەپ قاراشتى. ئۇلار «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ئىدىيىۋى مەنبەلىرى ۋە ئەنئەنىۋى تەسىرى ئۈستىدىمۇ بىر - بىرىگە زىت كۆز قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى. بىز بۇ مەسىلىلەردە ئۇلارغا تەنقىدىي مۇئامىلە قىلىمىز.

يېقىنقى يىللاردىن بېرى ئاپتورلار ماركسىزملىق مېتودولوگىيە بىلەن بۇ ئەسەرنى تەتقىق قىلىشقا كىرىشكەن ۋە بۇ ھەقتە ئايرىم ئىلمىي ماقالە ۋە مونوگرافىيەلەر يېزىشقان بولسىمۇ، بۇ تەتقىقات تېخى باشلىنىش ھالىتىدە تۇرماقتا. بۇ ھال «قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقاتىدا يېڭى يول ئېچىپ، يېڭى ۋەزىيەت ۋە يېڭى سەۋىيە يارىتى-

شىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ ھەممىمىزنىڭ ئورتاق شەرەپلىك ئىلمىي ۋەزىپىسى.

شەرق خەلقلىرى، ئېلىمىزنىڭ ھەر مىللەت خەلقلىرى جۈملىدىن ئۇيغۇر خەلقى دۇنيا مەدەنىيىتىگە قىممەتلىك تۆھپىلەر قوشقان. مىللى شەكىل، مىللى تۆھپىسىز ئۆتـ كەنكى بىرقانچە مىڭ يىللىق مەدەنىيەت تارىخىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس. ئوخشاشلا بوگۈنكى ۋە كەلگۈسىدىكى مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىمۇ تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس. ئىنسانىيەتنىڭ شەرق بىلەن غەربتە يارىتىلغان مەدەنىيەتلىرىنىڭ بىر پۈتۈنلىـ كىنى، قىممىتىنى، ئۆز ئارا تەسىرىنى توغرا چۈشىنىدىغان دەۋر يېتىپ كەلدى.

«قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ئۆلچەملىك نۇسخىسىنىڭ نەشر قىلىنىشى ئېلىمىزدە ماركسىزمـ لىق يېڭى «قۇتادغۇبىلىك» شۇناسلىق ئىلمىي تەتقىقاتىنىڭ مۇقەددىمىسىنى ئاچتى. بىز ماركسىزم پىرىنسىپلىرىنى قىلىبنامە قىلىپ، تارىخقا ھۆرمەت قىلىپ، ئىلىمنى قەدىرلەپ، بىر نىيەت، بىر پەزىلەت بىلەن ئۆز ئارا ھەمكارلىشىدىغانلا بولساق «قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقاتىدا دۇنيادا ئالدىنقى ئورۇننى ئىگەللەپ، ۋەتەنگە شەرەپ كەلتۈرۈپ، پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ يېڭى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش كۈرىشىگە تېخىمۇ چوڭراق تۆھپە قوشالايمىز.

# „قۇتادغۇبىلىك“ نىڭ پەلسەپىي قىممىتى توغرىسىدا بەزى قاراشلىرىم

ۋاھاپ خېۋىر

ئۇلۇغ جۇڭخۇا مىللەتلىرى ئۆزىنىڭ ئۇزاق تارىخىي تەرەققىياتى جەريانىدا سانسىزلىغان ماددىي بايلىقلارنى يارىتىش بىلەنلا قالماي، يەنە نۇرغۇن مەنىۋى بايلىقلارنىمۇ يارىتىپ، جۇڭگونىڭ شانلىق مەدەنىيەت تارىخىنى ياراتتى. جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىمۇ ئۆزىنىڭ ئېسىل نەتىجىلىرى بىلەن تېگىشلىك ئورۇنغا ئىگە. ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدىكى ئېسىل مىراسلاردىن بولغان «قۇتادغۇبىلىك» ئەنە شۇ ئېسىل مەدەنىي مىراسلاردىن بىرى.

ئۇزۇن يىللاردىن بېرى „قۇتادغۇبىلىك“ تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىپ كېلىۋاتقان چەتئەللىك ئالىملار، جۈملىدىن دۆلىتىمىزدىكى تەتقىقاتچىلار بۇ ئەسەرنىڭ ئىلمىي قىممىتىنى بىردەك يۇقىرى باھالاپ، ئۇنى مەدەنىيەت تارىخىدا مۇناسىپ ئورۇنغا قويۇپ كەلدى. لېكىن بۇ ئەسەرنىڭ پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي ئىدىيىسىنى تەتقىق قىلىشتا، ئەسەرنىڭ ئاساسىي ئىدىيىسى ۋە پەلسەپە جەھەتتىكى قىممىتىگە باھا بېرىشتە يەنە ئوخشىمىغان بەزى قاراشلارمۇ ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇ قاراشلار ئۈستىدە يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىزدىنىشكە ۋە تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

× × ×

بەزى تەتقىقاتچىلار: «قۇتادغۇبىلىك» بىر قاراشتا ئومۇمىي دۆلەت تەشكىلاتى بىلەن ئالاقىداردەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن ئاپتور بۇ ئەسىرىدە جەمئىيەتنى تەشكىل قىلغۇچى شەخسلەر بىلەن بۇلارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى ۋە ۋەزىپىلىرىنى بەلگىلەشكە تېخىمۇ كۆپ ئەھمىيەت بەرگەن، دەيدۇ.

مېنىڭچە «قۇتادغۇبىلىك» تىكى «بىر قاراشتا...... كۆرۈنىدىغان» نەرسە «ئومۇمىي دۆلەت تەشكىلاتى بىلەن ئالاقىدار» بولغان پىكىرلەر ئەمەس، بەلكى جەمئىيەتنى تەشكىل قىلغۇچى شەخسلەر بىلەن ئۇلارنىڭ جەمئىيەت ئىچىدىكى ئورنى، ۋەزىپىلىرى ۋە ئۇلاردا بولۇشقا تېگىشلىك ئەخلاق ئۆلچەملىرى، پەزىلەتلەر، قائىدە، يوسۇن قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. دۇرۇس، ئەسەردە دۆلەتنى قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىش، ھەممە ئادەم قانۇن ئالدىدا باراۋەر بولۇش، دۈشمەنگە رەھىمسىز، خەلققە رەھىمدىل

بولۇش، ھەربىي قوشۇننى خىل قىلىش قاتارلىق سىياسىي قانۇن ئىدىيىلىرى، ئادالەتلىك، رەھىمدىللىق، دوستلۇق، ئىنسانپەرۋەرلىك، ياخشىلىق، سىلىق - مۇلايىملىق، سېخىيلىق، مەسئۇلىيەتچانلىق، راستچىللىق قاتارلىق ئەخلاق - پەزىلەت ئۆلچەملىرى، بىلىمنى ئەقىلنى ئەلا بىلگۈچى راتسىئونالىزىملىق قاراشلار ناھايىتى كەڭ ۋە ئەتراپلىق بايان قىلىنىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ بۇ جەھەتتىكى بايانلىرى ئۇنىڭ مول بىلىملەرگە ئىگە مەشھۇر مۇتەپەككۇر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. لېكىن مېنىڭچە ئەسەرنىڭ پەلسەپىي ۋە ئىجتىمائىي ئىدىيە جەھەتتىكى قىممىتى ئۇنىڭ بىلەن چەكلەنگەن ئەمەس.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ مەشھۇر موتەپەككۇر، چوڭقۇر پىكىرلىك پەيلاسوپ ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشتا ئۇنىڭ ئەسىرىدىكى شەخسلەر، ۋە ۋەكىللەر ئوتتۇرىسىدىكى تاشقى باغلىنىشلارنى كۆرۈش بىلەنلا قالماي بەلكى بۇ باغلىنىشلاردىن ئۆتۈپ ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىچكى باغلىنىشلارغا، ئىچكى مەزمۇنلارغا قاراش كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن يۈسۈپ خاس ھاجىپ «كۆرۈپ ئەھمىيەت بەرگەن» نەرسە ئۇنىڭ تارىخ قارىشى، ئەخلاق پەلسەپىسى ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن دۇنيا قارىشىنىڭ نەزەرىيىۋى سىستېما ئىكەنلىكىنى كۆرەلەيمىز.

ھەرقانداق بىر دەۋرنىڭ پەيلاسوپلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئىلمىي مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى نەزەرىيىۋى تەپەككۇر شەكلى ئارقىلىق يەنى بىر قاتار پەلسەپىي ئۇقۇملار، كاتېگورىيىلەر ئارقىلىق ئومۇملاشتۇرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۆزىنىڭ دۇنيا قارىشىنى جۈملىدىن تەبىئەت قارىشىنى ۋە تارىخ قارىشىنى ئىزاھلايدۇ. شۇنداق قىلىپ ھەر خىل پەلسەپە بەلگىلىك كاتېگورىيىلەر سىستېمىسى بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ. بۇنداق سىستېما كەڭ، مۇرەككەپ بولۇشى مۇمكىن، بىرقەدەر ئاددىراق بولۇشى مۇمكىن. لېكىن مەنتىقى كاتېگورىيىنى قوللانغان ياكى بىلىش مېۋىلىرىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ ئۇلارنى مەركەزلەشتۈرۈپ مەنتىقى كاتېگورىيىلەر ئارقىلىق ئومۇملاشتۇرمىغان بولسا، ئۇنى پەلسەپىلىك ئومۇملاشتۇرۇش دېگىلى بولمايدۇ. بىز پەلسەپە تارىخىنى تەتقىق قىلغاندا، پەلسەپە تارىخىدىكى پەيلاسوپلار ئوتتۇرىغا قويغان كاتېگورىيىلەرنىڭ ئۆز ئارا مۇناسىۋەتلىرى ئارقىلىق ئۇلارنىڭ پەلسەپە سىستېمىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ۋە ئۇلارنىڭ خاراكتېرىنى چۈشىنىمىز. پەلسەپە تارىخىغا نەزەر سالغىنىمىزدا پەيلاسوپلارنىڭ ئۆز تەلىماتلىرىنى كاتېگورىيىلەر ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويغانلىقىنى كۆرەلەيمىز. مەسىلەن: قەدىمقى يونان پەيلاسوپى ئارىستوتېل قوللانغان ماھىيەت، سۈپەت، سان، مۇناسىۋەت، ئورۇن، ۋاقىت، ھالەت، ئىگەللەش، ھەركەت، سەرگۈزەشتە قاتارلىق ئون كاتېگورىيە؛ جۇڭگو پەلسەپە تارىخىدىكى چى (气) داۋ (道) ، لى (理) شىن (心) ۋە باشقىلار يونان ۋە جۇڭگو پەيلاسوپلىرى ئۆزلىرىنىڭ دۇنيا قاراشلىرىنى ئىپادىلەشتە قوللانغان كاتېگورىيىلەردۇر.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزىنىڭ دۇنياقارىشىنى ئىپادىلەيدىغان تارىخ قارىشىنى، ئەخلاق قارىشىنى ئاددىتىنكىچە ۋەز نەسىھەت يولى بىلەنلا بايان قىلغان ئەمەس، بەلكى

ئۇقۇم. كاتېگورىيە قاتارلىق لوگىكىلىق شەكىللەر ئارقىلىق ئومۇملاشتۇرۇپ، ئۇلاردىن كاتېگورىيىلەر سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرگەن. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ نەقەدەر چوڭقۇر پىكىرلىك پەيلاسوپ، مۇتەپەككۇر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئوتۇش ئۈچۈن ئەسەرنىڭ بۇ جەھەتتىكى مەزمۇنلىرىغا ئالاھىدە ئېتىۋار بېرىشكە توغرا كېلىدۇ.

ئەسەردە باشتىن - ئاخىر 4 شەخسنىڭ سۆھبىتى داۋام قىلىدۇ. بەلسەپە نۇقتىسىدىن قارىغاندا بۇ شەخسلەر ئادەتتە ئەدىبىي ئەسەرلەردە ئۇچرايدىغان شەخسلەر ئەمەس، بەلكى رىيال شەيئى، ھادىسە ۋە جەريانلارنىڭ مەنتىقى ئابستىراكسىيىسى بولغان ئۇقۇملاردىن تۈزۈلگەن كاتېگورىيىلەر سىستېمىسىدىن ئىبارەت.

ئەسەردىكى 4 شەخس كاتېگورىيىنىڭ سىمۋولى، يەنى 4 كاتېگورىيىگە بېرىلگەن نام ياكى بەلگە. ئۇلارنىڭ ھەر بىرى بىر - بىرىگە ماس كېلىدىغان، بىر - بىرىدىن ئايرىلمايدىغان، بىر - بىرىنى تولۇقلايدىغان بىرجۈپ ئۇقۇمدىن تۈزۈلگەن. مۇشۇ 4 نەرسىنىڭ نىمىلىگىنى ئۇنىڭ مەزمۇنى، خۇسۇسىيىتى، ئورنى، رولى ۋە ئۇلار ئوتتۇرسىدىكى مۇناسىۋەتنى چۈشەنگەندىلا، ئاندىن ئەسەر مەزمۇنىنىڭ ئىچكى قەۋىتىگە ئەقىل يەتكۈزگىلى بولىدۇ. بۇ ھەقتە يۈسۈپ خاس ھاجىپ:

358 سۆزۈم ئۇشبۇ تۆرت نەرسە ئۈستىدە دۇر،
ئوقۇسالىڭ دىققەتلە مەنا ئاچىلۇر

دەيدۇ.

ئەسەردىكى بۇ تۆرت شەخس: كۈن تۇغدى، ئايتولدى، ئۆگدۈلمىش، ئودغۇرمىشلار بولۇپ، كۈن تۇغدى ئادالەت بىلەن قانۇندىن ئىبارەت بىر جۈپ ئۇقۇمنى بىرگەۋدە قىلىدۇ. ئەسەردە بايان قىلىنىشىدەك كۈن تۇغدى ئايتولدى بىلەن قىلغان سۆھبىتىدە «ئادالەت قانۇن ئۆزەممەن قارا» دەيدۇ. بۇيەردە ئادالەت بىلەن قانۇن بىرلەشتۈرۈلۈپ بىر گەۋدىگە ئايلاندۇرۇلغان. چۈنكى، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قارىشىچە، ئادالەت بولغاندىلا جەمىيەت ئەزالىرىنىڭ بىردەك ھىمايىسىگە ئىگە بولالايدىغان قانۇننى تۈرغۈزغىلى بولىدۇ، قانۇن بولغاندىلا ئادالەت كاپالەتكە ئىگە بولىدۇ.

ئايتولدى - بەخت بىلەن سائادەت (دۆلەت) نىڭ سىمۋولى. ئەسەردە: «بۇ ئايتولدى - بەخت ھەم سائادەت ئۆزى.» دەيدۇ.

ئۆگدۈلمىش - بىلىم بىلەن ئەقىلنىڭ سىمۋولى. ئەسەردە: بىلىم بىلەن ئەقىلنى مەنا جەھەتتىن پەرقلەندۈرسىمۇ، لېكىن بىر - بىرىدىن ئايرىلمايدىغان ئىككى ئۇقۇم دەپ قاراپ ئۇلارنى بىر پۈتۈن گەۋدىگە بىرلەشتۈرىدۇ.

289- ئۆسەر ئەر ئېقىلدىن، بىلىمدىن بويۇر
بۇ ئىككى بىرلە ئەر قەدىرلىك بولۇر
1952- بىلىم بىرلە بەگلەر ئېلىن باشلىدى
ئېقىل بىرلە خەلقىنىڭ ئىشىن ئىشلىدى

474. بىلىم قىممىتىنى بىلمىمەك بىلۇر،
ئېقىلنى قەدىرلەش بىلىمدىن كېلور
1679. جاۋاپ بەردى ئوگدۇلمىش: ئېلىگ قۇتى
بىلىم ھەم ئەقىل بۇ پەزىلەت ئېتى

ئودغۇرمىش ـ ئاقىۋەت بىلەن قانائەتنىڭ سىمۋولى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئادەمنىڭ قانائەتلىك بولالىشىنى ئاقىۋەت بىلەن يەنى ئادەم ئاقىۋەت ئۆلۈپ، ئىككى خام بىلەن قوگۇر يەر ئاستىغا كىرىشىنى ئەستە تۇتۇش بىلەن باغلايدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ جەمئىيەتنى تەرەققى قىلدۇرۇشنى ھەممىگە بىردەك بەخت ـ سائادەت كەلتۈرىدىغان جەمئىيەت قۇرۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ. لېكىن جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ مەنبەئىدە ھەركەتلەندۈرگۈچ كۈچ مەسىلىسىدە يۈسۈپ خاس ھاجىپمۇ جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئاخىرقى سەۋەبلىرىنى ماددى مۇناسىۋەتلەردىن ئەمەس بەلكى مەنىۋى مۇناسىۋەتلەردىن ئىزلەيدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپتا ئادالەت بىلەن قانۇن، بەخت بىلەن سائادەت (دۆلەت)، بىلىم بىلەن ئەقىل، ئاقىۋەت بىلەن قانائەتتىن ئىبارەت 4 نەرسىدىن تەشكىللەنگەن بىر پۈتۈن سىستېما ۋە ئۇنىڭغا بولغان ئېتىقات ئۇنىڭ تارىخ قارىشىنىڭ يادروسى بولۇپ، بۇلار غايىۋى دۆلەتنىڭ نىشانىسى ۋە ئاساسىي ئامىللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بەخت ـ سائادەت ـ غايىۋى دۆلەتنىڭ يەتمەكچى بولغان نىشانى. غايىۋى دۆلەت قۇرۇشتىكى مەقسەت جەمئىيەتنى بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشتۈرۈش. ئادالەت بىلەن قانۇن (كۈن تۇغدى). بىلىم بىلەن ئەقىل (ئۆگدۈلمىش). ئاقىۋەت بىلەن قانائەت (ئودغۇرمىش)، غايىۋى دۆلەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ ئۈچ ئاساسىي ئامىلى، يەنى ئۈچ چوڭ تۈۋرىكى. «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ يەنى بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشىش توغرىسىدىكى بىلىمنىڭ نەزەرىيىۋى سىستېمىسى ئەنە شۇنداق تۈزۈلىدۇ. كىتاپقا بېرىلگەن نامنىڭ مەنىسىمۇ كىتاپنىڭ مۇشۇ مەزمۇنى بىلەن يېشىلىدۇ.

ئەسەردىكى ئۈچ ئامىل (ئۈچ كاتېگورىيە) بىر ـ بىرىگە نىسبەتەن مۇستەقىل خاراكتېرگە ئىگە. لېكىن ئۇلار ئىچكى جەھەتتە بىر ـ بىرىگە باغلىنىدۇ، بىر ـ بىرىنى تەقەززا قىلىدۇ، بىر ـ بىرىنى شەرت قىلىدۇ.

ئەسەردە ھېكايە قىلىنىشىدىكى، بىر كۈنى ئايتولدى ھۆكۈمدارنىڭ ھوزۇرىغا كىرىپ، ھۆكۈمدارنىڭ بىر ـ بىرىدىن چېتىقمىز ئۈچ پۇتلۇق كۈمۈش كۇرسىدا ئولتارغانلىقىنى، قولىدا پىچاق، ئوڭ تەرەپتە شېكەر، سول تەرەپتە زەھەر تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران بولىدۇ. ئۇنىڭ مەنىسىنى ھۆكۈمداردىن سورايدۇ. ھۆكۈمدار جاۋاپ بېرىپ مۇنداق دەيدۇ.

801. مۇنۇمەن ئولتارغان كۇرسىقا باق
ئەي كۆڭلۈم توقى بار بۇندا ئۈچ ئاياق.
802. پۈتۈن ئۈچ ئاياقلىق قىڭغايماس بولۇر،
تورۇر ئۈچ پۈتى تۈزھەم قايماس بولۇر.

803. قىلغىنىسا بىرى ئاياقلىق ئەگەر
قايار ئىككىسى ئولتورۇچى چوشەر.

بۇ يەردە ھۆكۈمدار ئولتۇرغان كۈمۈش كۇرسىنىڭ ئۈچ پۇتلۇق بولۇشى ئەنە شۇ غايىۋى دۆلەتنىڭ ئۈچ ئاساسىي ئامىلىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلار بىر - بىرىگە چېتىلمىسىز بولغانلىقى ھەر بىر ئامىلنىڭ نىسپىي مۇستەقىللىق خاراكتېرىنى كۆرسەتسە، بىرىنىڭ قىڭغايسا، ئىككىنچىسىنىڭ قىيىپ ئولتۇرغۇچىنىڭ يىقىلىپ چۈشۈشى، غايىۋى دۆلەتنى مەيدانغا چىقىرىشتا زۆرۈر بولغان ئۈچ ئامىلنىڭ بىر پۈتۈن گەۋدىنى تەشكىل قىلىشتا بىرسى كەم بولسا بولمايدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ بىر - بىرىنى تەقەززا قىلىدىغانلىقىنى، بىر - بىرىنى شەرت قىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

ئۈچ ئامىلنىڭ بىر - بىرىگە نىسبەتەن مۇستەقىللىق خاراكتېرىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئۇلارنىڭ مەزمۇن، خۇسۇسىيەت جەھەتتە جەمئىيەتتە تۇتىدىغان ئورنى ۋە ئوينايدىغان رولى جەھەتتە ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولغانلىقىدۇر.

كۈن تۇغدى - يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ سىياسى - قانۇن ئىدىيىلىرىنىڭ ئومۇملا - شتۇرۇلىشى. ئوگدۇلمىش - ئىنسانپەرۋەرلىكنىڭ ئاساسىي يەنى «كىشىلىك ھۇلى» توغرىسىدىكى ئەقلى پىرىنسىپلارنىڭ ئومۇملاشتۇرۇلىشى. ئودغورمىش - ئىجتىمائى ئەخلاقنىڭ ئاساسى توغرىسىدىكى ئىدىيىلەرنىڭ ئومۇملاشتۇرۇلىشى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

ئۈچ ئامىل ئىچىدە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدىغىنى ئادالەت بىلەن قانۇن، بۇ ھۆكۈمدار تەرىپىدىن ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ. ئاپتور ھۆكۈمدار بىلىم بىلەن ئەقىل كۈچىگە تايىنىپ تەپەككۇر يۈرگۈزگەندە، دۆلەت ھاكىمىيىتىنىڭ مۇستەھكەم بولۇشى ۋە تەرەققى قىلىشى جەمئىيەتتە ئادالەتلىك قانۇننىڭ بولۇشىغا باغلىق ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىدۇ. يەنە بىر - تەرەپتىن، ئادالەتلىك قانۇن بولغاندىلا ئاندىن بىلىم بىلەن ئەقىل كۈچىنى جارى قىلغىلى، ئۇنىڭدىن پايدىلانغىلى بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

بەخت - سائادەتنىڭ خۇسۇسىيىتى ئايغا ئوخشاش تۇراقسىز، كېلىپ - كېتىدىغان بولىدۇ. بەخت - سائادەتنىڭ بۇ خىل تۇراقسىزلىقىنى ئۇنىڭ قۇسۇرى دېيىشكە بولمايدۇ. بۇنداق دېسە بەخت - سائادەتكە تۆھمەت قىلغانلىق بولىدۇ. بەخت - سائادەتنىڭ تۇراقسىز بولغانلىقى ئۇنىڭ ئېگىسى نەرسىنى تاللايدىغانلىقىدا. يالغۇز ئادالەتلىك قانۇننىڭ بولۇشى بىلەنلا بەخت - سائادەتنى تۇتۇپ قالغىلى بولمايدۇ. ئەسەردە مۇنداق چۈشەندۈرىدۇ:

1712. بىلمىسىزگە كەلسە گەر دۆلەت ۋە قۇت،
بۇ دۆلەت تۇرماس ھېچ ئۇنىڭ بىرلە پۇت

دېمەك، بەخت - سائادەتنى ساقلاپ تۇرۇش ئۈچۈن يالغۇز ئادالەتلىك قانۇننىڭ بولۇشىلا كۇپايە قىلمايدۇ، بەلكى، يەنە ئىنسانپەرۋەرلىك ئاساسىنى قۇرغۇچى بىلىم بىلەن

ئەقىل (ئوگدۇلمىش) زۆرۈر. ئەسەردە بىلىم بىلەن ئەقىلنىڭ سىمۋولى بولغان ئوگدۇلمىش ھۆكۈمدار ھوزۇرىغا كېلىپ، ئادالەت بىلەن قانۇننىڭ سىمۋولى بولغان كۈن تۇغدى بىلەن بىرلىشىدۇ ۋە ئاتىسى ئايتولدىدىن قوبۇل قىلغان ئەقلىي پىرىنسىپلارنى ئىنسانپەرۋەرلىكنىڭ ھۆلى دەپ ھىساپلاپ، ئۇنى سىياسى قانۇن تۈزۈملىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئىجتىمائىي ئەخلاقنىڭ بىر قانچە تەرەپتىكى تەلەپلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بۇنى ھۆكۈمدار ناھايىتى مەمنۇنىيەت بىلەن قوبۇل قىلىدۇ. نەتىجىدە ھۆكۈمدارنىڭ دوس-قولداشلىرى كۆپىيىدۇ. ھۆكۈمدار ھوزۇرلىنىدۇ. ئەلنىڭ ھۆلى چىڭىيىدۇ. ئاۋام خەلق پۈتۈنلەي باي بولىدۇ.

ئاقىۋەت بىلەن قانائەتنىڭ سىمۋولى بولغان ئودغۇرمىشنىڭ ھۆكۈمدار ھوزۇرىغا كېلىشى بەخت - سائادەتنىڭ ئۆزى كېلىپ ئۆزى كەتكىنىگە ئوخشىمايدۇ. بىلىم بىلەن ئەقىلنىڭ تەكلىپ بىلەن كەلگىنىگىمۇ ئوخشىمايدۇ. ئۇنىڭغا ئېرىشىش ناھايىتى مۇشكۈل. بۇنىڭ ئۈچۈن ناھايىتى چوڭ ئىرادە بولۇشى كېرەك. ئودغۇرمىش ئۆزىنىڭ ھۆكۈمدار تەرىپىدىن تەكلىپ قىلىنغانلىقىنى ئاڭلىغاندا ئۆزىنىڭ ھۆكۈمدارنىڭ مەنپەئەتى بىلەن زىت نەرسە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ:

3694. بېرەلمەس خىلىغا نەپ پەزىلەتلىرىم،
نەخۇلقۇم - مىجەزىم، سۆز - ھەركەتلىرىم.

ئەمما كۈن تۇغدى بىلەن ئودغۇرمىش ئۇنى بارلىق ياخشىلىقنىڭ ئاساسى دەپ بىلگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭ بىلەن بىرلىشىش نىيىتىدىن يانمايدۇ. ئوگدۇلمىش:

3150. ئۇنىڭ پەزلى مەندىن يۈزھەسسە ئارتۇق،
كىشىلەر خىلىدۇر گويا مىسلى يوق.

دەيدۇ. كۈن تۇغدى:

3861. ئۆزەمنىڭ ئېلىدە تىلەك ئىستىسەم
مۇناسىپ بولۇرمۇ ئاڭا يەتمىسەم.

دەپ ئودغۇرمىشنىڭ ئۇنۇمىغىنىغا قارىماي، ئۆگدۈلمىشنى يەنە ئىككى قېتىم ئەۋەتىپ، ئۇنى داۋاملىق تەكلىپ قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ پايدىلىق پىكىرلىرىنى ئاڭلايدۇ. بۇنداق بولۇشى ئودغۇرمىش (ئاقىۋەت بىلەن قانائەت) بەخت - سائادەتكە ئېرىشىش ۋە ئۇنى ساقلاپ قېلىشقا كەم بولسا بولمايدىغان بىر ئامىل ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

3799. تولا ياخشى ئېتىمىش قانائەتلىك ئەر،
قانائەت ئىچىدە بەخت قۇچقان ئەر.

5389. كۆزى ئاچقا يەتمەس پۈتۈن بۇ جاھان،
قانائەت قىلغانلار بەختلىك ھامان.

5404. سېخى يوق ئېتەر شۇنەپسانى لەززەت،
كەچ ئۇندىن، دىمەي سەن، كەچمەك مۇشەققەت

يۇقىرىقىلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ سىياسى، قانۇن، بىلىم - ئەقىل، ئىجتىمائى ئەخلاق قاتارلىق ئىدىيىلەردىن تەشكىل تاپقان ئىجتىمائى ئىدىيالوگىيىسىنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتىدا ئوينايدىغان رولى توغرىسىدىكى قاراشلىرى ئاددى ئۇسۇلدا، ۋەز - نەسىھەت شەكلىدە بايان قىلىنغان بولماستىن، بەلكى، ئىجتىمائى ساھە بويىچە ئەڭ ئومۇمىي بولغان كاتېگورىيىلەر ۋاستىسى بىلەن بايان قىلىنغان.

«قۇتادغۇبىلىك» تە ئۇچرايدىغان پەلسەپە مەسىلىلىرى ھەرگىز نورمال ئاڭغا ئىگە ھەرقانداق ئادەمدە بولىدىغان، ئىستىخىيىلىك ھالدا شەكىللەنگەن سىستېمىسىز، ئاڭسىز دۇنياقاراشنىڭ پارچىلىرى ئەمەس، بەلكى دۇنياقاراشنىڭ نەزەرى سىستېمىسىغا باغلانغان كونكرېت مەزمۇنلاردىن ئىبارەت. ئەسەردە ئوتتۇرىغا قويۇلغان تارىخ قارىشى ۋە ئەخلاق پەلسەپىسىمۇ يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئۆز دەۋرىدىكى تەبىئەت، جەمئىيەت ۋە تەپەككۇر توغرىسىدىكى بىلىملىرىنىڭ يەكۈنى سۈپىتىدە مەيدانغا چىققان بىر پۈتۈن پەلسەپە تەلىماتىنىڭ بىر تەركىبى قىسمى،

× × ×

«قۇتادغۇبىلىك» بىر ئەدەبى ئەسەر، شۇنداقلا بىر پەلسەپى ئەسەر. بۇ ئەسەرنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇنىڭدىكى پەلسەپىي قاراشلار ھەم نەزەرىيىۋى تەپەككۇر ۋاستىسى بىلەن ھەم شېئىرى شەكىلدىكى ئوبرازلىق ۋاستىلار بىلەن بايان قىلىنغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭغا دىنى تۈس بېرىلگەن. بۇنىڭ سەۋەپلىرىنى تەھلىل قىلغاندا دىققىتىمىزنى ئەسەردە تىلغا ئېلىنغان تۆۋەندىكى ئۈچ مەزمۇنغا ۋە ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە قارىتىشقا توغرى كېلىدۇ.

(1) يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ زامان توغرىسىدا ئېيتقانلىرىنى:

6451. ئى ئالىم قاراپ كۆر بۇگۈنكى زامان،
ئۆزگەردى كىشى ھالەت پۈتۈنلەي بۇئان.

6452. بىلىملىك خارلۇلدى چەتلەتتى ئۆزىن،
ئېقىللىق گاچا بولدى ئاچماس تىلىن.

6453. كۆپەيدى ئەل ئىچرە يامان - پەس كىشى،
يۇۋاش بولدى دەپسەندە، چۈشتى بېشى.

6487. پېقىر، تۇل، يېتىملەرگە شەپقەتچى يوق،
جاھان ئۆزگەردى ھەيران بولغۇچى يوق

بۇ مىسرالاردىن كۆرۈلىدىكى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ زامانىدىن (جەمئىيەتتىن) قاتتىق نارازى، بۇنداق جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىشكە ئىنتىزار.

(2) مۇجۇتلۇقنىڭ نىسپىلىكى، كونىنى يېڭىغا ئۆزگەرتىشنىڭ زۆرۈرلىكى توغرىسىدا ئېيتقانلىرى:

1213. جىمىكى نەرسىنىڭ كونى بەلگىلىك،
نەپەس - تىن ئىلمىنىڭ سانى بەلگىلىك،

692. ئۆرەلگەن نىمىلەر بارى يوقۇلۇر،
ئۆرەلتكەن بىر ئاللا نەقىلسا قىلۇر.

688. يېڭى نەرسە بولسا كونا نەكېرەك،
سەرە نەرسە بولسا يامان نەكېرەك.

689. پۈتۈن لەززەت يېڭىدا بولۇر
بۇلەززەتنى ئىستەپ كىشى قىينىلۇر.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ياشىغان زاماننىڭ بۇزۇلغانلىقىنى كۆرۈش بىلەنلا قالماي، ئۇنى ئۆزگەرتىپ، ئورنىغا يېڭى «لەززەتلىك» جەمىيەت قۇرۇش لازىملىقىنى ۋە بۇنداق جەمىيەتنىڭ قۇرۇلۇشى خەلقنىڭ ئارزۇ - تىلەكلىرىگە ئۇيغۇن بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ مۇمكىنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن.

(3) تىل توغرىسىدا ئېيتقانلىرى:

964. قىزىل تىل قىلۇرقىسقا ياشلىق سېنى،
تىلەسەڭ ئىسەنلىكنى چىڭ تۇت ئۇنى.

966. قارا باش دۈشمىنى قىزىل تىل ئېرۇر
يېدى قانچە باشنى يەنە ھەم يېيۇر.

983. بۇ تىل زەرەرىدىن گەرقورقساڭ ئۆزۈڭ.
يۆشۈرۈن قالۇر ھەر بىر پايدىلىق سۆزۈڭ.

تىل توغرىسىدىكى بۇ مىسرالار ئۆز ئىچىگە ئالغان زىددىيەتلىك ھالەت شۇنى چۈشەندۈرىدىكى، بىر تەرەپتىن ئالدىنقى ئىككى بېيىتتە ئېيتىلغىنىدەك دىققەت قىلمىسا تىل باشنى يەيدىغانلىقى كۆزدە تۇتۇلسا، ئاخىرقى بېيىتتە ئېيتىلغىنىدەك باش كېتىشىدىن قورقۇپ، پايدىلىق سۆزلەرنى قىلماي قويۇشنىڭمۇ توغرا ئەمەسلىكى كۆرسىتىلگەن.

دېمەك، جەمىيەت بۇزۇلغان، ئۇنى ئۆزگەرتىش كېرەك، دەپ تونىغان ئاپتور ئۆزىنىڭ جەمىيەت قارىشىنى ۋە جەمىيەتنى ئۆزگەرتىپ ھەممىگە بىردەك بەخت - سائادەت كەلتۈرىدىغان جەمىيەت قۇرۇش تەشەببۇسلىرىنى قانداق تىل، قانداق ئۇسلۇپ، قانداق شەكىل بىلەن قانداق تۈس بېرىپ بايان قىلىش توغرىسىدا كۆپ باش قاتۇرغان. شۇنىڭدەك، بۇ جەھەتتە ئۆزىنىڭ ئەقىل پاراسىتىنى ئىشقا سېلىپ شۇنداق بىر چوڭقۇر پىكىر، يۈكسەك ماھارەتنى نامايەن قىلغانكى، نەتىجىدە، قاتمۇ - قات چوڭقۇر مەزمۇنلارغا ئىگە بولغان پەلسەپىي ئەسەر - «قۇتادغۇبىلىك» دۇنياغا كەلگەن.

ئەسەرنىڭ دىنى تۈس ئېلىشى بىر تەرەپتىن يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلغۇچى بىر مۇسۇلمان بولغانلىقى؛ يەنە بىر تەرەپتىن خۇددى ئېنگېلس ئېيتقاندەك: «ئوتتۇرا ئەسىردە ئىدىئولوگىيىنىڭ بارلىق شەكىللىرى - پەلسەپە، سىياسىي، قانۇنشۇناسلىقلارنىڭ ھەممىسى ئىلاھىيەتكە قوشۇۋېتىلىپ، ئىلاھىيەتنىڭ بىر بۆلىكى قىلىپ قويۇلدى. شۇڭا، شۇچاغدىكى ھەرقانداق ئىجتىمائىي ھەركەت ۋە سىياسىي ھەركەت ئىلاھىي تۈسنى ئېلىشقا مەجبۇر ئىدى. پۈتۈنلەي دىنىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان ئاممىنىڭ ھېسسىياتى ئۈچۈن ئېيتقاندا، زور ھەركەت قوزغاش ئۈچۈن ئاممىنىڭ جانىجان مەنپەئەتىنى دىنىي تون كىيگۈزۈپ ئوتتۇرىغا چىقىرىش كېرەك ئىدى.»①

ئەسەرنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى بايان قىلىشتا قوللانغان مۇنداق مۇرەككەپ شەكىل ئاپتورنىڭ تارىخ قارىشىنى يالىڭاچ ھالدا ئوتتۇرىغا قويغىلى بولمايدىغانلىقىدىن، شۇنىڭدەك ئۇنى قويمايمۇ بولمايدىغانلىقىدىن كېلىپ چىققان. مەسىلىنى مۇنداق چۈشىنىش «قۇتادغۇبىلىك»نى تەتقىق قىلىش جەريانىدا كىشىنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدىغان بىر مەسىلىنى توغرا ھەل قىلىشقا ياردەم بېرىشى مۇمكىن. ئۇ بولسىمۇ: ئەسەرنىڭ ئاساسىي ئىدىيىسى بىلەن بۇ ئەسەرنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى قاراخانىلار ھۆكۈمدارى ھەسەن بۇغراخانغا تەقدىم قىلىنىشى، ھەسەن بۇغراخان شائىرنى قەدىرلەپ ئۇنىڭغا «خاس ھاجىپ» ئۇنۋانىنى بەرگەنلىكى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى قانداق چۈشىنىش مەسىلىسىدىن ئىبارەت.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزىنىڭ ئەسىرىدە مەۋجۇت جەمئىيەتنى يەنى ھەسەن بۇغراخان ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان جەمئىيەتنى قاتتىق تەنقىت قىلىپ، ئۇنى ئۆزگەرتىپ قۇرۇشنىڭ لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ۋاھالەنكى مۇنداق بىر ئەسەرنى ھەسەن بۇغراخان خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىپ ئاپتورنى مۇكاپاتلىغان. بۇ مەسىلىدە بەزى يولداشلار «مۇشۇنداق قاتتىق نەسىھەت، تەنبىھ ۋە تەنقىتكە قارىماي شائىرنى قەدىرلەپ، خاس ھاجىپلىققا كۆتەرگەن ھەسەن بۇغراخاننىڭ ئۆزىمۇ دىققەتكە سازاۋەر بولسا كېرەك» دەيدۇ. ھەسەن بۇغراخاننىڭ دىققەتكە سازاۋەر شەخس بولىشىنى ھەر خىل مەزمۇندا چۈشەندۈرۈش مۇمكىن. لېكىن ئۇنى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىش توغرىسىدىكى ئىدىيىسىنى قوبۇل قىلغان دىگەن مەنىدە چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن ھازىرچە يېتەرلىك ئاساس يوق. مېنىڭچە ھەسەن بۇغراخاننىڭ بۇ كىتاپنى قەدىرلەپ يۈسۈپكە «خاس ھاجىپ» لىق ئۇنۋانىنى بېرىشى ئۇنىڭ كىتابنى ئۆز ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەشتە پايدىلىق دەپ چۈشەنگەنلىكىدىن بولغان. ھەسەن بوغراخاننىڭ كىتاپنى قانداق چۈشەنگەنلىكى بىلەن «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ئوتتۇرىغا قويغان ئاساسىي ئىدىيىسىنى ئارىلاشتۇرۇپ قويۇشقا بولمايدۇ. ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، ھەسەن بۇغراخاننىڭ بۇ كىتاپنى قەدىرلىشى، ئەسەردىكى ئاساسىي ئىدىيىنى چۈشەنگەنلىكىدىن دىرەك بەرمەيدۇ. بۇ مەسىلىنىڭ خۇددى پىرۇسسىيە پادىشاھىنىڭ گېگېل پەلسەپە سىستېمىسىغا قىلغان مۇئامىلىسىگە ئوخشاپ كېتىدىغان تەرەپلىرى بار.

— گېگېل پەلسەپىسى پىروسسىيە پادىشالىقىنىڭ دۆلەت پەلسەپىسى دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن. گېگېلنىڭ ئۆزى ئالىي مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىلىقىغا تەيىنلىنىپ، ئەسەرلىرى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ دەرسلىكى قىلىپ بېكىتىلگەن، پىروسسىيە پادىشاسى فرىدرىخ ۋىلگېلىم IIIگە ياردىغان بۇ پەلسەپىۋى ئىنقىلاۋى ئامىلنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىدى. لېكىن بۇنى مەيلى گېگېل پەلسەپىسىنى قەدىرلىگەن پىروسسىيە ھۆكۈمىتى بولسۇن، مەيلى شۇ دەۋرلەردە ئىنقىلاپ ۋەكىللىرى دەپ ھېساپلانغان گېگېل پەلسەپىسىگە كەسكىن قارشى تۇرغان بۇرژۇئازىيە ھۆررىيەتپەرۋەرلىرى بولسۇن، بۇلارنىڭ ھېچقايسىسى كۆرەلمىگەن ئىدى. پەقەت گېرمانىيىنىڭ ئۇلۇغ شائىرى ھېنرىخ ھېيىنى (1797—1856) 1833- يىلىلا گېگېل پەلسەپىسىدىكى ئىنقىلاۋى ئامىلنى بايقىدى. پلېخانوۋ ھېيىنىنىڭ گېرمانىيە توغرىسىدا توختالغان خېتىنىڭ پارچىلىرىدىن مۇنداق بىر نەقىل كەلتۈرىدۇ: «بىر قېتىم مەن - مەۋجۇت بولغانلىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئەقىلغا مۇۋاپىق بولىدۇ» دىگەن سۆزىنى ئانچە چۈشۈنەلمەي تۇرغىنىمدا، پەلسەپە پادىشاسى (گېگېلنى دىمەكچى) بىر ئاز ئەجەپلەنگەن ھالدا كۈلۈپ كەتتى ھەمدە ,بىلىش كېرەككى بۇ سۆزنىڭ مەنىسى بارلىق ئەقىلگە مۇۋاپىق نەرسىلەر مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى كېرەك دىگەنلىكمۇ قارىتىلغان, دەپ كۆرسەتتى. ئاندىن ئۇياق - بۇياقتا ئالاقزادىلىق بىلەن نەزەر سېلىپ چىقىپ، يەنە جىمىپ قالدى. ھەمدە ئۆزىنىڭ سۆزىنى ھېنرىخ ھېيىنىگىلا ئاڭلاپ قالغانلىقىغا ئىشەندى.»(2) بۇ يەردە ھېيىنى، گېگېل ئۆز پەلسەپىسىنىڭ ئىنقىلاۋى ئەھمىيىتىنى ئۆزى چۈشۈنىدۇ، بىراق ئۇنى ئاشكارلاشتىن قورقىدۇ، دەپ ھېساپلايدۇ.

دىمەك ھەسەن بۇغراخانمۇ «قۇتادغۇبىلىك» ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىنقىلاۋى مەزمۇننى چۈشەنگەن ئەمەس، بەلكى خۇددى بەزى تەتقىقاتچىلار ئېيتقاندەك «پادىشالارغا لايىق بىلىم» (بارتولد) «ھۆكۈمرانلىق ئىلمى».« ھاكىمىيەت ئىلمى» (كافسۇغلو) دەپ چۈشەنگەن. مېنىڭچە «قۇتادغۇبىلىك »،« پادىشالارغا لايىق بىلىم» ياكى «ھۆكۈم-رانلىق ئىلمى» ئەمەس بەلكى جەمىيەتنى ئۆزگەرتىپ قۇرۇشتىن ئىبارەت ئىنقىلاۋى مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۇلۇغ پەلسەپىي ئەسەر.

× × ×

يۈسۈپ خاس ھاجىپ 19- ئەسىردىكى ياۋروپا ئۇتوپىك سوتسىيالىستلىرىدىنلا ئەمەس، بەلكى ياۋروپا مەدەنىيىتى ۋە ئىدىيە تەرەققىياتىنىڭ قايتا گۈللىنىش دەۋرى (14—16- ئەسىر) دىن بىر نەچچە يۈز يىل ئىلگىرى فېئودالىزمغا، جاھالەتكە كەسكىن ھۇجۇم قوزغاپ، بارلىق جەمىيەت ئەزالىرىغا بىردەك بەخت - سائادەت كەلتۈرىدىغان «يېڭى ».« لەززەتلىك» جەمىيەت قۇرۇش ئىدىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويغان ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر ۋە پەيلاسوپ. ئۇنىڭ ئالغا سۈرگەن ئىدىيىسى تارىختا زور ئىلغار ئەھمىيەتكە ئىگە. لېكىن، ئۇنىڭ ياشىغان دەۋرىنىڭ تارىخى چەكلىمىسى ۋە سىنىپىي چەكلىمىسى تۈپەيلى ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ تەرەققىياتى ۋە جەمىيەتنى ئالغا ئىلگىرىلىتىشنىڭ

ھەركەتلەندۈرگۈچ كۈچى مەسىلىسىنى ماتېرىيالىزم ئاساسىدا ئىزاھلاپ بېرەلمىدى. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ تارىخ قارىشى ئىنسانىيەت تارىخىغا قاراشنىڭ ئىلگىرى ئۆتۈپ كەتكەن بىر دەۋرىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئۇنى ھەرگىز ئىنسانىيەت تارىخىغا قاراشنىڭ يېڭى بىر دەۋرىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ماركسىزمنىڭ تارىخىي ماتېرىيالىزمى بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋېتىشكە بولمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇنىڭ تارىخنى ماتېرىيالىزمچە ئىزاھلاپ بېرەلمىگەنلىكى بىلەنلا ئۇنىڭ تارىخىي ئەھمىيىتىنى يوققا چىقىرىشقىمۇ بولمايدۇ. خۇددى ماۋجۇشى ئېيتقاندەك: «جوڭگونىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك داۋام قىلغان فېئوداللىزملىق جەمئىيىتىدە شانلىق قەدىمقى زامان مەدەنىيىتى يارىتىلدى. قەدىمقى زامان مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىيات جەريانىنى ئېنىقلاپ، ئۇنىڭ فېئوداللىق شاكىلىنى چىقىرىپ تاشلاپ دېموكراتىك مېغىزىنى قوبۇل قىلىش، مىللىتىمىزنىڭ يېڭى مەدەنىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، مىللىتىمىزنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىنى ئۆستۈرۈشنىڭ زۆرۈر شەرتى. ئەمما ئۇلارنى پىپەنسىز، قارا - قويۇق قوبۇل قىلىۋېرىشكە ھەرگىز بولمايدۇ.»③ «قۇتادغۇ بىلىك» جوڭگونىڭ ئەنە شۇ قەدىمقى زامان مەدەنىيىتىنىڭ شانلىق نەمۇنىلىرىدىن بىرى. بىز «قۇتادغۇبىلىك» نى تەتقىق قىلىشتا دەل ماۋجۇشى كۆرسىتىپ ئۆتكەن ئەنە شۇ ئىلمىي پوزىتسىيىدە چىڭ تۇرۇشىمىز لازىم.

«قۇتادغۇ بىلىك» جوڭگو ئىدىيە تەرەققىيات تارىخى ۋە پەلسەپە تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. جوڭگو ئىدىيە تەرەققىيات تارىخى ۋە پەلسەپە تارىخىنى جوڭگودا ئەزەلدىن بىللە ياشاپ كېلىۋاتقان ھەرقايسى مىللەتلەر بىرلىكتە ياراتقان. شۇڭا مەيلى جوڭگو ئىدىيە تەرەققىيات تارىخى ياكى پەلسەپە تارىخى بولسۇن مۇشۇ تارىخىي رېئاللىقنى ئىپادىلەپ بېرەلىگەندىلا ئاندىن مۇكەممەل، ئەتىراپلىق جوڭگو ئىدىيە تەرەققىيات تارىخى ياكى جوڭگو پەلسەپە تارىخى بولالايدۇ. بىراق بۇ مەسىلە تېخى يېتەرلىك ھەل قىلىنغىنى يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەرقايسى ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي ئىدىيىسىنى تەتقىق قىلىش، شۇ مىللەتنىڭلا مەسىلىسى بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ ئىدىيە تەرەققىيات تارىخى ۋە پەلسەپە تارىخىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان مۇھىم بىر ۋەزىپە. شۇنىڭدەك بىزدىن خېلى كۈچ سەرپ قىلىپ ئىشلەشنى تەلەپ قىلىدىغان ئېغىر ۋەزىپە.

ئىزاھاتلار

① «لىيودۋىك فېيرباخ ۋە گېرمانىيە كىلاسسىك پەلسەپىسىنىڭ ئاخىرى»، ئۇيغۇرچە 86—87 - بەتلەر.

② پلېخانوۋنىڭ ئېنگېلس يازغان «لىيودۋىك فېيرباخ ۋە گېرمانىيە كىلاسسىك پەلسەپىسىنىڭ ئاخىرى» ناملىق ئەسىرىنىڭ روسچە تەرجىمىسىگە ئىزاھلار يۇقۇرقى ئەسەر، 116 - بەت.

③ ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلەر، ئۇيغۇرچە، 2 - توم 686 - 687 - بەتلەر.

# تەس مەڭگۈ تېشى

(دەسلەپكى نەشرى)

## س. گ. كلياشتورنىي

تەھرىردىن:

س. گ. كلياشتورنىينىڭ بۇ ماقالىسى «سوۋېت تۈركولوگىيىسى» ژۇرنىلىنىڭ 1983 - يىلى 6 - سانىدا بېسىلغان. تەس مەڭگۈ تېشى يېڭىدىن تېپىلغانلىقى ۋە ئۇيغۇر تارىخىغا مۇناسىۋەتلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، تەتقىقاتچىلار ۋە مۇتەخەسسىسلەرنىڭ پايدىلىنىشىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۇنىڭ تەرجىمىسىنى بەزى ئىزاھاتلار بىلەن قوشۇپ ئېلان قىلدۇق، ھەمدە مەڭگۈ تاش تېكىستىنىڭ خەلقئارا ترانسكرىپسىيەسىدىن پايدىلىنىشقا ئوڭايلىق تۇغدۇرۇش ئۈچۈن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى ئوقۇلۇشىنىمۇ قوشۇمچە قىلدۇق.

1915 - يىلى ب. يا. ۋلادىمىرتسوۋ غەربىي شىمالى موڭغۇلىيىگە قىلغان زىيارىتىدە تەس دەريا ۋادىسىغا بارغان. ئۇ شۇ يەردە رونىك يېزىقىدىكى ئانچە چوڭ بولمىغان بىر تاش پۈتۈكنى تاپقان ۋە ئۇنىڭدىكى يېزىقنى كۆچۈرۋالغان. شۇندىن كېيىن ئۇ بۇ پۈتۈكنى نەشرگە تەييارلاشقا كىرىشكەن بولسىمۇ، ئەينى ۋاقىتتا بۇ پۈتۈكنى نەشر قىلدۇرالمىغان. 1969 - ۋە 1975 - يىللىرى بىز بۇ تاش پۈتۈكنى قايتىدىن تەكشۈرۈپ چىقىش ۋە كېيىنرەك ئېلان قىلىشقا سازاۋەر بولدۇق① مەزكۇر پۈتۈكنىڭ ئاپتورى ۋە قەھرىمانىنىڭ ئىسمى تۇپەك (تۇپەش؟) ئالپ شۇل بولۇپ، بۇ ئىسم يېنىغا يەنە ئىككى تامغا ئويۇلغان. تامغىلارنىڭ ئاساسلىق بىرسىنىڭ تۈزۈلۈشى سېلېڭگا تېشىنىڭ (سىنە ئۇسۇ تاش پۈتۈكنىڭ) چوققىسىدىكى تامغىلاردىن بىرىگە، يەنى ئۇيغۇر خاقانى ئەل ئەتمىش بىلگە قاغاننىڭ (747 - 759) ئۇرۇق بەلگىسىگە ئوخشايدۇ②. بۇ ھال تۇپەك ئالپ شۇلنىڭ ھۆكۈمدار ئۇيغۇر ئۇرۇقى — ياغلاقار ئۇرۇقىغا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ ھەمدە بۇ تاش پۈتۈكنىڭ VIII ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمى — IX ئەسىرنىڭ بېشىدا يېزىلغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

دەل شۇ مەزگىللەردە، يەنى 1974 - 1975 - يىللىرى بىز تېرخىن مەڭگۈ

تېشىدىكى يېزىقلارنى ئوقۇشنىمۇ تاماملىدۇق. بۇ، ئەل ئەتمىش بىلگە قاغاننىڭ بۇيرۇغى بىلەن ئورنىتىلغان ③ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىنىڭ بۈگۈنگىچە ساقلىنىپ قالغان تاش پۈتۈك يادىكارلىقلىرى ئىچىدىكى ئەڭ بۇرۇنقىسى ئىدى. تېرخىن مەڭگۈ تېشىنىڭ ئالدىنقى قۇرلىرىدا تەز دەرياسىنىڭ بېشىدا، يەنى تەسىين غول (تەس - خەم) دەرياسىنىڭ يۇقۇرى ئېقىمىدا خاننىڭ يازلىق بارگاھى قۇرۇلغانلىقى ھەققىدە سۆزلىنىدۇ: «(1) ... شۇ چاغدا ئۆتۈكەننىڭ غەربى چېتىدە، تەز دەرياسىنىڭ بېشىدا بارگاھ قۇرغۇزدۇم. شۇ يەردە، يولۋاس ۋە يىلان يىلى ئىككى يازنى (2) ئۆتكۈزدۇم».④ ئەل ئەتمىش بىلگە قاغاننىڭ تېرخىن مەڭگۈ تېشى ۋە سېلېنگا تېشىدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ پۈتۈكى خان بارگاھلىرىدا يېزىق ۋە بەلگە (تامغا) چۈشۈرۈلگەن تاش پۈتۈك يادىكارلىقلىرى ئورنىتىلغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. شۇڭا، تەسىين غول ۋادىسىدا ئۇيغۇرلارنىڭ خانلىق تامغىسىنىڭ تۇرغۇزۇلغانلىقى ۋە «تەز دەرياسىنىڭ بېشىدا» ئەل ئەتمىش بىلگە قاغاننىڭ يازلىق بارگاھى قۇرۇلغانلىقى ھەققىدىكى بايان، VIII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىدىن قالغان رونىك پۈتۈكلەرنى مۇشۇ دەريانىڭ يۇقۇرى ئېقىمىدىن ئىزلەش لازىم ئىكەنلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرىدۇ.

1976- يىلى يازدا سوۋېت - مۇڭغۇلىيە تارىخ - مەدەنىيەت ئېكسپېدىتسىيەسىنىڭ تەكشۈرۈش پىلانىغا ئاساسەن بىز مۇڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى پەنلەر ئاكادېمىيەسى تارىخ ئىنستىتۇتىنىڭ ئىككى نەپەر تەتقىقاتچى خادىمى س. خارجاۋباي ۋە ئا. ئوچىر بىلەن بىرلىكتە تەسىين غول دەرياسىنىڭ يۇقۇرى ئېقىم رايونى (مۇڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ خۇبسۇغۇل ئايمىقى)نى پىلانلىق تۈردە تەكشۈرۈشكە كىرىشتۇق. تەكشۈرۈش ئىشىمىز تەسىين غول دەرياسىنىڭ باش تەرىپىگە يېقىن بولغان سانغىن دالاي نۇر كۆلىنىڭ يېنىدىكى جايدىن (ئېگىزلىكى 2250 مېتىر) باشلىنىپ، بۇ دەريانىڭ بىر كەڭرى ئويمانلىقتىن چىقىش جايىغىچە، يەنى جۇغدىي نۇر كۆلىنىڭ شىمالىغىراق توغرا كېلىدىغان جايىغىچە ئېلىپ بېرىلدى. تەكشۈرۈلگەن يەرلەر شەرقتىن غەرپكە 180-170 كىلومېتىر، جەنۇپتىن شىمالغا 50-40 كىلومېتىر بولغان دائىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ غەربى ھىنگاندا بولناي تاغ تىزمىلىرىنىڭ ئورمانلىق تارماقلىرى بىلەن گىرانىت تاشلىق تۆپىلىك سانغىلىنىڭ ئوتتۇرىدا تەس دەريا يۇقۇرى ئېقىمىنىڭ كەڭ ۋادىسى جايلاشقان. ئانچە كەڭ بولمىغان بۇ دەريا (تەس دەرياسى) ئاجايىپ ئەگرى - بۈگرى يول سېلىپ ئاقىدۇ ھەمدە بىرمۇنچە تارماقلارغا بۆلىنىپ، كۆپلىگەن كىچىك كۆللەر ۋە تاشلىق دۆڭلەر بىلەن تولغان تاغ - دالاسىنىڭ كۆپ قىسمىنى سۇغۇرۇپ تۇتىدۇ. مول سۇ كەڭ كەتكەن ئوتلاقلار بۇ يەردە نۇرغۇنلىغان چارۋا مال بېقىشقا ئىمكان بېرىدۇ. قەدىمقى ۋە ئوتتۇرا ئەسىر كۆچمەنلىرىنىڭ نۇرغۇنلىغان قەۋرە يادىكارلىقلىرى شىمالىي مۇڭغۇلىيە چارۋىچىلىرىنىڭ قەدىمقى زامانلاردىلا بۇ يايلاقلاردا ياشاپ كەلگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

تەكشۈرۈش جەريانىدا، تۈرۈك دەۋرى (VIII-VI ئەسىرلەر)گە ئائىت ئىككى چوڭ قەۋرىستانلىق تېپىلدى. ئۇلاردىن سەسەرلەگ سومونىنىڭ غەربىي شىمالىي 10 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدىكى بىرسىدە 30 چە بالبالىق⑤ تاش قەۋرە ۋە قوساقلىق تۇپراق بار. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئىككى تاش ھەيكەلنىڭ سۇنۇقلىرىمۇ تېپىلدى. خوجىرت نورىين ئام (چاغان ئۇل سومونىغا تەۋە) دىگەن جايدىكى يەنە بىر قەۋرىستانلىقتا بال-باللىق قەۋرە ۋە توساقلاردىن سىرت يەنە بىر «تاش قاپلىق ساندۇق» تېپىلدى. بۇ «تاش قاپلىق ساندۇق» بىر توپا سۇپىغا (6X6 مېتىر) ئورنىتىلغان بولۇپ، ئەتراپىغا خەندەك كولانغان. دەل مۇشۇ خوجىرت دىگەن جايدا، ل. چەدەۋ ئىسىملىك بىر يەرلىك كىشى بىزگە تەس دەرياسىنىڭ سول قىرغىقىدىكى نوغون تولغوي ئېگىزلىكىنىڭ يېنىدا خەت ئويۇلغان بىر تاشنىڭ پارچىسى بار ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى.

بۇ، تۆت قىرلىق قىزغۇچ گرانىت تاش بولۇپ، كەسمە يۈزى تىك تۆت بولۇڭ شەكلىدە، بىر بېشىدا پۇچۇلۇپ كەتكەن تۆرمىسى بار، يەنە بىر بېشىدا بۇرۇندىن قالغان سۇنۇق ئىزلىرى كۆرىنىپ تۇرىدۇ. بۇ، تۆت يېنىغا قەدىمقى تۈرك رۇنىك يېزىقى ئويۇلغان تاش تۈۋرۈكنىڭ بىر قىسمىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئوچۇق تۈزلەڭدە يېرىمىغىچە يەرگە كۆمۈلۈپ ياتاتتى⑥. گەرچە 1976، 1977 - يىللىرى ۋە 1980، 1982 - يىللىرى ئىنچىكىلىك بىلەن تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلغان بولسىمۇ، تاش تۈۋرۈكنىڭ باشقا قىسىملىرى ياكى ئۇنىڭ ھۆلى (تاشپاقا شەكلىدىكى تاش؟) تېپىلمىدى.

1976 - يىلى بىز بۇ تاش تۈۋرۈكنى خوبسۇغۇل ئايماقلىق مۇزېيغا تاپشۇرۇپ بەردۇق. بۇ تاش شۇ يىلىلا ئۇلان باتورغا كۆچۈرۈلدى، ھازىر موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ تارىخ ئىنستىتۇتىدا ساقلانماقتا.

X X X

يەرلىك ئاھالىلارنىڭ مەلۇماتلىرىغا ئاساسلانغاندا (گەرچە ئۇلارنىڭ مەلۇماتلىرى ناھايىتى قارىمۇ-قارشى بولسىمۇ)، بۇ يادىكارلىقنىڭ تېخى يېقىنقى بىر ۋاقىتلاردىلا نوغون-تولغوي تۆپىلىكىدە ياتقانلىقىنى پەرەز قىلىشقا بولاتتى. 1981 - 1982 - يىللىرى بىز بۇ تۆپىلىكتە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان ئىدۇق، تۆپىلىكنىڭ يېرىم دائىرە شەكلىدە تىندۇرۇلغان سۇنئى قورۇلما ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى. ئۇنىڭ كۆلىمى شىمال-جەنۇب ئوقى بويىچە 37 مېتىر، غەرب-شەرق ئوقى بويىچە 46 مېتىر، ئېگىزلىكى تەخمىنەن 1.05 مېتىر كېلىدۇ. تۆپىلىكنىڭ غەربىي قىسمىدا يانتۇ يولى بار (8 - 9 مېتىر). توپا قاتلىمى ئېلىۋېتىلگەندىن كېيىن تۆپىلىك ۋە يانتۇ يولغا ئىككى قەۋەت قىلىپ تاش پارچىلىرى ياتقۇزۇلغانلىقىنى كۆردۇق. بۇ قورۇلۇشنىڭ غەربىي تەرىپىدە يانتۇ يولى بار بولۇپ، كىسىك پىرامىدا شەكلىدە ئىدى. تاش قاتلىمىنىڭ ئېگىزدىن 0.75 - 0.8 مېتىر چوڭ-قۇرلۇقتا دىئامېتىرى 0.8—1 مېتىر كېلىدىغان بىر گۈلخان ئورنى چىقتى. گۈلخان ئورنىنىڭ ئاستىنقى قاتلىمىدا بىر-بىرىگە پاراللېل قىلىپ قويۇلغان 6 دانە چالا كوي-

گەن چەگزە ساقلىنىپ قالغان. چەگزىلەرنىڭ ھەر بىرىنىڭ دىئامېتىرى 5 — 8 سانتىمېتىر كېلىدۇ. گۈلخان ئورنىنىڭ ئۈستۈنكى قاتلىمى ئۇششاق چۇچىلاردىن ئىبارەت. ئەھۋالدىن قارىغاندا، گۈلخان كۈچلۈك يانغىن بولۇپ كۆيگەن، لېكىن ياغاچلارنىڭ كۆپ قىسمى تولۇق كۆيۈپ بولمىغانلىقىدىن قارىغاندا، كۆيۈشى ئۇزۇنغا سوزۇلمىغان، ئېھتىمال ئۇ كۆيۈپ بولماي تۇرۇپلا كۆمۈۋېتىلگەن بولسا كېرەك. گۈلخاننىڭ تېگىدىن بىر نەچچە پارچە ئات ۋە قوينىڭ سۆڭەكلىرى ھەم قولدا ياسالغان قوپال ساپال قاچىنىڭ سۇنۇقى تېپىلدى. ئېھتىمال تۆپىلىك بىنا قىلىنىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە تېخى تاش ياتقۇزۇلمىغان ۋاقىتتا بۇ يەردە قۇربانلىق گۆشلەرنى پۇشۇرۇش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلگەن بولۇشى مۇمكىن.

بۇ تۆپىلىكتە تاش تۈۋرۈكنىڭ ھۆلى تېپىلمىغانلىقى ئۈچۈن، مەزكۇر يادىكارلىق مۇشۇ ئورۇندا تۇرغۇزۇلغان دېيىش تېخى ئىسپاتلانمىغان پەرەزدىن ئىبارەت بولۇپ تۇرماقتا. شۇنداقتىمۇ، نوغون-تولغوي بىلەن تېرخىن مەڭگۈ تېشى ئورنىتىلغان قۇرۇلمىنىڭ ئوخشاشلىقىدىن قارىغاندا، تۆپىسىگە تاش ياتقۇزۇلغان ۋە يانتۇ يوللۇق چېگىدالما كېسىك پىرامىدا بىلەن رۇنىك يېزىقى ئويۇلغان تاش تۈۋرۈك بىر پۈتۈن قۇرۇلمىنىڭ تەركىۋى قىسىملىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ قۇرۇلمىنىڭ باشقا قىسىملىرى، جۈملىدىن تاش تۈۋرۈكنىڭ ھۆلى كېيىنكى ۋاقىتلاردا يوقىلىپ كەتكەن دەپ قىياس قىلىشقا بولىدۇ.

نوغون-تولغوينىڭ غەربى جەنۇبىدىن ئۈچ كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا خۇخ-تولغوي دېگەن بىر توپىلاڭ تۆپىلىك بولۇپ، شەكلى جەھەتتىن نوغون-تولغويغا ئوخشايدۇ، لېكىن ئۇنىڭدىن ئىككى ھەسسە كىچىك، ئېگىزلىكى 1 مېتىر. بۇ تۆپىلىكنىڭمۇ غەرپ تەرىپىدىن بىر قىسقا «تىل»، يەنى يانتۇ يول چىقىپ تۇرىدۇ. 1931-يىلى كولانغان كىچىك تىك قۇدۇق بۇ تۆپىلىكنىڭمۇ سۇنئىي قۇرۇلما ئىكەنلىگىنى ئىسپاتلىغان ئىدى.

تەس مەڭگۈ تېشىنىڭ تېپىلغان تۆۋەنكى قىسمى تىك تۆت بۇلۇڭلۇق گرانىت تاش پارچىسىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 0.86 مېتىر، يانلىرىنىڭ كەڭلىكى 0.32 ۋە 0.22 مېتىر. بۇ تاشنىڭ يان يۈزلىرى تېرخىن مەڭگۈ تېشىغا ئوخشاش سىلىقلانغان ھەمدە ئۇزۇنىغا بويلاپ تۈز سىزىقلار چېكىلگەن. تۈز سىزىقلارنىڭ ئارىلىقلىرىغا رۇنىك يېزىقىدا كەڭ يانلىرىدا 6 قۇردىن، تار يانلىرىدا 5 قۇردىن خەت چېكىلگەن. ساقلىنىپ قالغان پۈتۈك يۈزىنىڭ ئومۇمى ئۇزۇنلۇقى (قۇرلارنىڭ ساقلىنىپ قالغان قىسىملىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى) 0.76 مېتىر، ھەرپ بەلگىلىرىنىڭ ئېگىزلىكى 3،5-4 س. م. ھەرپلەرنىڭ تاشقا ئويۇلۇش ئۇسۇلۇبى تېرخىن ۋە سېلىنگا تاش پۈتۈكلىرىدىكىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. بۇ تاش پۈتۈكلەردىكى ھەرپ شەكىللىرىنىڭمۇ بىر-بىرىگە تامامەن ئوخشايدىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس. تەس مەڭگۈ تېشىنىڭ تۆۋەنكى قىسمىنىڭ تار يانلىرىدىن بىرىگە تامغا ئويۇلغان. بۇ تامغا تېرخىن مەڭگۈ تېشىنىڭ تاشپاقا شەكىللىك ھۆلىدىكى ۋە شىنە ئۇسۇ مەڭگۈ تېشىدىكى تامغىلارغا («سوۋېت تۇر-

كولوگىيىسى»، 1980، 3 - سان، 2 - قىسىمىغا قارالسۇن) ئەينەن ئوخشاش بولمىسىمۇ، تۈرى جەھەتتىن يېقىنلىشىدۇ. بۇ ئۈچ تامغىنى شۇ يادىكارلىقلارنى بەرپا قىلغۇچىلارنىڭ بەلـگىلىرى دەپ پەرەز قىلىشقا بولىدۇ.




a — تەس يادىكارلىقىنىڭ تۆۋەنكى قىسمىنىڭ جەنۇبى يېنىدىكى تامغا. б — تېرخىن — يادىكارلىقىنىڭ تاشپاقا شەكىللىك ھۇلىدىكى تامغا. c — موغۇن شىنە ئۇسۇ يادىكارلىقىنىڭ تۆۋەنكى قىسمىنىڭ جەنۇبى يېنىدىكى تامغا.

تېرخىن مەڭگۈ تېشى بىلەن تەس مەڭگۈ تېشىنىڭ بەرپا قىلىنىش سەۋەبى ئوخـشاش، ئۇلارنىڭ بەرپا قىلىنغان ۋاقىتلىرىمۇ بىر - بىرىگە خېلى يېقىن (بۇ ئىككى تاشنىڭ ۋاقىت پەرقى 6-8 يىل كېلىدۇ). تېرخىن مەڭگۈ تېشىدىكى قۇرلارنىڭ جايلىـشىش ئەھۋالى بويىچە ئالغاندا، تەس مەڭگۈ تېشىنىڭ كەڭ يانلىرىنى شەرقى، ۋە غەربى تەرەپلەر، تار يانلىرىنى شىمالىي ۋە جەنۇبىي تەرەپلەر دەپ ئاتاشقا بولىدۇ. ئاپتور تامـغىسىنىڭ جايلاشقان ئورنىنى نەزەردە تۇتقاندا، خۇددى شىنە ئۇسۇ ۋە تېرخىن يادىكار-لىقلىرىدىكىگە ئوخشاشلا، تەس مەڭگۈ تېشىنىڭ تامغا ئويۇلغان يېنىنى جەنۇبى تەرەپ، پۈتۈكنىڭ باشلىنىش قۇرلىرى ئويۇلغان يېنىنى، خۇددى تېرخىن يادىكارلىقىدىكىدەكلا، غەربى تەرەپ دەپ ھېساپلاش مۇمكىن. شۇنداق بولغاندا، تەس مەڭگۈ تېشىدىكى يادىكارلىقنى بەرپا قىلغۇچىنىڭ تامغىسى گويا پۈتۈك ئاخىرىنىڭ قوشۇمچە ئىپادىلىنىشى بولۇپ قالىدۇ.

ئەپسۇسكى. دەل غەربى تەرەپنىڭ تۆۋەنكى قۇرى (باشلىنىش قۇرى) ئۆپۈراپ يوقىلىپ كەتكەن. جەنۇبى تەرەپنىڭ ئەڭ يۇقۇرقى قۇرىمۇ، يەنى مۇشۇ تەرەپتىكى پۈتۈكـنىڭ ئاخىرقى قۇرىمۇ پۈتۈنلەي بۇزۇلغان. شۇنداق قىلىپ، بۇ تاش تۇرۇك پارچىسىدا ئەسلىدىكى يىگىرمە ئىككى قۇردىن يىگىرمە قۇرنىڭ تۆگەنچە قىسىملىرى ساقلىنىپ قالغان. ساقلىنىپ قالغان قۇرلارنىڭ ھەر بىرى ئەسلىدىكى قۇرنىڭ يېرىمى ياكى ئۈچـنىڭدىنمۇ ئازىراقىدىنلا ئىبارەت. بىر مۇنچە ھەرپ بەلگىلىرىمۇ ياخشى ساقلانمىغان. شۇڭا، بۇ پۈتۈكنىڭ ئوقۇشقا بولىدىغان قىسمى ئەسلىدىكى يادىكارلىق تېكىستىنىڭ ئۈچـ

تىن بىرى ياكى تۆتتىن بىرىنىلا تەشكىل قىلىدۇ. بۇ ھال مەزكۇر پۈتۈكتە بايان قىلىنغان ۋەقەلەرنىڭ شەرھىلىنىش ئىمكانىيىتى زور چەكلىمىگە ئۇچرىتىدۇ.

X X X

تەس پۈتۈكى بىزنىڭ مۇڭغۇل كەسپداشلىرىمىزدىن مەرھۇم م. شىنەخۇ ۋە س. خارجاۋ باينىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى بولۇپ قالغان ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى ھېچ-قانداق چۈشەندۇرۇش ۋە باھا بەرمەيلا شۇنداقلا رۇنىك تېكىستىنىڭ بۇزۇلغان جايلىرىنى ئەينەن ئەسلىگە كەلتۇرمەي تۇرۇپلا، پۈتۈكنىڭ ئۆزلىرى ئىشلەپ چىققان ئوقۇلىشىنى ۋە مۇڭغۇلچە تەرجىمىسىنى ئېلان قىلدى.⑦ س. خارجاۋباي يەنە تېكىستنىڭ رۇسچە تەرجىمىسىنى-مۇ ئوتتۇرىغا قويدى. س. خارجاۋباي ئۆ ئەمگىكىنىڭ مېتودى ھەققىدە: «تېكىستىنىڭ تەرجىمىسى تولۇق ۋە ئېنىق بولسۇن ئۈچۈن بىز تېكىستتىكى ھەر بىر سۆزنى كلاسسىك مۇڭغۇل پۈتۈكلىرىدىكى يىلتىزداش سۆزلەر بىلەن زە قەدىمقى تۈركى تىلىنىڭ دىئالېكتلىرىدىن بىرى بولغان قازاق تىلى بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرۈشكە ھەركەت قىلدۇق».⑧ دەيدۇ. م. شىنەخۇمۇ بۇ يادىكارلىقنى مۇڭغۇل تىلىنىڭ لېكسىكىسى ۋە گىراماتىكىسىغا ماسلاشتۇرۇپ شەرھىيلەيدۇ.

رۇنىك يادىكارلىقلارنىڭ تىلى توغرىسىدىكى كۆز قاراشلىرىمىز ۋە ئۇلارنى شەرھىلەشتىكى چىقىش نۇقتىمىز تۈپتىن ئوخشاش بولمىغانلىقى بىزنىڭ موڭغۇل كەسپداشلىرىمىز ئوتتۇرىغا قويغان ئىش ئۇسۇلى ۋە تەتقىقات نەتىجىلىرى ئۈستىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزىشىمىزگە ئىمكان بەرمەيدۇ⑨. بىز پەقەت بۇزۇلغان ھەرپ بەلگىلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتە سادىر قىلىنغان خاتالىقلارنى تۈزىتىش بىلەنلا چەكلەندۇق. بىزنىڭ بۇ پۈتۈك ھەققىدىكى شەرھىيىمىزنىڭ يۇقۇرىدا ئىسىملىرى تىلغا ئېلىنغان ئىككى شەخسنىڭ شەرھىيلىرىگە ئوخشىمايدىغانلىقى تۇرغان گەپ، بۇنى چۈشەندۈرۈپ ئولتۇرۇشنىڭمۇ ھاجىتى يوق.

تېكىستنىڭ ساقلىنىپ قالغان پارچىلىرىدىن كورۇشكە بولىدۇكى، تەس پۈتۈگىنىڭ تۈزۈلۈشى تېرخىن تاش پۈتۈگىنىڭ تېكىست تۈزۈلۈشىگە تامامەن ئوخشايدۇ. تەس پۈتۈگىدىكى ھەرپ بەلگىلىرىنىڭ شەكىل جەھەتتىن تېرخىن پۈتۈگىدىكى ھەرپ بەلگىلىرىگە ئالاھىدە يېقىن ئىكەنلىكىنىمۇ ئەسكەرتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ ئىككى يادىكارلىق بىلەن موغون شىنە ئۇسۇ يادىكارلىقىدىكى بەزى ھەرپ بەلگىلىرىنىڭ پەرقى بولسىمۇ، بۇنداق پەرقلەر چوڭ ئەمەس. ھەرپ بەلگىلىرىنىڭ قارابالغاسۇن يېزىقىغا خاس بولغان بىر قەدەر مۇرەككەپ يېزىلىش شەكىللىرى پەقەت سەۋرەي تېشىدىكى پۈتۈكنىڭ ئاز بىر قىسىم ئالاھىدىلىكلىرىدىلا ئىپادىلىنىدۇ.

تاش تۈۋرۈكنىڭ ساقلىنىپ قالغان قىسمىدىمۇ پۈتۈكنىڭ يېرىمى دىگۈدەك بۇزۇلغان. شۇنداق بولسىمۇ، تەس پۈتۈگىنىڭ بىرىنچى قىسمى ئەل ئەتمىش بىلگە قاغان ۋارىسىنىڭ تەختكە ئولتۇرۇشىدىن ئىبارەت ئاساسلىق سيۇژىتىنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ.

غەربى يۈزى



شىمالى يۈزى



شەرقى يۈزى



جەنۇبى يۈزى



پۈتۈكنىڭ مۇقەددىمىسىدە (1-6-قۇرلار) ئەل ئەتمىش بىلگە قاغان ئىككى يەردە تىلغا ئېلىنىدۇ: 5-قۇردا «ئەل ئەتمىش خانىم» دەپ ئاتىلىپ ئۇنىڭ ۋاپاتى ھەققىدە سۆزلىنىدۇ؛ 4-قۇردا بولسا، «ئۇيغۇر خانىم» دەپ ئاتىلىپ ئۇنىڭ سەلتەنىتى تېخى يېقىندىلا بولۇپ ئۆتكەن ۋەقە تەرىقىسىدە سۆزلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئۇنىڭ «يابغۇم» دەپ ئاتالغان ۋارىس ئوغلىنىڭ تەختكە ئولتۇرۇشى بايان قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئالدىدا، 3-، 4-قۇرلاردا تەختكە ئولتۇرۇش مۇراسىمى، يەنى يېڭى قاغاننىڭ «(كىمگىزدە) كۆتىرىلگەنلىكى» بايان قىلىنغان. ئېرخىن پۈتۈكىدە تولۇق ساقلانغان ۋە شىنە ئۇسۇ پۈتۈكىدە يېتەرلىك دەرىجىدە ساقلانغان بايانلارنىڭ تۈزۈلمىسىدىن قارىغاندا، تەس پۈتۈكىدىمۇ ئالدىنقى ئىككى قۇردا قاغان بىلەن قاتۇننىڭ تولۇق سەلتەنەتلىك ئىسىملىرى؛ ئۇلارنىڭ تەختكە ئولتۇرغان ۋاقتى (2-قۇردا: «...يىلى»)، قاغان ئوردىسى جايلاشقان يەر ياكى قاغان تەختكە ئولتۇرغان يەرنىڭ ناملىرى يېزىلغان بولۇشى كېرەك. ئېھتىمال، يېڭى قاغاننىڭ تەختكە چىقىشى بۇرۇنقى ھاياتىدىن ئېلىنغان ۋەقەلەرمۇ سۆزلەنگەن بولۇشى مۇمكىن، ئەنە شۇنداق ۋەقەلەردىن بىرىنىڭ يېزىلغان ۋاقتى ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، بۇ «توخۇ يىلى» دېيىلگەن (757-يىل).

«توخۇ يىلى» يېڭى ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ تارىخىدا ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك بىر يىل. دەل شۇ يىلدىن باشلاپ قۇدرەتلىك تاڭ سۇلالىسى ئۇزۇن يىللارغىچە ئۇيغۇر قاغانلىرىنىڭ ھەربىي ياردىمىگە مۇھتاج بولۇپ قالغان. جۇڭگونىڭ دۆلەتمەن تۈركى-سوغد ئۇرۇغىدىن بولغان چېگرا سەركەردىسى ئەن لۇشەن 755-يىلى شىيەنياڭدا ئىسيان كۆتەرگەن.[11] ئۇنىڭ ئارمىيىسى ئاساسى جەھەتتىن سولانىنىڭ تۈركى ئىتتىپاقداشلىرىنىڭ ئاتلىق قىسىملىرىدىن تەشكىللەنگەن بولۇپ، پادىشا قوشۇنلىرىنى كەينى-كەينىدىن يەڭگەن. پادىشا جەنۇپقا قاچقان. لوياڭ ۋە چاڭئەندىن ئىبارەت ھەر ئىككى پايتەخت ئىسيانكارلارنىڭ قولىغا ئۆتكەن. ئەنە شۇنداق بىر جىددىي پەيتتە تاڭ سۇلالىسى ئوردىسى ئەل ئەتمىش بىلگە قاغاندىن ياردەم سورايدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتلىق قوشۇنى 757-يىلى ئىيول ئېيىدا ئىسيانكارلارنى مەغلۇپ قىلىدۇ. ئەن لۇشەن ئۆلتۈرۈلىدۇ[11]. ئىسيان تولۇق باستۇرۇلمىغان بولسىمۇ لېكىن پادىشا ھاكىمىيىتى مەملىكەتنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىدا ئەسلىگە كەلتۈرۈلىدۇ. 757-يىلى دېكابىردا ئۇيغۇرلارنىڭ زەربىدار قوشۇنى ۋەدە قىلىنغان سوغا-تارتۇقلارغا ئىگە بولغاندىن كېيىن قىرغىزلار بىلەن بولغۇسى جەڭگە (758-يىلى) قاتنىشىش ئۈچۈن قايتىپ كېتىدۇ.

جۇڭگوغا يۈرۈش قىلىنغان ۋاقىتتا ئۇيغۇر قوشۇنىغا ئەل ئەتمىش بىلگە قاغاننىڭ چوڭ ئوغلى قوماندانلىق قىلغان ئىدى. جۇڭگو تارىخچىلىرى ئۇنى «يېخۇ»، يەنى «يابغۇ» دەپ ئاتاشقان بولۇپ ئۇنىڭ ئۆز ئىسمى تىلغا ئېلىنمىغان.[12] ئېرخىن پۈتۈكىدە ئۇ قۇتلۇغ بىلگە يابغۇ دەپ ئاتالغان (12-قۇردا). ئۇ غەلىبىلىك يۈرۈش قىلىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۇزۇن ئۆتمەي، ئىسيان كۆتىرىشكە ئۇرۇنغان دىگەن گۇنا بىلەن ئەيىپلىنىپ،

ئۆز ئاتىسىنىڭ بۇيرۇغى بويىچە ئۆلتۈرۈلگەن. شۇندىن كېيىن، يابغۇ ئۇنۋانى ۋە تەختكە ۋارسلىق قىلىش ھوقۇقى ئەل ئەتمىشنىڭ ئىككىنچى ئوغلىغا ئۆتكەن. ئاتىسىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، 759 - يىلى ماي ئېيىدا «كىگىزدە كۆتىرىلگەن» ئەنە شۇ ئىككىنچى ئوغۇل ئىدى[13]. بۇ پۈتۈكتە «توخۇ يىلى» نىڭ تىلغا ئېلىنغانلىقى ئەل ئەتمىشنىڭ ئىككىنچى ئوغلىنىڭ جۇڭگوغا قىلىنغان بىرىنچى قېتىملىق يۈرۈشكە قاتناشقانلىقىدىن بىشارەت بېرىدۇ. تەس مەڭگۇ تېشىدا ئۇ ئۆزى ئورنىنى تارتىۋالغان ئاكىسىدىن پەرقلەندۈرۈلۈپ، مەدھىيىلىنىدۇ.

جۇڭگوغا قىلىنغان يۈرۈشكە مۇناسىۋەتلىك ۋەقەلەر شىنە ئۇسۇ مەڭگۇ تېشىدا بىر قەدەر تەپسىلى بايان قىلىنغان (غەربى يېنى، 3-5- قۇرلار). ئەپسۇسكى، بۇ تاش پۈتۈكنىڭ دەل ئەشۇ غەربى يېنى ھەممىدىن ئۇپراپ كەتكەن. بۇنىڭدا ساقلىنىپ قالغان خەتلەردىن قاغاننىڭ «جۇڭگو خانى» بىلەن قانداقتۇ بىر ئىتتىپاق تۈزگەنلىكىنى، «مىڭ كىشىلىك قوشۇن» نىڭ ئېۋەتىلگەنلىكىنى، قاغاننىڭ «ئۆز ئويى» گە قايتىپ كەلگەنلىكىنى ئۇقىلى بولىدۇ. ئاندىن مۇنداق سۆزلەر يېزىلغان: ...takıqu yılka oqlımın «توخۇ يىلى ئوغلۇمنى (ياكى: ئوغۇللىرىمنى)...»[14]. 6 - قۇردا كىمدۇ بىرى تەرىپىدىن بۇزۇلغان بۇرچ ۋە قەسەملەر نەقىل قىلىنىدۇ[15]. ئېھتىمال، بۇ، قاغاننىڭ چوڭ ئوغلىنىڭ ئۆز بېشىمچىلىقى (ئىسيانى) ھەققىدىكى گەپلەر بولسا كېرەك.

قىرغىزلارغا ئۇتۇقلۇق يۈرۈش قىلىپ قايتقاندىن كېيىن، ئەل ئەتمىشنىڭ خەنزۇ مەملىكىتىنى ئۆز ئىلكىگە ئېلىش تەلىۋى قاندۇرۇلىدۇ. شۇندىن كېيىنلا، 758 - يىلى ئاۋغۇستتا جۇڭگوغا يەنە بىر قېتىم ياردەمچى قوشۇن ئەۋەتىلىدۇ. بۇ قوشۇنغا قاغاننىڭ يېقىن تۇققانلىرىدىن بىرى بولغان گۇجو دېلى، يەنى قۇتلۇغ چور تېگىن قوماندانلىق قىلىدۇ[16]. ئۇيغۇر قوشۇنى ئىسيانكارلار بىلەن بولغان جەڭدە مەغلۇپ بولۇپ، جەڭ مەيدانىدىن قاچىدۇ. ھېچقايسى يادىكارلىقتا قاغان ئوغۇللىرىنىڭ بۇ قېتىمقى مۇۋەپپەقىيەتسىز يۈرۈشكە قاتناشقانلىقى ھەققىدە گەپ قىلىنمايدۇ.

ئەل ئەتمىشنىڭ ۋارىسى بولغان خانزادە جۇڭگو مەنبەلىرىدە ئىدىگەن دىگەن ئىسىم بىلەن ئاتىلىدۇ. بۇ خانزادە تېرخىن پۈتۈكىنىڭ ئاپتورى بولۇپ، بۇ پۈتۈكتە ئۇ بىلگە تارخان (12 - قۇردا) ۋە قۇتلۇغ تارخان سەنگۈن (14 - قۇردا) دەپ ئاتالغان. ئېھتىمال، ئىدىگەن دىگەن ئىسىم (تۈركى idi kenq، سۆزمۇ-سۆز مەنىسى «جاناپ كىچىك»، يەنى «كىچىك جاناپ») خانزادىنىڭ باللىق ئىسمى بولۇپ، ئۇنىڭ تولۇق ئەرچە ئىسمى (er ati) قۇتلۇغ بىلگە تارخان سەنگۈن بولغان بولسا كېرەك[17]. ئۇ 758 - يىلى يابغۇ بولىدۇ. تېرخىن پۈتۈگىدە قۇتلۇغ تارخۇن سەنگۈننىڭ «شۇنچە كوپ خەلقلەرنى شەرەپ بىلەن يەڭگەن» لىكى (14 - قۇردا) تىلغا ئېلىنغان. تاڭ سۇلالىسىنىڭ يىلنامىلىرىدا يېزىلىشىچە، خانزادا تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىن «مەۋيۈي كېخەن»، يەنى بۆگۈ قاغان (bøgü kaqan «دانىشمەن قاغان») دىگەن ئىسمىنى قو-

بۇل قىلغان. ئۇ قارا بالغاسۇن پۈتۈكىنىڭ سوغدىچە نۇسخىسىدىمۇ (821 - يىل) شۇ ئىسىم بىلەن ئاتالغان[18]. جۇڭگو مەنبەلىرىدە ئۇنىڭ خانلىق ئىسمىنىڭ باشقا ۋارىيانتلىرىمۇ ئۇچرايدۇ: تەڭرى قاغان، تەڭرى ئەل تۇتمىش ئالپ كۆلۈگ بىلگە قاغان. قارا بالغاسۇن يادىكارلىقىنىڭ خەنزۇچە نۇسخىسىدا ئۇنىڭ ئىسمىنىڭ ئەڭ تولۇق ۋارىيانتى خاتىرىلەنگەن: تەڭرىدە قۇت بولمىش ئەل تۇتمىش ئالپ كۆلۈگ بىلگە قاغان[19]. ئۇيغۇرلار جۇڭگوغا يەنە بىر قېتىم يۈرۈش قىلىپ 762 - 763 - يىللار، ئەن لۇشەن ۋارىسلىرىنىڭ ئىسيانچى ئارمىيىلىرىنى تارمار قىلىشتا ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغاندىن كېيىن بۆگۈ قاغان «يىڭۋۇ جياڭ گۈن»، يەنى «قەھرىمان، ئادىل، شەۋكەتلىك» دېگەن پەخرى نامنى قوبۇل قىلدۇ[20]. سەۋرەي پۈتۈكىنىڭ تۈركى نۇسخىسىدا (763 - يىل) بۇ ئۇنۋان قىسقارتىلىپ، خاس ئىسىم سۈپىتىدە «ئىنگى» دەپ خاتىرىلەنگەن[21].

762 - يىلدىكى يۈرۈشتە بۆگۈ قاغان ئۆزىنىڭ چوڭ خوتۇنىنى بىللە ئېلىپ ماڭغان ئىدى. «تاڭ شۇ»دا بۇ خانىشنىڭ تۈركى ئۇنۋانىنىڭ بىر قىسمى بولغان بىلگە قاتۇن دېگەن نام تىلغا ئېلىنغان[22]. ئۇ، ئەن لۇشەن بىلەن بولغان ئۇرۇشلارنىڭ قەھرىمانى، تاڭ سۇلالىسىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن سەركەردىسى. خۇددى ئۇيغۇرلارغا ئوخشاشلا توققۇز ئوغۇز قەبىلە ئىتتىپاقىغا تەۋە بولغان پۇگۇ قەبىلىسىنىڭ بەگ جامائىتىدىن بولغان خۇەي ئەننىڭ قىزى ئىدى. ئۇ 768 - يىلى ئۆلگەندىن كېيىن قاغان ئۇنىڭ سىڭلىسىغا ئۆيلەنگەن[23].

بۆگۈ قاغان 763 - يىلى مانى دىنىنى ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ دۆلەت دىنى قىلىپ بېكىتتى. يېڭى دىننى مۇستەھكەملەش ۋە كېڭەيتىشتە لوياڭ ۋە چاڭئەندىن كەلتۈرۈلگەن سوغد روھانىلىرى ۋە شىنجاڭنىڭ تۈركى مانى جامائەلىرى ئۇنىڭغا ياردەمدە بولدۇ. تۇرپان ئويمانلىقىدىن تېپىلغان قەدىمقى ئۇيغۇر مانى تېكىستلىرى ئىچىدە بۆگۈ قاغاننىڭ ئىسمى تىلغا ئېلىنغان ئىككى پارچە قوليازما ساقلىنىپ قالغان. ئۇلارنىڭ بىرىدە (T.II.Д.135) قاغان ئۇنۋانىنىڭ ئەڭ تولۇق ۋە ھەشەمەتلىك ۋارىيانتى خاتىرىلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭ مەركىزى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا مانى مۇھىتىدىكى ئەڭ نوپۇزلۇق شەخس ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ: uyƣur haƣan uluƣ ilig təngridə ⱪut bolmix ərdənin il tutmix alp ⱪutluƣ külügbilgə zaⱨagi mani «ئۇلۇغ ئىلىگ تەڭرىدە قۇت بولمىش ئەردەنىن ئەل تۇتمىش ئالپ قۇتلۇغ كۆلۈگ بىلگە ئۇيغۇر خاغان زاھاگى مانى»[24]. ئاخىرقى ئىككى سۆز ئوتتۇرا پارسچە بولۇپ، «مانىنىڭ پارچىسى» (ف. مىيۇللېرنىڭ پىكرى) ياكى «مانى ئەۋلادى» (ۋ. ئا. لىۋشىتىنىڭ تەبىرى) دېگەننى بىلدۈرىدۇ. ئىككىنچى تېكىست (TT.276a) بىر مانى مۇرىتى تەرىپىدىن يېزىلغان بولۇپ، تەڭرىدەك بۆگۈ قاغاننىڭ (بۇ ھۆججەتتە ئۇ شۇنداق دەپ ئاتالغان) مانى جامائەسىدىكى دىندار ۋە ئاقسۆڭەكلەر بىلەن كۆرۈشكەنلىكى ۋە سۆھبەتلەشكەنلىكى، شۇنداقلا مانى دىنىنىڭ خانلىقنىڭ دۆلەت دىنى قىلىپ ئېلان قىلىنغانلىقى بايان قىلىنغان[25]. 765 - 766 - يىللىرى جۇڭگوغا ئۈچىنچى قېتىم يۈرۈش قىلىنغان. بۇ

قېتىم ئۇيغۇرلارغا بۆگۈ قاغاننىڭ ئىنىسى ئالىپ ئۇلۇغ تۇتۇق ياغلاقار قوماندانلىق قىلىدۇ،[26] تېرخىن پۈتۈكىدە ئۇ، ئالىپ ئىشبارا سەنگۈن ياغلاقار دېگەن ئىسىم بىلەن ئاتالغان (7 - قۇردا). كۆچمەنلەرنىڭ ئادىتى بويىچە، ئۇ، ئاتا ئۆيىگە ۋە ياغلاقار ئۇرۇغىنىڭ ھۆكۈمدارلىقىغا ۋارىسلىق قىلغان. شۇڭا ئۇنىڭ توققۇز - ئون يىل داۋامىدا ئۆزگىرىپ كەتكەن ئۇنۋانىنىڭ خەنزۇچە يېزىلىشىدىمۇ، تۈركچە يېزىلىشىدىمۇ ئۇرۇق نامى ساقلىنىپ قالغان. ئۇيغۇر قوشۇنى بۆگۈ قاغاننىڭ ئىسيان كۆتەرگەن قېينى ئاتىسى بۇگۇ خۇەي ئەنگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن جۇڭگوغا بارغان ئىدى. ۋاھالەنكى، ئۇرۇش جەريانىدا خۇەن ئەن ئۆلگەندىن كېيىن ئۇيغۇرلار تىغ ئۇچىنى باشقا تەرەپكە قارىتىپ، خۇەي ئەننىڭ ئىتتىپاقچىلىرىدىن بولغان تۇبۇتلەرگە (تىبەتلىكلەرگە) قارشى ئۇرۇش قىلىۋات- قان تاڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىغا ھەل قىلغۇچ ياردەم كۆرسەتتى.

كېيىنكى ئون ئىككى يىل جەريانىدا تاڭ سۇلالىسى ئۇيغۇرلار بىلەن بولغان دوستانە مۇناسىۋەتلەرنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئىتائەتمەنلىك بىلەن زور ئىقتىسادىي چىقىملارنى كۆتىرىپ ۋە سىياسى جەھەتتىن زىيان تارتىپ كەلگەن ئىدى. پەقەت 778-يىلىغا كەلگەندىلا ئۇيغۇرلار بىلەن خەنزۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى جىددىيلىشىپ قالىدۇ. ئىككىنچى يىلى بۆگۈ قاغان ئۆز ئوردىسى ئىچىدە كۆتىرىلگەن ئىسياننىڭ قۇربانى بولىدۇ. ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى ئەڭ نوپۇزلۇق تورە تونباغا تارقان بۇ ئىسيانغا باشچىلىق قىلىدۇ. ئۇ تېرخىن مەڭگۈ تېشىدا «ئىچكى بۇيرۇقلار بېشى ئىنانچۇ باغا تار- قان» دەپ ئاتالغان (6- قۇردا). تونباغا تارقان ئۇيغۇر ئوردىسىدىكى مانى دىنىغا قارشى گۇرۇھنىڭ باشلامچىسى بولۇپ، جۇڭگونىڭ قوللاپ-قۇۋۋەتلىشىگە ئىگە ئىدى[27]. ئىسياندا بۆگۈ بىلەن بىر قاتاردا ئۆلتۈرۈلگەنلەر ئىچىدە ئۇنىڭ ئىككى ئوغلى، ئەڭ يېقىن مەسلىھەتچىلىرى ۋە نۇرغۇن سوغدلار بولۇپ، كېيىنكىلىرى قاغاننىڭ قانات ئاس- تىدىكى مانى روھانىلىرى بولسا كېرەك. تون باغا تارقان شۇندىن كېيىن ئالىپ قۇتلۇغ بىلگە قاغان دەپ ئاتىلىدۇ، (780 - 789 - يىللار)، ياغلاقار ئۇرۇغىدىن بولۇپ، تەس پۈتۈكىنى ئۆزىنىڭ تۇنجى خىتاپنامىسى قىلغان ئۇچىنچى ئۇيغۇر قاغانىنىڭ ھاياتى ئەنە شۇنداق تاماملاندى.

ئەل ئەتمىش بىلگە قاغاننىڭ ھەر ئىككى يادىكارلىقىنىڭ باش قۇرلىرىغا تەدبىقلىغان- دا، تەس پۈتۈكىنىڭ بىرىنچى قۇرىنى مۇنداق دەپ ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە بولىدۇ: [تەڭرىدە قۇت بولمىش ئەل تۇتمىش ئالپ قۇتلۇغ كۆلۈگ بىلگە (بۆگۈ؟) قاغان ... بىلگە قاتۇن قاغان ئاتاغ قاتۇن ئاتاغ ئاتانىپ...]. ئەگەر 12- قۇردىكى ئۇچراپ كەتكەن جايىدا بۆگۈ قاغاننىڭ تەختكە ئولتۇرغان يىلى خاتىرىلەنگەن بولسا، ئۇنى «توققۇز يىلى» (759- يىل) دەپ ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە بولىدۇ. [toguz] yil [ka] قارىغاندا، ھازىرقى ۋاقىتتا تەس يادىكارلىقى مۇقەددىمىسىنىڭ بۇزۇلغان قىسمىدىن مۇشۇ ئىككى جايىنىلا پەرەز ئارقىلىق ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە بولىدىغاندەك قىلىدۇ.

پۈتۈكنىڭ ھەجمى جەھەتتە ئەڭ چوڭ بولغان مەركىزى قىسمى (7-18- قۇرلار) ئۇيغۇر ئېلىنىڭ، يەنى توغرىراق ئېيتقاندا، «دۇنيا بىنا بولغاندىن» تارتىپ بۆگۈنىڭ ئالدىنقى ئەۋلادى ئەل ئەتمىش بىلگە قاغانغىچە بولغان ئۇيغۇر قاغانلىرىنىڭ تارىخىغا بېغىشلانغان. تەس پۈتۈكىدە تۈركلەر بىلەن بولغان ئاخىرقى ئۇرۇش ھەققىدىكى ئەسلىمە ياكى ھېچبولمىغاندا بىرەر ۋەقەلىكنىڭ بايانى خاتىرىلەنمىگەن. ھالبۇكى، ئەل ئەتمىش بىلگە قاغاننىڭ ھەر ئىككى پۈتۈكىدىكى بايانىنىڭ ئاساسلىق قىسمى تۈركلەر بىلەن بولغان ئۇرۇش ھەققىدىكى گەپلەردىن ئىبارەت ئىدى. شۇنداقتىمۇ، تۈرك قاغانلىرىنىڭ يايلاقتا ھۆكۈمرانلىق قىلىش ھوقۇقىنىڭ تارىخىي ئاساسلىرى ھەققىدە يېزىپ قالدۇرغان تاش پۈتۈك باياناتلىرىغا بولغان قارىمۇ-قارشىلىق تەس پۈتۈكىدىمۇ ناھايىتى روشەن ئىپادىلىنىدۇ. تۈرك بىلگە قاغاننىڭ «دانىشمەن ۋە باتۇر» تۈرك قاغانلىرى ئەزەلدىن تارتىپ «ئادىمىزات» ئۈستىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلىپ كەلگەن دەپ (كۆل تېگىن مەڭگۈ تېشى — چوڭ پۈتۈك، 1-3- بەتلەر ۋە بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى — چوڭ پۈتۈك. 3-5- قۇرلار) تەكىتلىگەنلىكىنىڭ ئەكسىچە، تەس پۈتۈكىدە «دانىشمەن ۋە ئۇلۇغ ئۇيغۇر قاغانلىرى» نىڭ ئەزەلدىن تارتىپ (دۇنيا بىنا بولغاندىن تارتىپ؟) ھۆكۈمرانلىق قىلىپ كەلگەنلىكى تەكىتلىنىدۇ (7- قۇردا). ئۇيغۇر تارىخچىسىنىڭ تارىخى خاتىرىسىدىكى چىنلىقنىڭ چېكى ئاز بولغاندىمۇ ئىككى يۈز ئەللىك يىللىق ئۇ تۇغۇشقا تايىنىدۇ.

تەس پۈتۈكى ئاپتورىنىڭ زىكىر قىلىشىچە، ئۇيغۇر قاغانلىرى ھوقۇق تۇتقان بىرىنچى خانلىق ئۈچ يۈز يىل داۋاملىشىپ، ئاندىن يىمىرىلگەن. ئۇنىڭ ئورنىغا ئىككىنچى ئۇيغۇر خانلىقى ئالمىشىپ، سەكسەن يىل (ئون يىل ۋە يەنە يەتمىش يىل، 11- قۇردا) مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان. شۇندىن كېيىن بۇ خانلىقمۇ يىمىرىلگەن. يېڭى ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ پەيدا بولۇشى كۆل بەگ بىلگەقاغان (18- قۇردا) ۋە ئەل ئەتمىش بىلگە قاغان (12- قۇردا) ئىسىملىرىگە باغلىنىدۇ.

تېرخىن پۈتۈكىنىڭ بەك قىسقا ۋە بەك بۇزۇلغان «تارىخ» بۆلۈمىدە ئۇيغۇر خانلىقلىرىنىڭ قەدىمقى تارىخى ھەققىدە سۆزلەنگەن بولۇپ (16-19- قۇرلار) «ئىككى يۈز يىل تەختتە» ئولتۇرغان ئۈچ قاغان تىلغا ئېلىنىدۇ (16- قۇردا). ئۇلاردىن ئىككىسىنىڭ ئىسمى ساقلىنىپ قالغان: يولىغ قاغان ۋە بۇمان قاغان (ئورخۇن يادىكارلىقلىرىدىن قارىغاندا، تۈركلەرنىڭ تۇنجى قاغانىمۇ بۇمىن ئىدى). كېيىن قەدىمقى ئۇيغۇر خانلىقى يىمىرىلدى. مەلۇم بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئورنىغا ئىككىنچى ئۇيغۇر خانلىقى ئالماشتى. بۇ خانلىقنىڭ قاغانلىرىنى ئەل ئەتمىش «مېنىڭ ئەجدادلىرىم» (18- قۇردا) دەپ ئاتايدۇ. بۇ خانلىق سەكسەن يىل ھۆكۈم سۈردى. ئۈچىنچى ئۇيغۇر خانلىقى، تېرخىن پۈتۈكىدە ئېيتىلىشىچە، ئەل ئەتمىش بىلگە قاغاننىڭ كۈچى بىلەن بارلىققا كەلگەن.

شىنە ئۇسۇ پۈتۈگىنىڭ «تارىخ» مۇقەددىمىسىدە (شىمالى يۈز، 2-4-قۇرلار) ئۇيغۇرلار ئۈستىدىن يات قەبىلىلەر ھۆكۈم سۈرگەن ئىككى دەۋر تىلغا ئېلىنىدۇ. بىرىنچى دەۋر يۈز يىل، ئىككىنچى دەۋر ئەللىك يىل داۋام قىلغان:

(3) sub ···nda kalmixi bodun on uyqur tokuz oquz üzə yüz yil olurup (olurmix?)···

«دەريا ...دا قالغان خەلق ئون ئۇيغۇر، توققۇز ئوغۇزلار ئۈستىدىن يۈز يىل ھۆكۈم سۈرۈپ (ھۆكۈم سۈرگەن؟)···» (4) türk [ki] bqak (?) əlig yil olurmix «تۈركلەر ۋە قىپچاقلار ئەللىك يىل ھۆكۈم سۈرگەن» ㉘. ئەپسۇسكى بۇ پۈتۈكنىڭ 3-4-قۇرلىرى ھەممىدىن بەكرەك ئۇپراپ كەتكەن. ج. ھامىلتونىنىڭ تېكىستىنىڭ 3-قۇرىنى چۈشەندۈرۈپ ㉙، ئون ئۇيغۇرلار توققۇز ئوغۇزلار ئۈستىدىن يۈز يىل ھۆكۈم سۈرگەن، دېگەنلىكى كىشىنى قايىل قىلالمايدۇ. olurup, üzə··· دېگەن سۆزلەر جۈملىنىڭ ئالدىنقى قىسمىغا تەئەللۇقتۇر. شۇڭا، بۇنىڭدا گ. رامستېدتنىڭ ئۆتكەن زامانلاردا ئۇيغۇر ۋە ئوغۇزلار ئۈستىدىن يۈز يىل ھۆكۈم سۈرگەن قانداقتۇ بىر خەلق ياكى سۇلالە تىلغا ئېلىنغان، دېگەنلىكى㉚ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇنراق. شىنە ئۇسۇ پۈتۈگىدە ئاخىرقى ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ بارلىققا كېلىشى كۆل بىلگە قاغان (تەس پۈتۈگى، 5-قۇر: كۆل بەگ بىلگە قاغان) ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ئەل ئەتمىش بىلگە قاغاننىڭ پائالىيەتلىرىگە باغلىنىپ سۆزلىنىدۇ. سېلىنگا تېپشى ئەنە شۇ ئەل ئەتمىش بىلگە قاغاننىڭ ئابىدىسىدىن ئىبارەت.

تىلغا ئېلىنىۋاتقان ئۈچ تاش پۈتۈكتىكى بايانلارنى تەققاسلىغاندا، قەدىمكى ئۇيغۇر تارىخچىلىرىنىڭ ئورتاق پىكرىنى تۆۋەندىكىدەك شەرھلەشكە بولىدۇ: بىرىنچى ئۇيغۇر خانلىقى «دۇنيا بىنا بولۇپ»؟ ئۇزۇن ئۆتمەي بارلىققا كەلگەن ۋە ئىككى يۈز (ئۈچ يۈز؟) يىل مەۋجۇت بولغان. ئۇنىڭ مەركىزى ئۆتۈكەن تاغلىرى (خانغاي) ۋە سېلېنگا ۋادىسى (ياكى سېلېنگا، تولا ۋە ئورخۇن دەريالىرىنىڭ ۋادىسى) ئىدى. خانلىق يىمىرىلگەندىن كېيىن يۈز يىلغىچە خاراپلىشىش ۋە يات قەبىلىلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىش دەۋرى داۋاملاشتى. ئاندىن، ياغلاقار ئۇرۇغىدىن بولغان قاغانلارنىڭ، بولۇپمۇ دەسلەپكى ئون يىلدا ھۆكۈم سۈرگەن قاغاننىڭ (قاغانلارنىڭ؟) باتۇرانە ھەركەتلىرى بىلەن ئۇيغۇر ئېلى ئەسلىگە كەلدى. بۇ خانلىق سەكسەن يىل مەۋجۇت بولغاندىن كېيىن، ئىچكى نىزالار ۋە توپىلاڭلار تۈپەيلىدىن، «تىلغا ئالغۇسىز كۆل»نىڭ (قاغاننىڭ ئىسمى؟) كاساپىتىدىن، بۇزۇق☆ رەھبەرلىرىنىڭ بولۇپمۇ بەدى بەرسىلا ۋە قادىر قەسەردىن ئىبارەت «ئاتىغى چىققان ئىككىسىنىڭ» خائىنلىق قىلىشى تۈپەيلىدىن بەربات بولدى. ئىككىنچى خانلىقنىڭ مەركىزىمۇ ئۆتۈكەن ئىدى. بۇ ئەلنىڭ يىمىرىلىشى ۋە ئۇنىڭ ئۈستىدىن يات قەبىلىلەرنىڭ (تۈركلەر بىلەن قىپچاقلارنىڭ) ھۆكۈمرانلىق قىلىشى ئەللىك يىلغا سوزۇلدى. ئاخىرى، كۆل بەگ بىلگە قاغان ۋە ئۇنىڭ ئوغلى تۇرىيان (كېيىن ئەل ئەتمىش

☆ بۇزۇق — ئوغۇزلارنىڭ بىر تارمىقى.

بىلگە قاغان دېگەن سەلتەنەتلىك ئىسمىنى قوبۇل قىلغان) ئۆتتۈكەن تاغلىرى ۋە سېلېن-
گا، ئورخۇن، تولا ۋادىلىرىدا ئۇيغۇر خانلىقىنى ئۈچىنچى قېتىم ۋۇجۇتقا كەلتۈردى.

شۇنداق قىلىپ، ۋاقىت جەھەتتىن ئېيتقاندا كېيىن تىكلەنگەن (742 - 744
يىللار) ئۇيغۇر ئېلى بارلىققا كېلىشتىن بۇرۇن تاش پۈتۈكلەرنىڭ ئاپتورلىرى 280 يىل
(380 يىل؟) داۋام قىلغان ئىككى ئۇيغۇر خانلىقى ۋە 150 يىل جەريانىدىكى خاراپ-
لىشىشقا يۈزلەنگەن ھەم يات قەبىلىلەر ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئىككى دەۋر ھەققىدىكى
خاتىرىلەرنى ئۇنۇتقان. لېكىن، يەنە شۇنىمۇ يوق دېيىشكە بولمايدۇكى، خۇددى ل.
بازىننىڭ شىنە ئۇسۇ پۈتۈكى ھەققىدە ئېيتىپ ئۆتكىنىدەك، ئۇيغۇر خانلىقلىرىنىڭ مەۋ-
جۇت بولغان ۋە خاراپلاشقان مۇددەتلىرى تاش پۈتۈكلەرگە كۆپتۈرۈپ يېزىلغان بولۇشى
مۇمكىن. ㉛

سەككىزىنچى ئەسىردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ قەدىمقى تارىخى ھەققىدىكى
تەسەۋۋۇرلىرىنى باشقا تارىخى پاكىتلار بىلەن سېلىشتۇرۇش مەخسۇس تەتقىقات تېمىسى
قىلىپ تۇتۇلۇشى لازىم. بىز بۇ يەردە پەقەت تەركىۋىدە ئۇيغۇرلار بولغان ۋە ئۇلار
باشلامچىلىق قىلغان قەبىلە بىرلەشمىلىرى تارىخىنىڭ ئاساسلىق دەۋرلىرىنىلا ئېنىقلىيالاي-
مىز.

ئۇيغۇرلار مەركىزى ئاسىيانىڭ ئەڭ قەدىمقى تۈركى تىللىق قەبىلە ئىتتىپاقلىرىدىن
بىرى بولۇپ، نەسەپ جەھەتتىن ئاخىرقى ھون دۆلەتلىرىگە باغلىنىدۇ. ㉜ III — IV
ئەسىرلەردە ئۇيغۇرلار جۇڭگونىڭ سۇلالە تەزكىرىلىرىدە «گاۋگۈي» («ئېگىز ھارۋا») دەپ
ئاتالغان قەبىلە بىرلەشمىسىنىڭ تەركىۋىدە ئىدى. ㉝ ئۇلار توباۋېي سۇلالىسى پادىشالىرىنىڭ
ۋە جۇجان قاغانلىرىنىڭ ئۇلارنىڭ قەبىلىلىرىنى ئۆزلىرىگە بويسۇندۇرۇشقا قاراتقان ئۇرۇ-
نۇشلىرىغا ئۇتتۇقلۇق ھالدا تاقابىل تۇرغان ئىدى. V ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا گاۋگۈي ھۆ-
كۈمدارى ئافۇجىلو ۋە ئۇنىڭ ئىنىسى چۇنچى جۇجانلارنىڭ ئاجىزلاشقانلىقىدىن پايدىلى-
نىپ، ئۆزلىرىگە «ئۇلۇغ تەڭرى ئوغلى» ۋە «ئىزباسار پادىشاھ» دېگەن ئۇنۋانلارنى قو-
بۇل قىلدى، يەنى قاغانلارغا مۇناسىپ ئۇنۋانلارنى ئۆزلەشتۈردى. ㉞ ئۇلار شىمالىي
موڭغۇلىيىدە گاۋگۈي قەبىلىلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى تىكلەپ جۇجانلار بىلەن تارىم
ئويمانلىقىنىڭ ۋادىلىرىنى تالىشىش كۈرىشىدە مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا رىقابەتلىشىدۇ.
VI ئەسىرنىڭ بېشىغا كەلگەندە سۇلالە قورغۇچىلار ئەۋلادلىرىنىڭ ئېفتالىت، جۇجان ۋە
تابغاچلار (توباۋېي)غا قارشى ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرى ھەمىشە ئوڭۇشلۇق بولۇۋەرمىدى.
V ئەسىردە ئۇلارنىڭ قەبىلە ئىتتىپاقى جۇڭگو مەنبەلىرىدە «تېلې» (< تۈركى tegreg «ھارۋا»)
دەپ ئاتىلىشقا باشلىدى㉟. «ھارۋىلىقلار» دېگەن نامنىڭ ناھايىتى قەدىمقى نام ئىكەنلىكى
روشەن. قارىغاندا بۇ نام ئۇلارنىڭ ئۆز تىلىدىكى ئاتىلىشى بولماستىن، ئۇلارغا خوشنا
بولغان قەبىلىلەر تىلىدىن جۇڭگو يىلنامىلىرىغا كىرگەن. تېلې قەبىلىلىرىدىن خېلى بىر
تۈركىمى غەربتىكى شەرقى جەنۇبى ياۋروپا داللىرىغا ۋە شىمالىي كاۋكازغا كۆچۈپ

كەتكەن، لېكىن ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى مەركىزىي ئاسىيادا قالغان. تۈرك خانلىقى پەيدا بولغاندىن كېيىن تېلې قەبىلىلىرى ئۇنىڭ تەركىبىگە كىردى. ھالبۇكى، تەخمىنەن 600 - يىلدىن باشلاپ، تاكى بىرىنچى تۈرك خانلىقى يىمىرىلگىنىگە (630 - يىلى) قەدەر تېلېلار ئۈزلۈكسىز تۈردە تۈرك قاغانلىرىغا قارشى ئىسيان كۆتىرىپ تۇرغان. 605 - يىلى غەربىي تۈرك قاغانى چۇرىن قاغان تېلېلارنىڭ بىر نەچچە يۈز رەھبىرىنى مۇناپىقلارچە قىرغىن قىلغاندىن كېيىن تېلې قەبىلىلىرىنىڭ بىر قىسمى ئالتاي ۋە شىنجاڭدا ماكانلىشىپ، ئۆز ئىچىدىن بىر رەھبەر سايلىۋېلىشقان. بۇ رەھبەر «باغا قاغان» دىگەن ئۇنۋانىنى قوبۇل قىلغان. باشقا قەبىلىلەر ئۇيغۇر رەھبىرىنىڭ باشچىلىقىدا شىمالىي موڭغۇلىيىگە كۆچۈپ كەتكەن ھەمدە ئۆز ئالدىغا ئايرىم بىر قەبىلە ئىتتىپاقىنى بەرپا قىلغان. بۇ ئىتتىپاق جۇڭگو مەنبەلىرىدە «توققۇز قەبىلە» دىگەن نام بىلەن ئاتالغان ㊲. رۇنىك پۈتۈكلەردە ئۇلار توققۇز ئوغۇز دەپ ئاتالغان. شۇندىن ئېتىۋارەن، بولۇپمۇ 630 - يىلدىن كېيىن توققۇز ئوغۇزلار جۇڭگو مەنبەلىرىدە يىرىك سىياسىي ۋە ھەربىي كۈچ سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنىدۇ. 630 - يىلدىن 646 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا ئۇيغۇر رەھبەرلىرى بىلەن سىياگتو قەبىلىسىنىڭ رەھبەرلىرى شىمالىي موڭغۇلىيىنى تالىشىپ ئۆز ئارا توقۇنۇشۇپ تۇردى. 646 - يىلى سىياگتولار تارمار قىلىندى ۋە ياغلاقار ئۇرۇغىنىڭ باشچىلىقىدىكى ئۇيغۇرلار توققۇز ئوغۇزلارنىڭ ھۆكۈمدار قەبىلىسى بولۇپ قالدى. ئۇلارنىڭ قاغان ئۇنۋانلىرى قوبۇل قىلغان رەھبەرلىرىنىڭ ئوردىلىرى تولا ۋە سېلېنگادا ئىدى.

شۇ زاماندىكى (تەخمىنەن 647 - يىلىدىكى) ئۇيغۇر رەھبەرلىرىدىن بىرى ھەققىدە بىر جۇڭگو يىلنامىسىدا مۇنداق دېيىلىدۇ: «تۇمىدۇ ئۆز بېشىچىلىق بىلەن ئۆزىنى قاغان دەپ ئاتىدى، تۈركلەرنىڭكىگە ئوخشاش بولغان مەنسەپلەرنى تەسىس قىلىپ، ئەمەلدارلارنى تەيىنلىدى»㊳. تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى توققۇز ئوغۇزلارنىڭ دۆلىتىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ. 660 - 663 - يىللىرى توققۇز ئوغۇزلار بىلەن تاڭ سۇلالىسى ئىمپېرىيىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش بولدۇ. بۇ ئۇرۇشتا جۇڭگو قوشۇنلىرى غەلبە قازىنالمايدۇ. قوراللىق توقۇنۇش سۈلھى ۋاستىلىرى ئارقىلىق ھەل قىلىندۇ㊴.

قايتىدىن ئەسلىگە كەلگەن تۈرك خانلىقىنىڭ قوشۇنى 688 - ياكى 689 - يىلى تولادىكى جەڭدە توققۇز ئوغۇزلارنى ئۇزۇل - كېسىل مەغلۇپ قىلىدۇ㊵. ئۇلارنىڭ رەھبىرى باز قاغان ئۆلتۈرۈلىدۇ. 692 - يىلى باز قاغاننىڭ بالبالى تۈركى ئىلتەرىش قاغاننىڭ مازىرىغا قويۇلىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ (توققۇز ئوغۇزلارنىڭ) شىمالىي موڭغۇلىيىدە سەكسەن يىل چامىسىدا مەۋجۇت بولغان ئىككىنچى دۆلىتى يىمىرىلىدۇ ۋە توققۇز ئوغۇزلار تۈرك قاغانلىرىنىڭ ۋاسساللىرىغا ئايلىنىپ قالىدۇ.

توققۇز ئوغۇز قەبىلىلىرىنىڭ تۈركلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ئىتائەت قىلىشنى خالىمىغان ئاز بىر قىسمىلا ئەچىن غولىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىغا كۆچۈپ كېتىدۇ ۋە تاڭ سۇلالى-

سىنىڭ ھامىلىغىنى قوبۇل قىلىپ، گەنجۇ (گەنسۇ)دا ماكانلىشىدۇ[41]. ياغلاقارلار باشچىلىغىدىكى ئەنە شۇ قەبىلىلەر ئىچىدىن (VIII ئەسىر 40 - يىللىرىنىڭ بېشىدا) يەنى باز قاغان دۆلىتى يىمىرىلىپ يېرىم ئەسىر ئۆتكەندىن كېيىن يېڭى ئۇيغۇر ئېلىنىڭ رەھبەرلىرى بارلىققا كېلىدۇ. تەس يادىكارلىغىنىڭ 12 - 18 - قۇرلىرىدا ئەنە شۇ رەھبەرلەر ھەققىدە سۆزلىنىدۇ.

تەس پۈتۈكىنىڭ خاتىمە قىسمىدا (19 - 20 - قۇرلار) 6 - قۇردىن كېيىن گويا تەختكە ئولتۇرۇش ۋە بۆگۈ قاغاننىڭ دەسلەپكى پائالىيەتلىرى ھەققىدىكى بايان داۋام قىلدۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ قاسار قورۇغ (شىبىنە ئۇسۇ پۈتۈكىدە — قاسار قوردان؟) ۋە ئەلسەردە بارگاھ (ئوردا) قۇرغانلىغى زىكىر قىلىنىدۇ. ئاندىن، «توققۇز بويرۇق»، «ئۇيغۇرلىرىم» ۋە مەنسەپدارلار ئىشتىراك قىلغان تەختكە ئولتۇرۇش مۇراسىمى تىلغا ئېلىنىدۇ، (تېرخىن پۈتۈكىنىڭ 28 - 30 - قۇرلىرىدىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش رەسىم - قائىدىلەر خاتىرىلەنگەن). تەس پۈتۈكى بەرپا قىلىنىشتىن ئىلگىرى قاغاننىڭ غەربى ئوردىدا «(بىر) يازنى ئۆتكۈزگەنلىكىمۇ تىلغا ئېلىنغان. بۆگۈ قاغاننىڭ بۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق ئىش ئىزلىرى بۇ پۈتۈكتە ئەكس ئەتتۈرۈلمىگەن. شۇڭا ئىشىنىشلىك ھالدا بۇ يادىكارلىق بۆگۈ قاغان يېڭىدىن تەختكە چىققان ۋاقىتتا، ئەڭ توغرىسى 761 - 762 - يىللىرى ئورنۇتۇلغان دېيىشكە بولىدۇ.

تەس پۈتۈكىنىڭ ساقلىنىپ قالغان قىسمىدىكى بايان باشتىن - ئاياق ئاپتور نامىدىن بېرىلگەن. بۇ ئاپتور ئېھتىمال، ئەل ئەتمىش بىلگە قاغاننىڭ يېقىن تۇققىنى بولسا كېرەك.

## ترانسكرىپسىيەسى[1]

### غەربى يۈزى

(1) ........................................ (بۇ قۇر پۈتۈنلەي بۇزۇلغان)

(2) ........................ jyl [qa] .............. (42 - 43 - بەلگە بۇزۇلغان)

(3) ............................mysyay[ ynturty]...... (40 - 42 - بەلگە بۇزۇلغان)

(4) ......... ayynturty ujyur qanym tuttuqda ......... (7 - 8 - بەلگىلەر بۇزۇلغان)

[taqy] yu jyl [qa] .................. (5 - 6 - بەلگىلەر بۇزۇلغان)

(5) ......... [el] etmiš qanym jasy tegip učdy oyly qayan qayan bolty

(6) ......... [o] lurty oyly ta duš jabyu töliš čad olurty qanym el tutmyš

### شىمالى يۈزى

7 ......... [ö] ŋre qylyntuqda ujyur qayan olurmyš buku uluy qay [an] [ermiš]

(8) ...... u olurmyš byŋ eli öč jüz ivi el tutmyš ančup bodunv b [ardy]

(9) ········· myš bUzUq bašyn qaza Učuz kül əki atlyγyn tüke ba·[myš]
(10) ······ [b] edi bersil qadyr qasar anta barmyš ol bodUmym keŋ kerišdi
(11) ········· [öŋ]rə tabaγačqa Synmyš Ujγur qaγan on jyl olUrmyš jətmiš jyler[miš]

### شەرقى يۈزى

(12) ······ da teŋride bolmyš el etmiš Ujγur qaγan olur [myš]
(13) er miš qaγan ······ (4 - 3 بەلگە بۇزۇلغان) ··· eki (?) ermiš anta dan öd kenē qayan ermi [š]
(14) ······ üčün otUz ······ (5 - 3 بەلگە بۇزۇلغان) ······ el tut [dy] an čyp jasy tegdi
(15) ······ teŋride bolmyš el etmi [š] qayanUm olurty el tutdy
(16) ······ l qayanym belgüsin üčUn öŋre küntoʎsudq dady boqun [qa]
(17) ······ [b] ol qay aja bašy olurtmyš (20 - 18 بەلگىلەر بۇزۇلغان)

### جەنۇبى يۈزى

(18) (20 - 18 بەلگىلەر بۇزۇلغان) kül beg bilge qayan
(19) ······ zig qasar qo·Up qanty čyt tikdi ö gin ja·atdy jajla [dy]
(20) ······ elser ilgerü qanty begüsin bitigin bU Urtu bU bu jaratdy
(12) ······ lig ··· ar [t] oquz bujUrUq ··· (5 - 4 بەلگىلەر بۇزۇلغان) ··· ujγurUm taj
(22) ··············································· (پۈتۈن قۇر بۇزۇلغان) ☆

### هازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىقىدا ئىپادىلىنىشى

(1) ········· (بۇ قۇر پۈتۈنلەي بۇزۇلغان)
(2) يىل [قا] ··· (42 - 43 بەلگىلەر بۇزۇلغان)
(3) ··· مىش ئاغ [ىن تۇرتى] ··· (40 - 42 بەلگىلەر بۇزۇلغان)
(4) ··· ئاغىن تۇرتى ئۇيغۇر قانىم تۇتدۇقتا ··· (7 - 8 بەلگىلەر بۇزۇلغان)
··· [تاقى] غۇ يىل [قا] ··· (5 - 6 بەلگىلەر بۇزۇلغان) ·······························
(5) ··· [ئەل] ئەتمىش قانىم ياسى تەگىپ ئۈچدى ئوغلى يابغۇم قاغان بولتى

☆ تراسكرىپسىيىدە قوللىنىلغان ( ) ئىچىدىكى سۆزلەر س. گ. كىلياشتورنىنىڭ ئىزاھاتى. [ ] بەلگىسى ئىچىدىكى ھەرپ ۋە سۆزلەر تاش پۈتۈكنىڭ ئۆپراپ ئۆچۈپ كەتكەن قىسمىنىڭ كىلياشتورنى تەرىپىدىن تولدۇرۇلغىنى. (42 - 43، 40 - 42، 5 - 6 بەلگىلەر بۇزۇلغان) دېگەن سۆز تاش پۈتۈگنىڭ شۇ قۇردىكى بۇزۇلغان ھەرپلەر سانىنى كۆرسىتىدۇ. (تەھرىردىن)

(6) ... [ئۇ] لورتى ئوغلى تاردۇش يابغۇ تولىش چاد ئولۇرتى قانىم ئەل تۇتمىش

(7) ... [ئۇ] گره قىلمىنتۇقدا ئۇيغۇر قاغان ئولۇرمىش بۆكۈ ئۇلۇغ قاغ [ان] [ئەرمىش]

(8) ... ئۇ ئولۇرمىش بىلگە ئەلى ئۇچيۈز يىل ئەل تۇتمىش ئانچىپ بودۇنى ب [اردى]

(9) ......... مىش بۇزۇق باشىن قىزا ئۇچۇز كول ئەكى ئاتلىغىن توكە بار [مىش]

(10) ...... [ب] ەدى بەرسىل قادىر قاسار ئانتا بارمىش ئول بۇددىنىم كەلۈ كەرشمىدى

(11) ...... [ئوگ] ره تابغاچقا قىزا سىنمىش ئۇيغۇر قاغان ئون يىل ئولۇرمىش يەتمىش يىل [ئەر] مىش

## شەرقى يۈزى

(12) ...... دا تەگرىدە بولمىش ئەل ئەتمىش ئۇيغۇر قاغان ئولۇر [مىش]

(13) ...... ئەرمىش قاغان (3 - 4- بەلگىلەر بۇزۇلغان) ... ئەكى (؟) ئەرمىش ئانتادان ئۆد كەنج قاغان ئەرمە [ش]

(14) ...... ئۇچۇن ئوتۇز ... (3 - 5 - بەلگىلەر بۇزۇلغان) ... ئەل تۇت [دى] ئانچىپ ياسى تەگدى

(15) ...... تەگرىدە بولمىش ئەل ئەتمە [ش] قاغانىم ئولورتى ئەل تۇتدى

(16) ...... ا قاغانىم بەلگۈسىن ئۇچۇن ئۇگرە كۈنتۈغسۇقداقى بودۇن [قا]

(17) ... [ب] ول قىغ ئايا باشى ئولۇرتمىش ... (18 - 20 - بەلگىلەر بۇ - زۇلغان)

## جەنۇبى يۈزى

(18) ......... (18 - 20 - بەلگىلەر بۇزۇلغان) ...... كول بەگ بىلگە قاغان

(19) ......... زىگ قاسار قاروغ قونتى چىت تىكدى ئورگىن ياراتدى يايلا [دى]

(20) ......... ئەلسەر ئىلگەرۈ قونتى بەلگۈسىن بىتىگىن بۇ ئۆرتى بۇ ياراتدى

(21) ...... لىگ ... ئار [ت]وقۇز بۇيرۇق ...... (4 - 5 - بەلگىلەر بۇ- زۇلغان) ...... غوق ئۇيغۇردم. قاي

(22) ...... (بۇ قۇر پۈتونلەي بۇزۇلغان)

(1) (بۇ قۇر پۈتۈنلەي بۇزۇلغان)

(2) ... يىلى ...

(3) ... كۆتىرىلدى (كىگىزدە يەنى تەختىگە كۆتىرىلدى) ........................

(4) ... كۆتىرىلدى (كىگىزدە) ئۇيغۇر خانىم (ئەل) تۇتقاندا ... توخۇ يىلى ...

(5) ... ئەل ئەتمىش خانىم ئۆلۈپ، (ئۇنىڭ) جېنى ئۇچۇپ كەتتى. ئۇنىڭ ئوغلى، مېنىڭ يابغۇم قاغان بولدى.

(6) ... (تەختكە) ئولتۇردى، ئۇنىڭ ئوغۇللىرىدىن (بىرى) تاردۇشلارغا يابغۇ، (يەنە بىرى) تۆلىسلەرگە شاد بولدى. خانىم ئەلنى باشقۇردى. (ياكى: خانىم ئەل تۇتمىش)

(7) ... ئۆتكەن زامانلاردا يارلىغان (ياكى: بارلىققا كەلگەن) ... ئۇيغۇر قاغانلىرى تەختكە ئولتۇردى، (ئۇلار) دانىشمەن ۋە ئۇلۇغ قاغانلار (ئىدى).

(8) ... ئۇلار تەختتە ئولتۇردى. ئۈچ يۈز يىلغىچە كۆپلەپ (سۆزمۇ - سۆز تەرجىمىسى: مىڭلاپ) ئۆز ئەللىرىنى باشقۇردى. كېيىن ئۇلارنىڭ خەلقى بەربات بولدى،

(9) (ئۇلارنىڭ خەلقى؟) بۇزۇق باشلىقلىرىنىڭ (يامان يولغا باشلىشى بىلەن) يۈز ئۆرۈپ بەربات بولدى، بولمىغۇر كۆلنىڭ ۋە ئىككى مۆتىۋەرنىڭ (قۇتراتقۇلۇق قىلىشى بىلەن) بەربات بولدى.

(10) ... بەدى بەرسىل ۋە قادىر قاسار شۇ ۋاقىتتا قۇربان بولدى. شۇ خەلقىم ئۆز ئارا كۆپ جاڭجاللاشتى.

(11) ... ئۆتكەن ۋاقىتلاردا (ئۇلار) تابغاچلارغا قارشى تۇرۇپ مەغلۇپ بولغان ئىدى. ئۇيغۇر قاغان ئون يىل تەختتە ئولتۇردى. (ئاندىن) يەنە يەتمىش يىل ئۆتتى.

(12) ... تەڭرىدىن يارلىغان ئەل ئەتمىش ئۇيغۇر قاغانى تەختتە ئولتۇردى.

(13) ... ئىدى. قاغان ... ئىككى (؟) ئىدى. ئاندىن كېيىن ئۆد كەنچ قاغان بولدى.

(14) ... ئۇچۇن ئوتتۇز ... ئەلنى سوردى. ئاندىن ۋاپات بولدى.

(15) ... تەڭرىدىن يارلىغان ئەل ئەتمىش قاغانىم تەختتە ئولتۇردى، ئەلنى سوردى.

(16) ... ئۆز بەلگىسىنىڭ (شۆھرىتى) ئۈچۈن قاغانىم ئالدى تەرەپتىكى، كۈن چىقىش تەرەپتىكى خەلقلەرگە (يۈرۈش قىلدى؟).

(17) ... مەدھىيە ئوقۇپ ئۈنى، (ئەلگە) باشلىق قىلىپ ئولتۇرغۇزدى.

(18) ... كۆل بەگ بىلگە قاغان ...

(19) ... ئۇ قاسار قورۇغدا تۇرۇپ قالدى، سىپىل سوقتۇردى، تەخت ياساتتى. (شۇ يەردە) يازلىدى.

(20) ... شەرقتە، ئەلسەردە (؟) تۇرۇپ قالدى. بەلگىسىنى، پۈتۈگىنى چەكتۈردى، ئورناتقۇزدى.

(21) ... توققۇز بۇيۇرۇق ... ئۇيغۇرۇم، قاي ...

(22) (بۇ قۇر پۈتۈنلەي بۇزۇلغان.)

## يۇقىرىدىكى تاش پۈتۈك سۆزلىرىگە ئىزاھات

3 - قۇردا: «كۆتىرىلدى» (خانلىققا) دىگەن ئىبارە ھەققىدە ۋە قەدىمقى تۈرك - لەرنىڭ تەختكە ئولتۇرۇش مۇراسىملىرى (بەگلەرنىڭ خاننى ئاق كىگىزگە ئولتارغۇزۇپ كۆتىرىشى) ھەققىدە: ئا. ن كونونوۋ. تۈركمەنلەر شەجەرىسى. ئەبۇل غازى خان خىۋەنىڭ ئەسىرى. مۇسكۋا - لېنىنگراد، 1958، 95 - بەت، 115 - ئىزاھقا قارالسۇن. aqindir K. Grönbech. Komanisches Wörte buch. Kopenha n, 1942 «كۆتىرىلمەك» پېلى ھەققىدە: گە قارالسۇن.

4 قۇردا: توخۇ يىلى: 757 - يىل.

5 - قۇردا: - yasi təg «ئۆلمەك، ۋاپات بولماق. قۇربان بولماق». قېدىمقى تۈركى تىللار لوغىتى، 244 - بەت: .yas گە قارالسۇن.

6 - قۇردا: qad «شاد»نى تېرخىن مەڭگۈ تېشىدىكى 13 - قۇرغا سېلىشتۇرۇڭ.

9 - قۇردا: a) buzuk baxī «بۇزۇق باشلىقلىرى». ئوغۇزلارنىڭ (توققۇز ئوغۇزلارنىڭ) بۇزۇقلارغا ۋە ئۈچۇقلارغا بۆلۈنگەنلىگى ھەققىدىكى مەلۇمات «ئوغۇز ھەققىدە رىۋايەت»تە ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك تېكىستلاردىلا خاتىرلەنگەن: ۋ. ۋ. بارتولد. تۈركمەن خەلقىنىڭ تارىخىي ئوچېركى. ئەسەرلەر، 2 - توم، 1 - قىسىم، موسكۋا، 1963، 577 - 578 - بەتلەر. ئا. ن. كونونوۋ. تۈركمەنلەر شەجەرىسى، 90 - 91 - بەتلەر. مۇسۇلمان ئاپتورلارنىڭ بۇزۇق ۋە ئۈچۇقلار ھەققىدىكى مەلۇماتلىرىغا قارالسۇن:

س. غ ئاغاجانوۋ. XIII — IX ئەسىرلەردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ئوغۇز ۋە تۈركمەنلىرىنىڭ تارىخىي ئوچېركلىرى ئاشخاباد، 1969، 103 - بەت.

b) - kīz «قىزارماق». تېرخىن ۋە تەس پۈتۈكلىرىنىڭ تېكستلىرىدا بۇ پېلنى «قارشى تۇرماق، قوزغالماق» دەپ تەرجىمە قىلىشقا ۋە بۇنى سىياسى كەيپىياتنى بىلدۈرىدىغان ئاتالغۇ دەپ قاراشقا توغرا كېلىدۇ.

10 - قۇردا: a) kəŋ «دۈشمەنلىك، نەپرەت» مەنىسىدە ئا. ن. كونونوۋ. VII — IX ئەسىرلەردىكى تۈرك رۇنىك يادىكارلىقلىرى تىلىنىڭ گرامماتىكىسى، لېنىنگراد،

1982-1980 - بەتلەرگە قارالسۇن. (ا) بەدى بەرسىل قادىر قابسار، سېلىشتۇرۇڭ: تېرخىن مەڭگۇ تېشى. 17 قۇردا بۇ ئىككى ئىسىم ئەكسى تەرتىپ بويىچە خاتىرىلەنگەن. شۇنىڭ بىلەن، بۇ ئىككى ئىسىمنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئېنىقلىنىشىنىڭ توغرا بولغانلىقى ۋاستىلىق هالدا ئىسپاتلاندى.

12 - قۇردا: ئەل ئەتمىش بىلگە قاغاننىڭ بۇ يەردىكى تولۇق ئۇنۋانى تېرخىن ۋە سېلېنگا پۈتۈكلىرىدىكى ئۇنۋانىدىن بىر ئاز پەرقلىنىدۇ يەنى: «بىلگە» دىگەن سۆزنىڭ ئورنىغا «ئۇيغۇر» دىگەن ئېتنىك نام ئېلىنغان.

13 - قۇردا: ed kənq دىگەن قاغان ئىسمى باشقا مەنبەلەردە ئۇچرىمايدۇ. بۇ ئىسمىنى idi kənq (ئىدىگەن،يەنى بۆگۈ قاغاننىڭ تەختكە چىقىشتىن بۇرۇنقى ئىسمى) دىگەن ئىسمىغا سېلىشتۇرغانلار پەقەت ئىسىم قۇرۇلمىسىدىكى ئورتاقلىقنىلا كۆزدە تۇتقان. س. ياخۇنتوۋنىڭ تەبىرىچە، ed kənq دىگەن ئىسىم ئىككىنچى ئۇيغۇر خانلىقى بىرىنچى قاغاننىڭ ئىسمىنىڭ تېگەن سىگىن دىگەندىن ئىبارەت خەنزۇچە ترانسكرىپسىيە- دىن بۇرۇنقى شەكلى بولۇشى مۇمكىن (ن. يا. بىچۇرىننىڭ ئەسىردە خاتا هالدا: شى گەن سىگىن دەپ ئېلىنغان. سېلىشتۇرۇڭ: ن. يا. بىچۇرىن. قەدىمقى زامانلاردا ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغان خەلقلەر هەققىدىكى مەلۇماتلار توپلىمى، 1 - توم، موسكۋا - لېنىنگراد، 1950، 302 - بەت: «خەلق شى گەن سىگىننى ئۆزىنىڭ هۆكۈمدارى دەپ ئېلان قىلدى»). شۇنداق بولغاندا، ترانسكرىپسىيەدە سۆز ئالدى سوزۇق تاۋۇش ۋە ئاخىرقى بوغۇم چۈشۈپ قالغان: [ü]digən[q] kənq سۆزىنىڭ كېيىنكى (X ئەسىردىكى خەنزۇچە ترانسكرىپسىيەسىنى سېلىشتۇرۇڭ: J·RHamilton· Les Ouighours… ، 138

19 - قۇردا: kasar koruq' بۆگۈ قاغاننىڭ غەربى ئوردىسىنىڭ نامى. ئەھۋالدىن قارىغاندا. شۇنىڭ ئۇسۇ پۈتىگىدىكى kasar kordan دىگەن نامغا ماس كېلىدۇ. س. گ. كلياشتورنىي. تېرخىن مەڭگۇ تېشى، 87 -، 90 -، 94 - قۇرلارغا قارالسۇن: ئېهتىمال، بۇ ئوردا هازىرقى تەرە خول كۆلىنىڭ بويىدىكى پورباژىن دىگەن قەدىمقى شەهەر خارابىسى (تۇۋا ئاپتونوم سوۋېت سوتسىيالىستىك جۇمهۇرىيىتىدە) بىلەن بىر بولسا كېرەك. س. ئى. ۋاينشتەين تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلغان قېدىرىش ئىشى شۇنى كۆرسەتتىكى، پورباژىن ئۇيغۇر دەۋرىدىكى ساراي ئىمارەتلىرىنىڭ خارابىسىدىن ئىبارەت. س. ئى. ۋاينشتېيىننىڭ، بۇ، بايان چورنىڭ (ئەل ئەتمىش بىلگە قاغاننىڭ) ئوردىسى بولۇشى مۇمكىن، دىگەن پەرىزى تامامەن توغرا. (س. ئى. ۋاينشتېين. قەدىمقى پور باژىن. — «سوۋېت ئېتنوگرافىيەسى»، 1964، 6 - سان، 113 - 114 - بەتلەر) koruq سۆزىنىڭ تۇردەش ئىسىملىك مەنىسى «قورۇغدالغۇچى جاي، مۇهاپىزەت قىلىن- غۇچى جاي» دىگەندىن ئىبارەت.

G· Doerfer· Türkische und mongolishce Elemente' im Ne-uPersischen' Bd· III· wiesbaden' 1967'451'452 بەتلەرگە قارالسۇن.

20 قۇرداː əlsər (؟) — بۆگۈ قاغاننىڭ شەرقى ئوردىسىنىڭ نامى بولۇپ، باشقا يادىكارلىقلاردا تىلغا ئېلىنمىغان.

21 - قۇرداː tokuz buyuruk «توققۇز بۇيرۇق» سېلىشتۇرۇڭ: تېرخىن مەڭگۈ تېشى، 6 - قۇرداː «ئۇلۇغ بۇيرۇقلار جەمى توققۇز». تاڭ نامىدا زىكىر قىلىنىشىچە، ئۇيغۇر خانىنىڭ «ئالتە تاشقى ۋە ئۈچ ئىچكى ۋەزىرى» بولغان (ن. يا. بىچۇرىن. مەلۇماتلار توپلىمى، 1 - توم، 305 - بەت).

× × ×

مەزكۇر ماقالىدا تەس پۈتۈكنىڭ ئوقۇلۇشى ۋە تەرجىمىسىگە ئائىت ئەڭ قىسقا چۈشەنچىلەرلا بېرىلدى. پارچە تېكستىنى چۈشەندۈرۈشنىڭ قىيىن بولۇشى ۋە ئۇنىڭ بەزى جايلىرىغا قارىتا چۈشەنچىنىڭ ھەر خىل بولۇشى تۇرغان گەپ. ئاپتور بۇ يادىكارلىقنى قايتىدىن نەشر قىلىش ۋە پۈتۈكتىكى مەلۇماتلارنى يەنىمۇ كەڭرەك شەرھىلەش ھوقۇقىنى ساقلاپ قېلىش بىلەن بىرگە، بۇندىن كېيىنكى مۇھاكىمىلەر داۋامىدا تالاش - تارتىشلىق مەسىلىلەرنىڭ ئوڭۇشلۇق ھەل بولۇپ كېتىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ.

## ئىزاھاتلار

① س. گ. كىلياشتورنى. موڭغۇلىيە تاش پۈتۈكلىرى. — «توركولوگىيە توپلىمى. 1975». موسكۋا. 1978. 152 - 155- بەتلەر

② G. J. Ramstedt. Zwei uigurische Runeninchriften in der Nord-Mongolei. Helsinki, 1913.

شىنە ئۇسۇ (موغۇن شىنە ئۇسۇ) تاش پۈتۈكى س. يې. مالوۋنىڭ نەشرىدە «مويۇن چۇر يادىكارلىقى» دەپ ئاتالغان (س. يې. مالوۋ. موڭغۇلىيە ۋە قىرغىزستاننىڭ قەدىمقى تۈركى يېزىق يادىكارلىقلىرى. م. - ل.، 1959، 30 - 44 بەتلەر). ئەل ئەتمىش بىلگە قاغان پۈتۈكىدىكى قەھرىمانىنىڭ تەختكە ئولتۇرۇشتىن بۇرۇنقى بۇ ئىسمى پەقەت خەنزۇچە مەنبەلەردىلا ئۇچرايدۇ (موياڭچۇ /7 تۈركچە — بايان چۇر؟)، رۇنىك يېزىقلىرىدا بۇ ئىسىم يوق.

J. R. Hamilton. Les Ouighouas e l'epoque des Cinq dynasties. Paris, 1955, 139.

بۇ ئەسەردە كۆرسىتىلگەن تاش پۈتۈك ئۇنى دەسلەپتە تاپقان كىشى تەرەپىدىن «شىنە ئۇسۇ پۈتۈكى» ۋە «سېلىنگا تېشى» دېگەن ناملار بىلەن ئاتالغان.

G. J. Remstedt. Zwei uiguriche Runeninschriften..., 10.

گ. ئى. رامستېد سېلىنگا تېشى قانداق تېپىلغان. — «روسسىيە پادىشالىق جۇغراپىيە جەمئىيىتى ئامۇر باشقارمىسى تروئىتسكوكياختىن بۆلۈمىنىڭ ئەسەرلىرى»، 15- توم، 1- باسمىسى، 1912، 34، 49- بەتلەر.

③ س. گ. كىلياشتورنى. تېرخىن مەڭگۈ تېشى (دەسلەپكى نەشرى). — «سوۋېت تۈركولوگىيىسى»، 1980، №3، 82، 85- بەتلەر.

S. G. Klyashtorny. The Terkhin Inscription. «Acta Orientalia Hungaricae», t XXXVI, Budapest, 1982, fasc. 1 — 3, 335 - 366. تېرخىن مەڭگۈ تېشىنىڭ ئېلان قىلىنىشى بىر قاتار ئىنكاسلارنى قوزغىدى، بۇلاردىن تۆۋەندىكى ئەسەرلەرنى تىلغا ئېلىشقا بولىدۇ:

A Rona-Tas. A. kazar nepnevol. — «Nyelvtudomanyi kozlemenyek», t84, 1982,

№2, 349-380. L. Bazin. Notes de toponymie turque ancienne. — «AOH», t. XXXVI, 1982, fasc. 1–3, 57–60. T. Tekin. The Terkhin inscription. — «AOH», t. XXXVII, 1983 fasc. 1–3, 43–68. T.Tekin, Kuzey Mogolistanda yeni bir Uigur aniti: Taryat (Terhin) kitabesi — «Türk Tarih Kurumu Belleteni». t. XLVI, №184, 1983, 796 - 838. ت. تېكىن ئۆز ئەسىرىدە ئاساسى جەھەتتىن پۈتۈكنىڭ بىز ئوتتۇرىغا قويغان ئوقۇلۇشى ۋە تەرجىمىسىنى قوللانغان، شۇنداقلا مۇلاھىزىلىرىمىزنى تەكرارلىغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇ يەنە بىر قاتار تۈزىتىش ۋە تولۇقلاشلارنى ئوتتۇرىغا قويغان. بىز بۇلارنىڭ بەزىلىرىنىلا قوبۇل قىلالايمىز.

④ س. گ. كىلياشتورنىي. تېرخىن مەڭگۈ بىزىنىڭ تېشى، 92- بەت.

⑤ بالبال — قەدىمقى ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي ئادىتى بويىچە، ئادەم شەكلىگە كەلتۈرۈلۈپ ياسالغان قەۋرە يېنىغا ئورنىتىلىدىغان تاش (تەرجىماندىن).

⑥ بۇ يادىكارلىقنىڭ تېپىلىشى، شۇنداقلا ئۇنىڭ شەرھىسى ۋە ئورنىتىلغان ۋاقتى (VIII ئەسىرنىڭ 60-، 70- يىللىرى) ھەققىدە: س. گ. كلياشتورني موڭغۇلىيىدىكى ئېپىگرافىك خىزمەتلەر. — توپلام: «ئارخېئولوگىيىلىك كەشپىياتلار، 1976» موسكۋا، 1977، 588، 589- بەتلەرگە قاراڭ.

⑦ س. خارجاۋباي. تەسىين گەرەلت خۆشۆ. — «خەل زوخىئول سۇدلال»، XIII توم، ئۇلان باتۇر، 1979، 117- 124- بەتلەر؛ م. شىتەخۇ. ئورخۇن — سەلەنگىنىڭ رۇنىك يېزىقىدىكى شىنە دۇسلال. — «ئارخېئولوگىيىن سۇدلال»، VIII توم، ئۇلان باتۇر، 1980، 36- 41- بەتلەر.

⑧ س. خارجاۋباي. شۇ ئەسەر، 124- بەت.

⑨ س. گ. كىليا شتورنىي. تېرخىن مەڭگۈ تېشى، 83- بەت.

⑩ «ئەن لۇشەننىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە ئىسيانى ھەققىدە» گە قاراڭ:

E. G. Pulleyblank. The background of the rebellion of An Lu-shan. London, 1955.

⑪ ئۇيغۇر ئەترىدىنىڭ ھەرىكەتلىرى ھەققىدە.

C. Mackerras The Uighur empire according to the Tang dynastic histories. Canberra, 1972 (Asian Publications Series, №2). ك. ماككېراس جۇتاڭشۇ ۋە شىنتاڭشۇدىكى ئۇيغۇرلار (744- 840- يىللار) ھەققىدە يېزىلغان بۆلۈملەرنى خەنزۇچىدىن تەرجىمە قىلىپ، مۇشۇ كىتابتا ئېلان قىلغان ھەمدە تەرجىمىگە ئىزاھات ۋە مۇقەددىمە يازغان. مەزكۇر ماقالىدا ئىزاھ بېرىلمىگەن ئەھۋاللارنىڭ ھەممىسىدە تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى مۇشۇ يىلنامىنىڭ تەرجىمىسىدىن پايدىلىنىلدى.

⑫ C. Mackerras. The Uighur empire..., 130.

⑬ شۇ ئەسەر، 6-، 69- بەتلەر.

⑭ G. J. Ramstedt. Zwei uigurische Runeninschriften ...

گ. ئى. رامستېدت oqlimin دىگەن سۆزنىڭ پەقەت بىرىنچى ھەرپ بەلگىسىنىلا ئېنىقلىيالىغان. 1975- يىلدىكى تەتقىقات نەتىجىسىدە بىز بۇ سۆزنىڭ قالغان تۆت ھەرپىنىمۇ ئېنىقلاپ چىقتۇق.

⑮ شۇ ئەسەر.

⑯ C. Mackerras. The Uighur empire..., 62, 66, 67.

⑰ شۇ ئەسەر، 192- بەت. J.R.Hamilton. Les Ouighours ئاپتور بۇ ئەسەردە ئىدىگەن دىگەن ئىسىمنىڭ كېلىپ چىقىشىنى idi kenq دەپ چۈشەندۈرگەندە، س. ياخونتوۋنىڭ بۇ ھەقتىكى پىكرىگە ئاساسلانغان. شىنجاڭدىن تېپىلغان ئۇيغۇرچە ھۆججەتلەردىن قارىغاندا، kenq سۆزى ئادەمنىڭ ۋايىغا يەتكەن كىشىلەرنىڭ ئىسىم ۋە ئۇنۋانلىرىنىڭ تەركىۋىدىمۇ بولغان.

⑱ س. گ. كلياشتورنىي، ۋ. ئا. لىۋشىتس. مەركىزىي ئاسىيانىڭ قەدىمقى تۈركچە ۋە سوغدىچە ئېپىگرافىك يادىكارلىقلىرىنىڭ تېپىلىشى ۋە تەتقىق قىلىنىشى. توپلام «موڭغۇلىيىنىڭ ئارخېئولوگىيىسى ۋە ئېتنوگرافىيىسى»، نوۋوسىبىرسك، 1978، 51- بەت.

⑲ J. R. Hamilton. Les Ouighours..., 139.

⑳ ۋ. پ. ۋاسىلىيېۋ. قوشو سايدام ۋە قارابالغاسۇن ئورخۇن يادىكارلىقلىرىدىكى خەنزۇچە يېزىقلار. СПБ, 1897، 30 - بەت (ئورخۇن ئېكىسپېدىتسىيىسىنىڭ ئەسەرلەر توپلىمى، 3- توم).

㉑ س. گ. كىلياشتورنىي، ۋ. ئا. لىۋشىتس. سەۋرەي تېشى. — «سوۋېت تۈركولوگىيىسى» 1971، 3-سان، 107-بەت.

㉒ C. Mackerras. The Uighur empire..., 77.

㉓ شۇ ئەسەر، 85- 148- بەتلەر.

㉔ F· W· Müller· Der Hofstaat eines Uiguren - Konigs· — «Festschrift V· Thomsen»· Leipzig· 1912·

㉕ W· Bang und A· Gabain· Türkische Turfan - Texte II· Berlin· 1929: P· Asmussen· Xuastvanift· Studies ni Manichaeism· Copenhagen· 1965·

㉖ C· Mackerras· The Uighur empire ...· 79 — 81· 147·

㉗ C· Mackerras· The Uighur empire...· 152—153·

㉘ G· Ramstedt· Zwei uigurische Runeninschriften· 12·

㉙ J· Hamilton· Tokuz - Uguz et on - Oigur· — Journal Asiatique· t· 250· 1962· 39·

㉚ G· Ramstedt· Zwei uigurische Runeninschriften· 44★

㉛ L· Bazin· Les calendariers tures anciens et medievaux· Lille 1974 277·

㉜ ئاخىرقى هون دۆلەتلىرى توغرىسىدا قارالسۇن :

㉝ J· Hamilton· Toquz - Oguz et On - Uigur 25 - 26·

㉞ د. پوزدنىيېۋ. ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى ئوچېركى، CПб· 1899، 24 - 27 - بەتلەر.

㉟ P· A· Boodberg· Selected works· Berkeley· 1979· J· Hamilton· Toquz - Oguz et On - Uigur· 25 - 29·

㊱ A· v· Gabain· Die Frühgeschichte der Uiguren: 607 - 745· — «Nachrichten des geselschaft für Natur - und Völkerkunde Ostasiens»· Hamburg· 1952· № 72

㊲ J· Hamilton· Toquz · Oguz et On - Uigur· 27·

㊳ ئا. گ. مالياۋكىن. تاڭ سۇلالىسى دۆلىتىنىڭ شەرقى قىسىم مەركىزى ئاسىيانىڭ خوجايىنلىقىنى تالىشىش كۆرىشىدىكى تاكتىكىسى. — توپلام: « يىراق شەرق ۋە ئوتتۇرا ئەسىرلەردە ئۇنىڭغا خوشنا بولغان تەرىتورىيىلەر »، نوۋوسىبىرسىك، 1980، 118 - بەت.

㊴ ئا. گ. مالياۋكىن. شۇ ئەسەر، 117 - 120 - بەتلەر.

㊵ جەڭنىڭ ۋاقتى ھەققىدە قارالسۇن: س. گ. كلياشتورني قەدىمقى تۈركى رۇنىك يادىكارلىقلىرى، 34 - بەت.

㊶ E· Pulleyblank· Some remarks on the Toquzoghuz problem· Ural - Altaische Jahrbücher· 1956· Bd· XXVIII· Hf· 1 — 2· 38 - 39·

پەرھات جىلان تەرجىمىسى

روسچە «سوۋېت تۈركولوگىيىسى» ژورنىلى 1983 - يىل 6 - سانىدىن.

# قۇمۇل تاش ئويما سۈرەتلىرى

دۇڭ سۇنمىڭ، لىيۇ يەمىڭ

تاش ئويما سۈرەتلىرى، قەدىمقى زامان تاش ئويمىچىلىق سەنئىتىنىڭ بىر تۈرى. تاش ئويما سۈرەتلىرىنىڭ مەزمۇنى ئەينى زامان كىشىلىرى ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنىڭ رىيال تەسۋىرى بولۇپ، شۇ دەۋردىكى كىشىلەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي تۇرمۇشلىرىنى تەتقىق قىلىشىمىزدا پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە.

شىنجاڭ رايونىدا ساقلىنىپ قالغان تاش ئويما سۈرەتلەر ئاساسەن ئالتاي، تىيانشان، كۇئېنلۇن تاغ تىزمىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ تارماقلىرىغا تارقالغان. ھازىرغىچە تېپىلغان ۋە تونۇشتۇرۇلغان، نىسبەتەن مەشھۇرراق بولغان تاش ئويما سۈرەتلەر تۆۋەندىكىلەر: ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى نىلقا ناھىيىسىدىكى تاش ئويما سۈرەتلەر، ئاق كۆنگەي تېغى تاش ئويما سۈرەتلىرى، قارا ئىمىل تاش ئويما سۈرەتلىرى، ئاقياز تاش ئويما سۈرەتلىرى، جار توغان تاش ئويما سۈرەتلىرى، خۇاڭ شۇچۇەن تاش ئويما سۈرەتلىرى، بۆرتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى ئارشاڭ ناھىيىسى چوڭ كوستاي ۋە قارا توبە قاتارلىق جايلاردىكى تاش ئويما سۈرەتلەر، تارباغاتاي رايونىدىكى تارباغاتاي تاغ ئېغىزى ۋە تاڭبالى تاغ ئېغىزى قاتارلىق جايلاردىكى تاش ئويما سۈرەتلىرى، كۇئېنلۇن ئېغىزىدىكى سانجۇ تاش ئويما سۈرىتى قاتارلىقلار. بۇنىڭ ئىچىدە تارباغاتاي رايونىدىكى شىنىدى تاش ئويما سۈرەتلىرى ئەڭ مەشھۇر. بۇلاردىن باشقا كورلا، مارالۋېشى، چارقىلىق، موري ۋە خوتەن قاتارلىق جايلاردىمۇ نۇرغۇن تاش ئويما سۈرەتلىرى بار. (تەپسىلاتىنى تۆۋەندىكى ئەسەرلەردىن كۆرۈڭ: «ئارخېئولوگىيە» ژورنىلى، 1960-يىلى 2-سانىدىكى خۇاڭ ۋېنبى يازغان «شىنجاڭ ئارخېئولوگىيىسىدىكى بايقاش — غۇلجىدىكى تەكشۈرۈش»؛ «مەدەنىي يادىكارلىقلار» ژورنىلى 1960-يىلى 6-سانىدىكى شى شوچىڭ يازغان «شىنجاڭ مەدەنىي يادىكارلىقلىرىنى تەكشۈرۈشتىن خاتىرە»؛ «مەدەنىي يادىكارلىقلار» ژورنىلى 1962-يىلى 7-8-سانلىرىدىكى قېيۇم يازغان «شىمالىي شىنجاڭدىكى تاش ئويما سۈرەتلەر»؛ چېڭ جىڭگو، جاڭ يۈجۇڭلارنىڭ «مەدەنىي يادىكارلىقلار» ژورنىلىنىڭ 1984-يىللىق 2-سانىغا بېسىلغان «شىنجاڭ تىيانشان تېغىنىڭ شىمالى-

دىكى تاش ئويما سۈرەتلەر ھەققىدىكى قىسقىچە بايان» ناملىق ماقالىسى، شاڭخەي لۇ-
غەت نەشرىياتى نەشر قىلغان «جۇڭگو مەشھۇر يادىكارلىقلىرى لوغىتى» نىڭ 1118-
1102- بەتلىرى، 1983- يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان «شىنجاڭ ئار-
خېئولوگىيىسىنىڭ 30 يىلى» ناملىق كىتابنىڭ 46-44- بەتلىرى)، لېكىن بىز ھازىر-
غىچە قۇمۇل تاش ئويما سۈرەتلىرىنى تونۇشتۇرغان ماقالىلارنى ئۇچراتمىدۇق. ئەمەلى-
يەتتە، بىزنىڭ تەكشۈرۈشىمىزگە قارىغاندا، قۇمۇل رايونىدىكى تاش ئويما سۈرەتلىرىنىڭ
سانى كۆپ، مەزمۇنى مول بولۇپلا قالماستىن، بەلكى سۈرەتلەر كىچىك، تارقىلىشى كەڭ
بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە. بۇ ماقالىمىزدا پەقەت قۇمۇل تاش ئويما سۈرەتلىرى-
نىلا قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز.

## 1 - قۇمۇل تاش ئويما سۈرەتلىرىنىڭ تارقىلىشى

بىزنىڭ تولۇق بولمىغان ھېساپلاشلىرىمىزغا قارىغاندا، قۇمۇل رايونىدىن تېپىلغان
تاش ئويما سۈرەتلەر مىڭ پارچىدىن ئارتۇق بولۇپ، تىيانشان تېغىنىڭ جەنۇپ، شى-
مال قىسىملىرىغا جايلاشقان. بۇ سۈرەتلەرنىڭ كۆپچىلىكى دېخانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىش
لەپچىقىرىشىغا مۇۋاپىق كېلىدىغان سۈيى مول، ئوت-چۆپلىرى بولۇق ئۆسكەن جىلغا
ۋە تاغلارغا تارقالغان، بولۇپمۇ تىيانشان تاغلىرىنىڭ مەنزىرىلىك تار جىلغىلىرىدا بۇ
خىل سۈرەتلەر كۆپرەك ئۇچرايدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە تاش ئويما سۈرەتلىرى نىسبەتەن
مەركەزلەشكەن رايونلاردىن تاغنىڭ جەنۇبىدا تاشۋېلىق گۇڭشېسىدىكى ئاردىمىدىكى تاش
ئويما سۈرەتلىرى، بەيشەن تاش ئويما سۈرەتلىرى، ئارا تام (تاشار) تاش ئويما
سۈرەتلىرى، باغداش تاش ئويما سۈرەتلىرى، قويلۇق تاش ئويما سۈرەتلىرى، تىيان
شان گۇڭشې قىزىل يار تاش ئويما سۈرەتلىرى قاتارلىقلار بار. تاغنىڭ شىمالىدا ئاق-
تاش تاش ئويما سۈرەتلىرى، جىيەنجاپو تاش ئويما سۈرەتلىرى، ئارا تۆرۈك ناھىيە-
سىدىكى نېرىنكىر تاش ئويما سۈرەتلىرى، باي تاش ئويما سۈرەتلىرى، بارىكۆل ناھى-
يىسىدىكى شىياۋخېيگۇ تاش ئويما سۈرەتلىرى ھەمدە بېيشەن تاش ئويما سۈرەتلىرى
قاتارلىقلار بار. بۇ سۈرەتلەرنىڭ بەزىلىرى قىيا تاشلارغا ئويۇپ چىقىرىلغان، بەزىلىرى
قۇرۇپ كەتكەن دەريا قىنلىرىدىكى زور قورام تاشلارغا ئويۇلغان. تاش ئويما سۈرەت-
لەر قوي، تۆگە، بۆرى، ئىت، بۇغا-مارال قاتارلىق ھايۋانات ئوبرازلىرىنى ئاساس
قىلغان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە قوينىڭ ئوبرازى كۆپرەك ئۇچرايدۇ. ئوۋچىلىق تۇرمۇشى،
ئۇرۇش ۋە دىنىي پائالىيەتلەرنى تەسۋىرلەيدىغان كۆرۈنۈشلەرمۇ بار. قۇمۇل تاش ئويما
سۈرەتلىرىنىڭ ئىچىدە نىسبەتەن مەركەزلەشكەن ۋە خېلى ياخشى ساقلىنىپ قالغىنى قۇ-
مۇل ناھىيە تاشۋېلىق گۇڭشېسىدىكى تاش ئويما سۈرەتلەردۇر. تۆۋەندە تاشۋېلىق گۇڭ-
شېسىدىكى تاش ئويما سۈرەتلەرنى نۇقتىلىق تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز.

## 2 - قۇمۇل ناھىيە تاشۋېلىق تاش ئويما سۈرەتلىرى

قۇمۇل ناھىيە تاشۋېلىق گۆكشېسى قۇمۇل شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالىغا — تەخمى-
نەن 100 كىلومېتىر نېرىسىغا جايلاشقان بولۇپ، قۇمۇلنىڭ ئاساسلىق ئاشلىق ئىشلەپچى-
قىرىدىغان رايونلىرىنىڭ بىرى. بۇ جاي شىمالدا تىيانشان تېغى ئارقىلىق ئارا تۈرۈك
ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىپ تۇرىدۇ، شىمالىي قىسمىدىكى ئازراق ئۇششاق تاغلاردىن باشقا،
قالغان قىسىملىرىنىڭ ھەممىسى تۈزلەڭلىك بولۇپ، تەبىئىي شارائىتى نىسبەتەن ياخشى.
بۇ جايدىكى تاش ئويما سۈرەتلەر ئاساسەن ئېدىر ۋە جىرالارغا مەركەزلەشكەن. ئويمى-
چىلىق تېخنىكىسىدىن قارىغاندا، تاش ئويما سۈرەتلەرنى تۈز ئويما پىگورا تەسۋىرى ۋە
پۈتۈنلەي ئويۇپ چىقىرىلغان سىترولۇق كۆرۈنۈش دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈش مۇمكىن.
مەزمۇنىدىن ئالغاندا، ساپلا ھايۋاناتلارنىڭ سۈرەتلىرى ۋە ئەينى زامان كىشىلىرىنىڭ
تۇرمۇشى، ئۇرۇشلىرى شۇنداقلا دىنى پائالىيەتلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن كۆرۈنۈشلىرى
دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈش مۇمكىن. بۇنىڭ ئىچىدە ھايۋاناتلارنىڭ سۈرەتلىرى، كىشى-
لەر تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان سۈرەتلەردىن كۆپرەك. پۈتۈنلەي ئويۇپ چىقىرىل-
غان سۈرەتلەر پىگورا تەسۋىرىدىن كۆپ. بۇ سۈرەتلەرنىڭ كۆپىنچىسى بەيسەن بىلەن
ئارىسىدا بولۇپ، تەخمىنەن 500 پارچە ئەتراپىدا كېلىدۇ. بەيسەن — تاشۋېلىق گۆكشېسى-
نىڭ شەرق تەرىپىدىكى 3 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى جايغا جايلاشقان بولۇپ، ئاھاك جىنسلىق
بىر قانچە ئېدىردىن تەشكىل تاپقان. ھەر بىر ئېدىر ئۆيۈل تاشتىن تەشكىل تاپقان
بىر پۈتۈن گەۋدىدىن ئىبارەت. تاغدا سۇ ئېقىمىنىڭ تەسىرىدىن پەيدا بولغان نۇرغۇن
ئۆڭكۈرلەر بار. بۇ تاغلار يىراقتىن ئاپپاق كۆرۈنىدۇ. يېقىنلاپ كەلسە سەل قىزغۇچ-
راق كۆرۈنىدۇ. تاغنىڭ ئۈستۈنكى قەۋىتى (يۈزى) ئېغىر دەرىجىدە يېمىرىلگەن. ئۆڭ-
كۈرلەرنىڭ ئىچىدىكى يېمىرىلمىگەن جايلىرىدىلا تاش ئويما سۈرەتلەرنى ئۇچرىتىشقا
بولىدۇ. سۈرەت بار ئورۇنلارنىڭ رەڭگى ئادەتتە ئوچۇق، يېغىرراق كېلىدۇ. سۈرەت-
لەردە ئاساسەن ھەر خىل ھالەتتە تۇرغان قويلارنىڭ كۆرۈنۈشى چۈشۈرۈلگەن بولۇپ،
بەزىلىرىدە تۈز ئويما شەكلىدىكى پىگورا تەسۋىرلەنگەن، بەزىلىرىدە تولۇق ئويما شەكلىدىكى
سىترولۇق كۆرۈنۈشلەر تەسۋىرلەنگەن. تاغ چوققىسىدىكى بىر ئۆڭكۈردە ئاددىي سىزىق بىلەنلا
ئويۇلغان كۆكمەتنىڭ سۈرىتىنى ئۇچراتتۇق. (1- رەسىمگە قاراڭ) بۇ سۈرەتنىڭ ئۇزۇنلۇقى
82 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 52.4 سانتىمېتىر بولۇپ، سۈرەتتىكى كۆكمەتنىڭ بېشى كىچىك، مۈڭ-
گۈزى چوڭ ھەم يۆگىمەچ بولۇپ كەتكەن. بەدىنى ئىنچىكە، ئۇزۇن، قۇيرۇغى ئازراق
ئۈستىگە كۆتىرىلگەن. تۇياقلىرى ۋە تۇمشۇقى ئۇپراپ ئۇچۇپ كەتكەن بولسىمۇ، پۈتلى-
رىنى ئېنىق پەرق ئەتكىلى بولاتتى. سۈرەت ئانچە چوڭقۇر ئويۇلمىغاچقا، ئۇنىڭ پۈتى
بەك ئىنچىكە كۆرۈنەتتى، ئەمما ئۇنىڭ مۈڭگۈزى ناھايىتى ياخشى ئويۇلغان. مۇشۇنىڭغا
ئوخشايدىغان سۈرەتلەرنى ئاراتۇرۇكتىكى جىيەنجاپودا، تاشۋېلىقتىكى تۆگۈڭكۆدا ۋە ئارد-

تامدىكى ئۇچراتتۇق. جەنجاپۇدىكى كۆكمەت تىك قىيانىڭ 10 مېتىر ئېگىزلىكتىكى جايىغا ئويۇلغان بولۇپ، ئۇزۇنلىقى 53 سانتىمېتىر، ئېگىزلىكى 56 سانتىمېتىر كېلىدۇ. تەبىئى بۇزۇلۇشى ئېغىر دەرىجىدە بولغاچقا، باش قىسمىنى پەرق ئەتكىلى بولمايدىغان بولۇپ كەتكەن. تۇگۇڭكۇدىكى كۆكمەت بىر پارچە يوغان چاسا شەكىلدىكى قارامتۇل تاشقا ئويۇلغان بولۇپ، بۇ تاشنىڭ ئايلانمىسى 14.70 مېتىر، ئېگىزلىكى 2.35 مېتىر، شەرق، جەنۇب ئىككىلا تەرىپىدە تاش ئويما سۈرەت بار. تەبىئى بۇزۇلۇشى ئېغىر، شەرق تەرىپىدىكى يۈزىگە بىر كىچىك قوي بىلەن بىر دانە نامەلۇم هايۋان ئويۇلغان. قوينىڭ ئالدى تەرىپىدە قۇياشقا ئوخشايدىغان چەمبەر بار. ( 2-رەسىمگە قاراڭ ) بۇ ئىككى هايۋان سۈرىتىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 50 سانتىمېتىر، ئېگىزلىكى 59 سانتىمېتىر كېلىدۇ. كىچىك قوينىڭ ئۇزۇنلۇقى 18 سانتىمېتىر بولۇپ، مۈڭگۈزىنىڭ چوڭلۇقى ئالدى پۇتلىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى بىلەن تەڭ دېگۈدەك كېلىدۇ. سۈرەتتە قوينىڭ قۇيرۇقى سىزىلمىغان. تاشنىڭ جەنۇب تەرەپتىكى يۈزىگە ئويۇلغان كۆكمەتنىڭ ئۇزۇنلۇقى 54 سانتىمېتىر، ئېگىزلىكى 57 سانتىمېتىر ( 3-رەسىمگە قاراڭ ) كۆكمەتنىڭ ئالدى پۇتى كۈچ بىلەن ئالدىغا ئېگىلگەن، ئارقا پۇتى يەرنى قاتتىق تىرەجەپ، قۇيرۇقىنى دىڭگايتىپ، بېشىنى ئېگىز كۆتەرگەن هالەتتە بولۇپ، گويا يۈگرەۋاتقاندەك كۆرىنىدۇ. ئوبراز ناهايىتى ئەينەن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئارا تامدىكى تاش ئويما سۈرەت گەرچە توز ئويما پىگۇرا تەسۋىرى بولسىمۇ، لېكىن ئويۇپچىلىق تېخنىكىسىدا خېلى ئىلگىرىلەش بولغان. بۇ سۈرەتلەردە قوينىڭ ئوبرازى تېخىمۇ جانلىق تەسۋىرلەنگەن ( 4 - رەسىمگە قاراڭ ) بەيسەندە تولۇق ئويما شەكىلدە ئويۇلغان كۆكمەتلەرنىڭ سۈرەتلىرى تېخىمۇ كۆپ. بۇنىڭ ئىچىدە بىر قەدەر تېپىك ۋە خېلى ياخشى ساقلىنىپ قالغىنى ئىككى ئۆچكىدىن تەشكىل تاپقان بىر پارچە سۈرەت ( 5 - رەسىمگە قاراڭ ) سۈرەتنىڭ ئۇزۇنلۇقى 45 سانتىمېتىر، ئېگىزلىكى 52 سانتىمېتىر بولۇپ، كىچىك ئۆچكىنىڭ سۈرىتى 15 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتا، 14 سانتىمېتىر كەڭلىكتە كېلىدۇ. ئويۇپچىلىق نۇقتىسىدىن قارىغاندا، بۇ ئىككى ئۆچكىنىڭ سۈرىتى توز ئويما پىگۇرا تەسۋىرىدىكى قويلاردىن تېخىمۇ بىر قەدەم ئالغا ئىلگىرىلىگەن، پەقەت چوڭ ئۆچكىنىڭ مۈڭگۈزى يەنىلا ناهايىتى چوڭ بولۇپ، بەدەن ئۇزۇنلۇقى بىلەن باراۋەرلا دېگۈدەك. ئۇنىڭدىن باشقا، بەيسەندە بۇغا ۋە بۇددا سۈرەتلىرىمۇ بار.

ئاردىم — تاشۋىلىق گۇڭشېسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي تەرىپىدە، تاشۋىلىقتىن تەخمىنەن 7 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى جايغا جايلاشقان، ئاردىم جىلغىسىنىڭ ئىككى تەرىپى تاش تاغ بولۇپ، جىلغىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئېقىمى تېز پەسىللىك دەريا بار. دەريا قىرغىقى ۋە تاغ ئېتىكى ئوخشىمايدىغان شەكىلدىكى زور قارا تاشلار بىلەن تولغان، مانا شۇ تاشلارغا قوي، تۆگە، ئات ۋە ئادەم ئوبرازلىرى ئويۇلغان. ئايلانمىسى 5.6 مېتىر، ئېگىزلىكى بىر مېتىر كېلىدىغان بىر تاشقا ئۇرۇش مەنزىرىسى تەسۋىرلەنگەن 3 پارچە سۈرەت ئويۇلغان، بۇنىڭ بىر پارچىسىغا 9 ئات، بىر تۆگە ئويۇلغان، 9 نەپەر چەۋەنداز ئاتقا مىنىپ قول-

غا ئۇزۇن نەيزە تۇتۇپ ئۆز-ئارا ئېلىشىۋاتقان كۆرۈنۈش خاتىرىلەنگەن (6-رەسىمگە قاراڭ) سۈرەتلەرنىڭ ئۇزۇنلۇقى 16 سانتىمېتىردىن 20 سانتىمېتىرغىچە بولۇپ، بىر-بىرىگە ئوخشىمايدۇ، چوڭ-كىچىكلىكىدە ئازراق پەرق بار. سۈرەتلەرنىڭ ھەممىسى تولۇق ئويما شەكلىدە ئويۇپ چىقىرىلغان. رەسىمنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر چەۋەنداز ئەتراپىنى قورشىۋالغان 8 نەپەر نەيزىلىك چەۋەنداز بىلەن ئېلىشىۋاتقان مەنزىرە ئويۇلغان. 9 نەپەر چەۋەندازنىڭ شىددەتلىك ئېلىشىش سۈرىتىنىڭ ئوڭ تەرەپتىكى ئۈستۈنكى بۇرجىكىدە، چەۋەندازلارنىڭ سۈرىتىدىن سەل چوڭراق، ئۆرە تۇرغان قوش لوكىلىق (ئۆركەشلىك) تۆگە ئويۇلغان. لېكىن تۆگە سۈرىتىنىڭ ئۈستىگىلا يەنە بىر چەۋەندازنىڭ سۈرىتى ئۈستىمۇ-ئۈست ئويۇلغان. بۇ سۈرەتنىڭ ئويما ئىزلىرى نىسبەتەن يېڭى بولۇپ، قوش قەۋەتنى شەكىللەندۈرگەن. 9 چەۋەندازنىڭ ئېلىشىش سۈرىتىنىڭ سىزىقلىرى راۋان، ئاتلارنىڭ يا-پاشلىرى سېمىز، تولۇق، نەپىس ئويۇلغان. ئاتلارنىڭ بەزىلىرى ئالغا ئېتىلىۋاتقان، بەزىلىرى قۇيرۇقلىرىنى سىلكىۋاتقان ھالەتتە بولۇپ، قىياپەتلىرى بىر-بىرىگە ئوخشىمايدۇ. ئات ئۈستىدىكى چەۋەندازلارنىڭ بەزىلىرى نەيزە سانجىۋاتسا، بەزىلىرى نەيزىسىنى كۆتۈرۈۋاتقان، بەزىلىرى نەيزىسىنى تارتىۋاتقان مەنزىرە توغرا تاللانغان، ماھىرلىق بىلەن قۇراشتۇرۇلغان، سۈرەت بىر پۈتۈن گەۋدە بولۇپ، قۇرۇلمىسى پۇختا، ناھايىتى جانلىق تەسۋىرلەنگەن (7-رەسىمگە قاراڭ)، يەنە باشقا بىرپارچە سۈرەتتە قولىغا نەيزە تۇتقان بىر چەۋەندازنىڭ بىر پىيادە ئەسكەر بىلەن ئېلىشىۋاتقان مەنزىرىسى خاتىرىلەنگەن. بۇ تاشنىڭ ئارقا تەرىپىگە چوكۇنۇغلۇق قوش لوكىلىق تۆگىنىڭ سۈرىتى ئويۇلغان. بۇلاردىن ئاردىم تاش ئويما سۈرەتلىرىنىڭ ئويمىچىلىق سەۋىيىسىنىڭ نىسبەتەن يۇقىرى، ئويۇلغان ۋاقتىنىڭمۇ يۇقىرىدا بايان قىلىنغان باشقا يەرلەردىكى تاش ئويما سۈرەتلىرىدىن كېيىنرەك ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغانلار پەقەت قومۇل تاش ئويما سۈرەتلىرىنىڭ ناھايىتى ئاز بىر قىسمىدىنلا ئىبارەت. قومۇلدىكى زور مىقداردىكى مەزمۇنغا باي تاش ئويما سۈرەتلىرى بىلەن شىنجاڭنىڭ باشقا رايونلىرىدىكى تاش ئويما سۈرەتلىرى بىرلىشىپ، شىنجاڭنىڭ مۇكەممەل بولغان تاش ئويما سۈرەت توپىنى شەكىللەندۈرىدۇ. بۇ، مەملىكىتىمىزنىڭ قىممەتلىك مەدەنىي مىراسى. بۇلار ئۈستىدە ئىزدىنىش ۋە تەتقىقات ئېلىپ بېرىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

تۇرسۇن ئەخمەت تەرجىمىسى



رەسىم - 1



رەسىم - 2



رەسىم - 3



رەسىم - 4



رەسىم - 5



رەسىم - 6



رەسىم - 7

# ياۋچىلار ۋە ئۇلارنىڭ غەرىپكە كۆچۈشى

**ئابلەت نۇردۇن**

ياۋچىلار — ئېلىمىز تارىخىدىكى جۇ، چىن سۇلالىلىرى دەۋرىدە دۇنخۇاڭ، چىلەنشەن تېغى بويلىرىدا ئۇيسۇنلار بىلەن بىر دەۋردە كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان خەلقلەرنىڭ بىرى. تارىخشۇناسلار ئۇلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى توغرىسىدا ئوخشاش بولمىغان كۆز قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بەزىلىرى ئۇلارنى چاڭ (چان — ژاڭزۇلارنىڭ ئەجدادى) لارنىڭ قەۋمى① دەپ قارىسا، بەزىلىرى تۈركلەرنىڭ بىر قەۋمى② دەپ قارايدۇ. يەنە بەزىلىرى ئارىيانلارنىڭ قەۋمى③ دەپ ھىساپلايدۇ. «تارىخنامە» ۋە «خەنزنامە» دىكى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، ياۋچىلار جۇ، چىن سۇلالىلىرى دەۋرىدە خېلى قۇدرەت تېپىپ ئۇيسۇنلارنى مەغلۇپ قىلغان. بۇ ھەقتە «جاڭچيەن تەرجىمە ھالى» دا: «...... ياۋچىلار ئۇيسۇنلارغا ھۇجۇم قىلىپ، كۇنبى (ئۇيسۇن خانى) نىڭ ئاتىسى نەندۇبىنى ئۆلتۈرۈپ زېمىنىنى تارتىۋالدى» دەپ خاتىرىلەنگەن. ھەتتا ھون تەڭرىقۇتى تۇمەن (مىلادىدىن ئىلگىرىكى ؟ — 209 - يىللار) مۇ ئۆز ئوغلىنى ئۇلارغا تۇرغاق قىلىپ ئەۋەتكەن، ئەمما مودۇ (موتە) تەڭرىقۇت (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 209-174 - يىللار) دەۋرىگە كەلگەندە، ھونلار قۇدرەت تېپىپ ياۋچىلارنى مەغلۇپ قىلغان. شۇنىڭ بىلەن ياۋچىلارنىڭ كۆپ قىسمى غەرىپكە كۆچۈشكە مەجبۇر بولغان. ئۇلار ئىلى دەريا ۋادىسىدىكى ساك قەبىلىلىرىنى قوغلاپ چىقىرىپ، شۇ يەرلەرگە ماكانلاشقان. ھون تەڭرىقۇتى رۇشات (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 174-161 - يىللار) دەۋرىدە ياۋچىلار ئۇيسۇنلار بىلەن ھونلارنىڭ بىرلەشمە قوشۇنىنىڭ زەربىسىگە ئۇچراپ، پەرغانە ئويمانلىقى ئارقىلىق سوغدىيانا (بۈگۈنكى ئامۇ دەرياسى بىلەن سىر دەرياسى ئارىلىقىدىكى زەرەپشان دەرياسى بويلىرى) غا كۆچۈپ، ئامۇ دەرياسىنىڭ شىمالىي قىسمىدا ياۋچىلار دۆلىتى قۇرغان. غەرىپكە كۆچكەن ياۋچىلارنى قەدىمقى ھىندىستانلىقلار تۇخارلار دەپ ئاتىغان.④ ياۋچىلار دۆلەت قۇرۇپ تەخمىنەن 20 يىلدىن كېيىن باكترىيە (ھىندىقۇش تاغلىرى بىلەن ھىندى دەرياسى بويلىرىدىكى جايلار) نىڭ شىمالىي قىسمىغا ھۇجۇم قىلىپ كىرگەن. باكترىيە دۆلىتىنىڭ خانى ھېراكلىس ۋە ئۇنىڭ جامائىتى ھىندىقۇش تېغىنىڭ جەنۇبىغا قېچىپ كەت-

كەن. شۇندىن ئېتىۋارەن ياۋچىلار باكتىرىيە زېمىنىنى پۈتۈنلەي كونترول قىلغان. ياۋچىلارنىڭ زېمىنى دەسلەپتە بەش قىسىمغا بۆلۈنۈپ، ئۇلارنى ياۋچىلارنىڭ بەش ئۇرۇغىدىن بولغان يابغۇلار ئىدارە قىلغان. مىلادى 1- ئەسىرگە كەلگەندە، بەش ئۇرۇغتىن بىرى بولغان كۇشان يابغۇسى كادزۇئۇلا كاپىتىس بارلىق ياۋچىلار قەبىلىلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، بۈگۈنكى ئاۋغانىستاننىڭ شىمالىي قىسمىدىكى بەلخ شەھرىنى پايتەخت قىلىپ كۇشان دۆلىتىنى قۇرغان. شۇنىڭ بىلەن سىرتقا قارىتا كېڭەيمىچىلىك ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىپ، پارتىيە (ئىراننىڭ شەرقىي قىسمى) نىڭ مىرف شەھرىنى، كېيىن كابول دەرياسى بويلىرى ۋە كەشمىر رايونىنىڭ بىر قىسمىنى ئىستىلا قىلغان. مىلادى 45- يىلى كادزۇئۇلا كاپىتىس ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ تەخت ۋارىسى ھىما كاپىتىس (ۋىما كاپىتىس) پادىشا بولغان. ئۇ، ئاتىسىنىڭ كېڭەيمىچىلىك ئۇرۇشىنى داۋاملاشتۇرۇپ، يەنە ھىندى دەريا بويلىرى (پەنجاپ رايونى) نى ئىشغال قىلغان. مىلادى 78- يىلى ھىما كاپىتىس ئۆلگەندىن كېيىن، ئورنىغا كانىشكا (ھىما كاپىتىسنىڭ نەۋرىسى) پادىشا بولۇپ، مىلادى 120- يىلغىچە ھۆكۈم سۈرگەن. ئۇ پايتەختنى لوسابىرا شەھرى (پاكىستاندىكى ھازىرقى پىشاۋار شەھرى) گە كۆچۈرگەن. بۇ شەھەر ئەينى چاغدا گاندىخارا شەھرى دەپ ئاتالغان بولغاچقا، شۇندىن ئېتىۋارەن كۇشان دۆلىتى بەزى تارىخنامىلاردا گاندىخارا دۆلىتى دەپمۇ خاتىرىلەنگەن. كانىشكا دەۋرىدە خارەزىم، بۇخارا قاتارلىق جايلارمۇ ئىستىلا قىلىنغان. زېمىنى شىمالدا سوغدىيانە، شەرقىي جەنۇپتا ھىندى دەرياسى، غەرپتە پارتىيە، شەرقتە كۆكئارت (پامىر) غىچە يېتىپ، غەربىي ئاسىيادىكى ئەڭ چوڭ دۆلەتكە ئايلانغان.⑤ كۆپلىگەن تارىخچىلار بۇددا دىنى كانىشكا دەۋرىدە كەشمىر ئارقىلىق شىنجاڭغا تارقالغان، دەپ جەزىم قىلىشىدۇ.

كانىشكا ئۆلگەندىن كېيىن، ياۋچىلار زەئىپلىشىشكە قاراپ يۈزلەنگەن بولۇپ، خان جەمەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ھوقۇق مەنپەئەت تالىشىش كۈرەشلىرىمۇ كەسكىنلىشىشكە باشلىغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە كۇشان ئىمپېرىيەسى دائىرىسىدىكى قەبىلە - ئۇرۇقلارنىڭ ئېتنىك تەركىۋى مۇرەككەپ، تىلى ھەر خىل، مۇستەھكەم سىياسىي، ئىقتىسادىي ئاساسى يوق ئىدى. ئىستىلا قىلىنغان رايونلاردىكى خەلقلەرنىڭ قوزغىلاڭلىرى ئارقا - ئارقىدىن پارتلىدى. مىلادى 3- ئەسىرگە كەلگەندە، ئىران ئېگىزلىكىدە ساسانىت قەبىلىلىرى تەدرىجىي كۈچىيىشكە باشلاپ، كۇشان ئىمپېرىيەسى تېررىتورىيەسىگە ھۇجۇم قىلىشقا باشلىدى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا كۇشان ئىمپېرىيەسى پارچىلىنىپ كەتتى. مىلادى 4- ئەسىرگە كەلگەندە، كۇشان دۆلىتىنىڭ ھىندىقۇش تاغلىرى بويلىرىدىكى ئاخىرقى زېمىنى شەرقتىن كەلگەن ئېفتالىتلار (ئاق ھونلار) تەرىپىدىن بېسىۋېلىندى. شۇنىڭ بىلەن كۇشان دۆلىتىمۇ ئاخىرقى ھېساپتا مۇنقەرز بولدى.

ياۋچىلار خېشى كارىدورىدىن ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا كۆچكەن چاغدا، ئۇلارنىڭ بىر قىسمى خېشى كارىدورىدا قېپ قېلىپ، چىلەنشەن تاغلىرىنىڭ جەنۇبى بىلەن چىڭخەي

ئارىلىغىدىكى جايلاردا ماكانلىشىپ، چاڭلارنىڭ قەۋمى بىلەن ئارىلىشىپ ياشىغان. بۇلار تارىختا كىچىك ياۋچىلار دەپ ئاتالغان.

ياۋچىلار تەرىپىدىن قۇرۇلغان كۇشان دۆلىتى تارىختا زور تەسىر كۆرسەتكەن. شۇڭا ياۋچىلار ۋە كۇشان دۆلىتىنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىش جەھەتتە ئېلىمىزدە ۋە بىر قىسىم دۆلەتلەردە نۇرغۇن تەتقىقات خىزمەتلىرى ئىشلەندى. 1973 - يىلى سوۋېت ئارخېئولوگلىرى تارىختىكى كۇشان ئىمپېرىيىسى دائىرىسىدىكى رايونلاردىن ياۋچىلارغا ئائىت يازما يادىكارلىق، يادنامە ۋە كۇشان دۆلىتىنىڭ غەزىنىسىنى تاپتى. ⑥ بۇ ھەر قايسى ئەل تەتقىقاتچىلىرىنى ياۋچىلارنىڭ تارىخى، تىلى ۋە سەنئىتى قاتارلىق ساھەلەردە تەتقىقات خىزمىتىنى كۈچەيتىشتە قىممەتلىك يېڭى ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىدى. ب.د.ت مائارىپ، ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت مۇئەسسەسىنىڭ «ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلىرىنىڭ مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىش پىلانى» غا كۇشان ئىمپېرىيىسىنىڭ ئارخېئولوگىيىسى ۋە تارىخىنى تەتقىق قىلىش خىزمىتى مۇھىم مەزمۇن سۈپىتىدە كىرگۈزۈلدى.⑦

ئىزاھلار :

① «3 دۆلەت ھەققىدە تەپسىرات، غەربى رۇڭلار تەزكىرىسى».

② گىرىم. گىرىژمايلو «غەربىي موڭغۇل ۋە ئۇرانقاي رايونى» خېچىڭچۈن تەرجىمە قىلغان «غەربى رايون ۋە بۇددا دىنى» دىگەن كىتاپقا قاراڭ.

③ گىلىڭشىمىن: «ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قىسقىچە تارىخى» خەنزۇچە نەشرى، 6 - بەت.

④ ⑤ ⑥ ياڭجەنشىڭنىڭ «ياۋچىلار» دىگەن ماقالىسى. «غەربىي شىمال تارىخ - جۇغراپىيىسى» 1983 - يىلى 2 - سان.

⑦ ۋاڭ جىژلەي، «ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئوتتۇرا ئەسىر مەدەنىيىتى ئۈستىدە تەتقىقات». ئۇيغۇرچە «شىنجاڭ ئىجتىمائى پەنلەر تەتقىقاتى»، 1983 - يىل، 3 - سان.

### ھىكمەتلىك سۆزلەر

كىشىلەر بىر ئالىمدىن:

— تەقسىر، دوستلىرىڭىزنىڭ سانى قانچە بار؟ — دەپ سوراشتى.

— بىلمەيمەن. چۈنكى، بەختىم بېشىمدا، ئىقبالىم كامالەتتە، ئامىتىم كەلگەن، تۇرمۇش مەئىشىتىم يېتەرلىك بولغان چاغدا دوستلۇرۇم كۆپتۇر. بەختىم قايتقان، ئامىتىم قاچقان، دۆلىتىم قولدىن كەتكەن، پەقىرلىق ھالىغا چۈشكەن چېغىمدا دوستلىرىمنىڭ سانى قانچە ئىكەنلىكىنى سىزگە ئېيتىپ بېرەلمەيمەن - دەپ جاۋاپ بەردى.

«فەۋاكەلجۇلەسا» ناملىق كىتاپتىن.

# هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى لۇغەت تەركىۋىنى قېلىپلاشتۇرۇش مەسىلىسى توغرىسىدا

ئەخمەتجان ئەسقەر

لۇغەت تەركىۋى تىلنىڭ قۇرۇلۇش ماتېرىيالى بولۇپ، تىل ئامىللىرىنىڭ بىرسى، ئۇ جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ تۇرىدۇ. جۈملىدىن ئۆز تەرەققىياتى جەريانىدا، ھەر قاچان، ھەر تەرەپتىن بەزى سۆز-ئاتالغۇلارنى قوبۇل قىلىپ، ئۆزىنى بېيىتىپ بارىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، لۇغەت تەركىۋىدە بەزى ئىختىلاپلىق ھادىسىلەرنىڭ يۈز بېرىشىدىن ساقلانغىلى بولمايدۇ. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنى ئالساق، ئۇيغۇر تىلى لۇغەت تەركىۋى ئۆزىنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدا ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت كىشىلەر تەپەككۇرىنىڭ ئۈزلۈكسىز راۋاجلىنىش ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، جەمئىيەتتە پەيدا بولۇۋاتقان يېڭى ھادىسە، يېڭى نەرسە ۋە يېڭى چۈشەنچىلەرنىڭ بارلىققا كېلىشى نەتىجىسىدە پەيدا بولغان يېڭى سۆزلەر ئارقىلىقلا، ئۆز تەركىۋىنى بېيىتىپ بارغاندىن سىرت، يەنە داۋاملىق ئادەتتىكى لۇغەت تەركىۋىگە ھەر خىل دىيالېكتلاردىن، قەدىمقى سۆزلەردىن، چەت تىللاردىن، يېڭى ئاتالغۇ، تۇراقلىق ئىبارە قاتارلىقلاردىن ھاياتى كۈچكە ئىگە كېرەكلىك سۆزلەرنى قوبۇل قىلىپ، ئۆزلەشتۈرۈپ ئۆزىنى كۆپ دەرىجىدە بېيىتىپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ لۇغەت تەركىۋى، يۇقۇرقىدەك سۆزلەرنى ئۆز تەركىۋىگە قوبۇل قىلىش بىلەن بىر قاتاردا يەنە بەزى ئىختىلاپلىق ھادىسىلەرنىمۇ ئېلىپ كىردى. شۇڭا ئۇيغۇر تىلى لۇغەت تەركىۋىدە بەزىدە پۈتۈنلەي زۆرۈر بولمىغان مەنىداش سۆزلەر، مەسىلەن: ئۆزمە - جۈجەم، ئاچا - ئىنگچە، ئايلا - ھەدە، قول چىراق - قول ئېلېكتېر - پىرژېكتېر، بۇرۇلكا - شىم - تامبال قاتارلىق سۆزلەر ئىشلىتىلسە، بەزىدە ئاھاڭ تەرجىمىسى بويىچە خەنزۇ تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر بىلەن بىر قاتاردا ئۆز پېتىچە باشقا تىللاردىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر، مەسىلەن: ۋېيۇۋلۇن - ماتېرىيالىزىم، ۋۇلى - فىزىكا دېگەندەك سۆزلەر قوللىنىلماقتا. شۇنىڭدەك بەزىدە بىر سۆزنىڭ يەرلىك ئۇيغۇرچىسىنى، بەزىدە، رۇسچىسى، بەزىدە خەنزۇچىسىنى بىرلىكتە ئىشلىتىش ھادىسىلىرىمۇ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن: ۋىتامىن - ۋېيسىڭسۇ، ۋان كوپەيتكۈچى، پىپەن - تەنقىتلەرگە ئوخشاش. بەزىدە يېرىم تەرجىمە قىلىنغان سۆزلەر بىلەن پۈتۈن تەرجىمە سۆزلەرنى تەڭ ئىشلىتىش ھادىسىلىرىمۇ كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن : -

جاگۇك قىلىش بىلەن پىششىقلاپ ئىشلەشكە ئوخشاش. يۇقۇرقىلاردىن باشقا، ئەدەبىي تىلدىكى سۆزلەر بىلەن دىيالېكت سۆزلىرىنى ئوخشاش تەڭ ئىشلىتىش ھادىسىلىرىمۇ بار. مەسىلەن: ئاپتاپپەرەس - شىمشىكا - گازىر — ئايغاباقار، كاساڭ - تەگلە، خام - ماتا، ئانا - ئاپا، دادا - ئاتا ۋە باشقىلار، يىڭى سۆز - ئاتالغۇلارنى يارىتىش، قوللىنىشلاردا، بەزى قالايمىقانچىلىق ھادىسىلەرمۇ بار. بۇ بىر نەچچە جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ. يېڭى يارىتىلغان بىر خىل مەنىنى بىرىدىغان سۆزلەرنىڭ بىر نەچچە خىل بولۇشى، مەسىلەن: قىياس مەنتىق نەزىرىيىسى - ئۈچ باسقۇچلۇق نەزىرىيىسى، ئېلېكتىرونلۇق ھېسابلاش ماشىنىسى - ئېلېكتىرون ھېسابلىغۇچ؛ باشقا تىللاردىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەرنى ھەر خىل شەكىللەردە تەرجىمە قىلىش، مەسىلەن، پاتىرىئارخاللىق - ئاتىلىق ھوقۇق - ئاتىلىق تۈزۈم؛ چەت تىللاردىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەرنىڭ ئىملاسىدا بىردەك بولماسلىق. مەسىلەن: پلان - پىلان، كامانىدىر - كوماندىر، ئىنقىلاۋى - ئىنقىلاۋي، دەستىگا - دەستىگاھ تېلېگىراپ - تېلېگراپ، تېلېگىراممىا - تېلېگىرامما، سىتىل - ئىستىل ۋە باشقىلار.

بۇ خىل ئىختىلاپلىق ۋە قالايمىقانچىلىق ھادىسىلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى تىلىمىزنىڭ توغرا، ساپ ۋە ساغلام راۋاجلىنىشىغا تەسىر يەتكۈزمەي قويمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن لوغەت تەركىۋىنى قېلىپلاشتۇرۇش لازىم. لوغەت تەركىۋىنى قېلىپلاشتۇرۇش دىگەن نىمە ؟

لوغەت تەركىۋىنىڭ ئۆز تەرەققىيات قانۇنلىرىغا ئاساسەن، ھەممە كىشى ئەمەل قىلىدىغان، بىرلىككە كەلگەن ئۆلچەمنى بېكىتىپ، شۇ ئۆلچەم بويىچە، لوغەت تەركىۋىنى خەلق ئۆچۈن ئۈنۈملۈك ھالدا خىزمەت قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشتىن ئىبارەت.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى لوغەت تەركىۋىنى قېلىپلاشتۇرۇشنىڭ ئۆلچىمى شىمالىي شىنجاڭ ئەدەبىي تەلەپپۇزىنى ئۆلچەم قىلىپ، ئۈرۈمچى دىيالېكتىنى يېتەكچى دىيالېكت سۈپىتىدە ئاساس قىلىش ئارقىلىق ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ بىر پۈتۈن ئەدەبىي تىلىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈش. بىزنىڭچە، بۇ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ لوغەت تەركىۋىنى قېلىپلاشتۇرۇشنىڭ ئۆلچىمى بولىدۇ. بىز مۇشۇ ئۆلچەم بويىچە ئۇيغۇر تىلى لوغەت تەركىۋىنىڭ تەرەققىياتىدىكى ئىختىلاپلىق ھادىسىلارنى ئازايتىپ، لوغەت تەركىۋىنى قېلىپلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىششىمىز كېرەك.

لوغەت تەركىۋىنى قېلىپلاشتۇرۇش ئىنتايىن مۇرەككەپ ۋە مۇشكۈل ۋەزىپە. ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش جەريانىدا، بەزى كونكىرىت مەسىلىلەرمۇ ئۇچرايدۇ. ئېيتايلۇق. ئاساسى دىيالېكتتىكى سۆزلەرنى قانداق بېكىتىش ۋە تاللاش مەسىلىسى، باشقا تەركىپلەردىن (قېدىمقى سۆزلەر، دىيالېكت - شىۋى سۆزلەر، چەت تىل سۆزلىرى، يېڭى ئاتالغۇ قاتارلىقلاردىن) قانداق تاللاش، قانداق قوبۇل قىلىش ۋە باشقىلار. مانا بۇ

مەسىلىلەرنى لوغەت تەركىۋىنى قېلىپلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت ئەمەلىي خىزمەتلەر جەريانىدا ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن، بىز يەنە لوغەت تەركىۋىنى قېلىپلاشتۇرۇشنىڭ بەزى پىرىنسىپلىرىنىمۇ بەلگىلەپ ئېلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ لوغەت تەركىۋىنى قېلىپلاشتۇرۇشنىڭ مەزمۇنى ۋە پىرىنسىپلىرى نېمە؟

تىلشۇناسلىق نۇقتىئىنەزىرى ۋە تىلىمىزنىڭ ئىچكى قانۇنىي ئەمەلىيىتى ھەم ئاممىنىڭ چۈشىنىشى، ئاممىغا قولايلىق بولۇش قاتارلىق جەھەتلەردىن قارىغاندا، ئومۇمىي پىرىنسىپ جەھەتتىن ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىش، تىلنىڭ ئىچكى قانۇنىغا خىلاپلىق قىلماسلىق، ئاممىنى نەزەردە تۇتۇش لازىم، يەنى ئۇيغۇر تىلىنىڭ لوغەت تەركىۋى ۋە ئۆزىنىڭ سۆز ياساش يوللىرىدىن پايدىلىنىپ، يېڭى سۆزلەرنى ياساش، ھاياتى كۈچكە ئىگە باشقا تەركىپلەردىن داۋاملىق ھالدا ئېھتىياجغا، ئاممىباپ بولۇشقا، مەنىسى ئېنىق بولۇشىغا قاراپ كېرەكلىك تەركىپلەرنى قوبۇل قىلىش لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن تۆۋەندىكى ئۈچ پىرىنسىپنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش كېرەك.

ئېھتىياجغا قاراش پىرىنسىپىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش: ئېھتىياجغا قاراش پىرىنسىپى دېگىنىمىز، ئالاقە ئېھتىياجىغا ئاساسەن، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىغا دىئالېكت شىۋىلەردىن، قەدىمقى سۆزلەردىن، چەت تىلدىن، مەخسۇس ئاتالغۇلاردىن ھەم تۇراقلىق سۆز بىرىكمىلىرىدىن زۆرۈر ۋە ئېھتىياجلىق بولغان سۆزلەرنى قوبۇل قىلىش، بولۇپمۇ قېرىنداش تىللاردىن قوبۇل قىلىش لازىم. مانا بۇ، ئېھتىياجغا قاراش پىرىنسىپى دېيىلىدۇ. بىزگە مەلۇم بەزى دىيالېكتلار، قەدىمقى سۆزلەر، چەتئەل سۆزلىرى ئىچىدە ئالاھىدە مەنىگە ۋە تۈسكە ئىگە سۆزلەر بولۇپ، ئەدەبىي تىلىمىزدا ئۇلارنىڭ ئورنىنى باسىدىغان سۆزلەرنى تاپقىلى بولمايدۇ. ئەنە شۇنداق سۆزلەرنى چوقۇم قوبۇل قىلىش لازىم. شۇ ئارقىلىق ئەدەبىي تىلىمىزنى بېيىتىشىمىز كېرەك. ھازىرقى كۈندە ئەدەبىي تىلىمىز مۇشۇنداق سۆزلەر بىلەن بېيىدى ۋە بېيىۋاتىدۇ. مەسىلەن: دىئالېكتلاردىن ئومۇمىماق، ئودۇم، نوگاي، ئاياق، ئوقاق (خالاش، باغلىنىش مۇھەببەت مەنىسىدە) بوجەن قاتارلىق سۆزلەر كىردى، (بۇلار كونا دىئالېكت سۆزلەر.) يېڭى دىئالېكتلاردىن قالدۇرۇق يەر، قول چىراق، ئاق ئوغۇت قاتارلىقلار ئۆزلەشتى. چەت تىل سۆزلىرىدىن تەرجىمە مەنىسى بويىچە قۇياش نۇرى مۇنچىسى، يۇقۇرى بوشلۇق تېخنىكىسى، چىرىندى كىسلاتالىق ئوغۇت قاتارلىقلار. ئۆز تەلەپپۇزى بويىچە بوكسىر، ماگىستىر، باكلاۋېر، راكېتا، ئاتوم، سالىيوت دېگەن سوزلەر؛ ئاتالغۇلاردىن مورفېما، ئانالېتىك، سېمانتىك. موپەسسەل، ئوپېرا، پېرسوناژ، قاپىيە، ئانارخىزىم ۋە باشقىلار كىردى. مانا بۇ خىل سۆزلەر ئالاقە ئېھتىياجىغا ئاساسەن لوغەت تەركىۋىمىزدە ئەدەبىي سۆزلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالدى ۋە ئېلىۋاتىدۇ. لېكىن مۇنداق سوزلەرنى قوبۇل قىلىشتا ئەدەبىي تىلىمىزدا ئۇنىڭغا تەڭ مۇۋاپىق سۆزلەر بولسا، ئۇ ھالدا ھېچ-

قانداق ئۆزگە رولى يوق، مۇنداق سۆزلەرنى كوپەيتمەسلىك لازىم.

ئومۇملىقنى ئاساس قىلىش پرىنسىپى: ئومۇملۇقنى ئاساس قىلىش دېگەن ئەدەبى تىلىمىزغا قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر ئەڭ ئومۇمى، كەڭ قوللىنىلىدىغان ھەم ئىستېمال ئۇنۇمى يۇقۇرى بولغان ئاممىباپ سۆزلەردىن بولۇشى كېرەك دېگەنلىكتۇر. ئادەتتە، كەڭ خەلق ئاممىسى ئومۇمىيۈزلۈك ئىستېمال قىلىدىغان ئاممىباپ، قوللىنىشقا قولاي، چۈشىنىشلىك سۆزلەر ئەدەبى تىل سۆزلىرى قىلىپ تاللىنىدۇ. مەسىلەن: ھاۋانچا - ھاگانچا، جوۋا - جوگا، ئاۋال - ئاگال - قاتارلىق سۆزلەر ئىچىدە ھاۋانچا، جوۋا، ئاۋال قاتارلىق سۆزلەر ئومۇمىيۈزلۈك قوللىنىلىدۇ. يەنى ئومۇملىققا ئىگە. مانا بۇ سۆزلەر ئەدەبى تىلىمىزدىكى سۆزلەر دەپ قارىلىدۇ.

مەنىسى ئېنىق بولۇش پرىنسىپى: مەنىسى ئېنىق بولۇش پرىنسىپى دېگەنلىك، ئەدەبى تىلىمىزدا ئىشلىتىلىدىغان سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى ئېنىق، ئۇقۇملۇق بولۇش كېرەك دېگەنلىكتۇر. مەسىلەن: قىياسى ،مەنتىق بىلەن ئۇچ باسقۇچلۇق نەزەرىيىنىڭ ئىچىدە قىياسى مەنتىقىنىڭ مەنىسى ئېنىق. ئاپتوماتلاشقان بۇغداي ئورۇش ماشىنىسى دېگەن بىلەن كومباينىنىڭ ئىچىدە كومباينىنىڭ مەنىسى ئېنىق، شۇڭا بۇلار ئىچىدە مەنىسى ئېنىق سۆزلەرنى ئەدەبى تىلدا قوللىنىش لازىم.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبى تىلىنىڭ لوغەت تەركىۋىنى قېلىپلاشتۇرۇش جەريانىدا، لوغەت تەركىۋىدىكى ھەرخىل تەركىپلەردىن ئەدەبى تىلغا قوبۇل قىلىنىدىغان سۆزلەرنى قېلىپلاشتۇرۇشتا دىققەت قىلىشىمىز ۋە ئۇلارنى قالايمىقان ئىستېمال قىلىشتىن ساقلىنىشىمىز لازىم.

يېڭى ياسالغان سۆزلەرنى قېلىپلاشتۇرۇش ۋە ئۇلارنى قالايمىقان ئىستېمال قىلىشتىن ساقلىنىش: جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ يېڭى شەيئى ۋە يېڭى ھادىسىلەر ئۈزلۈكسىز پەيدا بولىدۇ. ئۇلار كىشىلەردىن يېڭى سۆزلەرنى يارىتىش ئارقىلىق ئۆزلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. مانا مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا يېڭى پەيدا بولغان نەرسىلەرنى يېڭى سۆزلەرنى يارىتىش ئارقىلىق ئىپادىلەشنى تەشەببۇس قىلماي، يەنىلا كونا سۆزلەردىن پايدىلىنىپ ئىپادىلەيمىز دېيىش بىر خىل خاتا خاھىش ھەم ئوبيېكتىپ رىياللىققا خىلاپ ھادىسە بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. شۇڭا يېڭى شەيئى، ھادىسە ۋە ئۇقۇملارنى يېڭى سۆزلەرنى يارىتىش ئارقىلىق ئىپادىلاش كېرەك. بىراق يېڭى سوزلەرنى يارىتىش قالايمىقان، قائىدە - قانۇنسىز بولسا بولمايدۇ. بەلكى تىلىمىزنىڭ ئىچكى قانۇنىغا ئاساسەن، ئۇيغۇر تىلىدا تەييار بار سۆز ياسايدىغان ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىپ يارىتىشىمىز كېرەك. ھەم يېڭى ياسالغان سۆزلەر ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ لوغەت تەركىۋىنى قېلىپلاشتۇرۇش ئۆلچىمىگە چوقۇم مۇۋاپىق كېلىشى لازىم.

تىلىمىزنىڭ ھازىرقى ئەمەلىيىتىگە نەزەر سالساق، تىلىمىزدىكى يېڭى ياسالغان بەزى سۆزلەر بىر ئېيىتقان ئۆلچەم ۋە پرىنسىپلارغا مۇۋاپىق ھالدا ياسالغان. يەنە بەزى

سۆزلەر ئانچە مۇۋاپىق ياسالمىغان. مەسىلەن، ئۈچ باسقۇچلۇق نەزىرىيە، مارىسچىلارغا ئوخشاش، ئۆتكەندىن باشقا يېزىق تىلىمىزدا ئانچە كۆرۈلمىسىمۇ، بىراق جانلىق تىلدا ئۇچرايدىغان بەزى خاتا ياسالما سۆزلەرنى بەزىلەر ئىشلىتىدۇ. مەسىلەن، قاسساپچى، ناۋايچى، سودىگەرچى ۋە باشقىلار.

يۇقارقىلاردىن باشقا، يېقىندىن بېرى ئومۇمى خەلققە چۈشىنىكسىز سەر - سەر (شامال)، سەمەك (بېلىق) قاتارلىق سۆزلەرمۇ يېڭى كىردى. بۇ سۆزلەرنىڭ تىلىمىزدا شامال، بېلىق دېگەندەك تەڭداش مەنىلىك سۆزلىرى تۇرسا، يەنە ئۇنداق سۆزلەرنى ئەدەبى تىل لوغەت تەركىۋىگە ئېلىپ كىرىشكە نىمە ھاجەت بولۇپ قالدى؟

دىيالېكت سۆزلىرىنى قېلىپلاشتۇرۇش ۋە ئۇلاردىن قالايمىقان سۆز قوبۇل قىلىشتىن ساقلىنىش:

بىز تىل ئۈگەنگەندە، خەلق ئاممىسىنىڭ جانلىق ئەدەبى تىلىدىكى سۆزلەرنى ئۆگىنىپلا قالماستىن، بەلكى دىيالېكتلاردىكى جانلىق، ئىپادىلەش كۈچىگە باي سۆزلەرنى قوبۇل قىلىپ، ئۇلارنى ئەدەبى تىل دەرىجىسىگە كۆتۈرۈشىمىز لازىم. چۈنكى، دىيالېكتلاردىكى سۆزلەر ئەرەپچە تىلنى بېيىتىدىغان مەنبە بولۇپ، ئەدەبى تىل ھەر قانچە باي بولسىمۇ، ھامان دىيالېكتلاردىن سۆز ئېلىپ ئۆزىنى بېيىتىپ ۋە تولۇقلاپ تۇرىدۇ ھەم دىيالېكتلاردىكى سۆزلەر جانلىق تىلنىڭ قۇرۇلۇش ماتېرىيالى بولۇپ، جانلىق تىل-ئەدەبى تىلنىڭ پۈتمەس - تۈگىمەس بۇلىقى، بۇ بۇلاقتىن ئەدەبى تىل ئۈزلۈكسىز ھالدا ئۆزىنى بېيىتىشى كېرەك. ھازىرقى تىلىمىز مانا شۇ يول بىلەن ئۆزىنى بېيىتىۋاتىدۇ. بىر نەچچە يىلدىن بېرى، دىيالېكتلاردىن كەلگەن سۆزلەردىن، چىرىمتال، ئايماق، ئوقاق، ئەلياتقۇ، قالدۇرۇق يەر، قولچىراق، ئاق ئوغۇت، ئۇدۇم، ئومۇنماق قاتارلىق سۆزلەر ئەدەبى تىلغا رەسمى قوبۇل قىلىنىپ كەڭ تۈردە قوللىنىۋاتىدۇ. بۇ سۆزلەرنىڭ ئەدەبى تىلغا قوبۇل قىلىنىشى، ئەنە شۇ سۆزلەر ئىپادىلەيدىغان مەنىلەرنى ئەدەبى تىلدا ناھايىتى ئەپلىك، ئامما ئاسان چۈشىنىدىغان قىلىپ ئىپادىلەشكە ئىمكان بەردى. مۇنداق سۆزلەر ئۇيغۇر ئەدەبى تىلىنىڭ لوغەت تەركىۋى ئۈچۈن بايلىق بولۇپ ھىساپلىنىدۇ.

لېكىن ئەدەبى تىلغا ئەدەبى تىلىمىزدىكى بەزى سۆزلەر بىلەن مۇتلەق مەنىداش بولغان سۆزلەرنى سۆرەپ كىرمەسلىگىمىز لازىم. ئۇنداق قىلىش ئەدەبى تىلنى قېلىپلاشتۇرۇش جەھەتتىكى ئۆلچەم ۋە پرىنسىپلارغا خىلاپ كېلىدۇ. ھازىرقى ئەدەبى تىلدا ئاپتاپپەرەس - گازىر - شىمشىكا، ئاچا - ھەدە - ئايلا - ئىگىچە، ئاتقوتان، ئاتخانا، ئاق ئوغۇت - خىمىيەۋى ئوغۇت، قول چىراق - قول ئېلىكتىر - پىرژىكتىر، كورۇشكا گاگزا، چايدان - تېرمۇس قاتارلىق سۆزلەر ئوخشاش ئىستىمال قىلىنىۋاتىدۇ. مانا بۇ خىل سۆزلەرنىڭ ئەدەبى تىلىمىزدا تەڭ دەرىجىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى لوغەت تەركىۋىمىزنىڭ قېلىپلىشىشى ئۈچۈن بىر يۈك، شۇڭا مۇنداق سۆزلەرنىڭ ئىچىدىن ئومۇمى

جانلىق تىلدا كەڭ قوللىنىۋاتقان بىرسىنى ئەدەبىي تىلدا ساقلاپ قېلىپ قالغانلىرىنى قالايمىقان ئىستېمال قىلىشتىن ساقلىنىش لازىم.

قەدىمقى سۆزلەرنى قېلىپلاشتۇرۇش ۋە ئۇلارنى ئىستېمال قىلىشتا دىققەت قىلىدىغان مەسىلىلەر:

قەدىمقى سۆزلەردىن سۆز قوبۇل قىلىشتا ھازىرقى كۈندە يەنە داۋاملىق ئېھتىياجلىق بولغان سۆزلەر بولسا، ئۇنى ئەدەبىي تىلغا قوبۇل قىلىپ ئىشلىتىش، بولمىسا قوبۇل قىلماسلىق. مەسىلەن: پادىشا، مەلىكە، مەدىرىس، قەسىر، موللا، شاھزادە قاتارلىق سۆزلەرنىڭ ھازىرقى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىمىزدا مەنىداش سوزلىرى يوق. شۇڭا مۇنداق سۆزلەرنى داۋاملىق ئىشلىتىشىمىز ۋە ئىشلىتىۋاتىمىز.

ھازىرقى زامان ئەدەبىي تىلىمىزدا مەنا، ئىستېمال جەھەتلەردە پۈتۈنلەي ئوخشاش بولغان قەدىمقى سۆزلەرنى قوبۇل قىلماسلىق لازىم مەسىلەن: قەدىمقى زاماندا ئۇيغۇر تىلىدا شەھەرنى ''بالىق''، خەلقنى ''بۇدۇن'' دىگەن سۆزلەر بىلەن ئىپادىلىگەن بولسا، بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە ''بالىق'' ''بودۇن'' دىگەن سۆزلەرنىڭ ئورنىدا ئەرەب، پارسچىدىن كىرگەن ''خەلق''، ''شەھەر'' دىگەن سۆزلەر تىلىمىزگە كىرىپ ئەدەبىي تىلىمىزدا ھەممىگە ئورتاق، چۈشىنىشلىك بولۇپ ئۆزلىشىپ كەتتى. شۇڭا مۇنداق سۆزلەرنى چەتكە قېقىش ئارقىلىق ''بالىق''، ''بودۇن'' دىگەندەك سۆزلەرنى يەنە ئەدەبىي تىلىمىزگە سۆرەپ كىرىش ھاجەتسىز.

چەت تىللاردىن كىرگەن سۆزلەرنى قېلىپلاشتۇرۇش ۋە ئۇلارنى ئىستېمال قىلىشتا ھازىر ساقلىنىۋاتقان قالايمىقان مەسىلىلەردىن ساقلىنىش:

باشقا مىللەت تىللىرىدىن سۆز قوبۇل قىلىپ ئالغان چاغدا، ئادەم، يەر، دۆلەت ناملىرىنى ئاساسەن ئۆز تەلەپپۇزى بويىچە قوبۇل قىلغاندىن باشقا، باشقا سۆزلەرنى ياكى مەنا تەرجىمىسى بويىچە ياكى يېرىم ئاھاڭ، يېرىم مەنا تەرجىمىسى بويىچە قوبۇل قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. ھازىرقى ئەدەبىي تىلىمىزدا نۇرغۇن سۆزلەر مانا شۇ يول بىلەن كىرىپ ئۆزلەشتى ۋە ئۆزلىشىۋاتىدۇ. بۇ، ئۇيغۇر تىلى لوغەت بايلىقىنى بېيىتىشنىڭ بىر خىل ئەڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇلى. بۇ ئۇسۇلدىن داۋاملىق پايدىلىنىشقا بولىدۇ. مەسىلەن. ئالەم كېمىسى، يەككە ئاۋازلىق قوتىملۇق ئۈنئالغۇ، ئۆزگىرىشچان توك، توك مەنبە ئېچىپ ياپقۇچ، ماگنىتلىق لېنتا، ئاۋاز چىقىرىش كونۇپكىسى، ئىككى قۇتۇپلۇق لامپا، سۈنئىي ھەمرا، جاپاغا چىداپ كۆرەش قىلىش، كوكوسلاشتۇرۇش. تابلىتكىلاش، گۇگىشىلىشىش، 8 سۆزلۈك شىيەنفا قاتارلىق سۆزلەر.

باشقا مىللەتلەر ئىپادىلىگەن شەيئى ۋە ئۇقۇملار ھەققىدىكى سۆزلەرنى ئەگەر ئۇيغۇر تىلىدا مۇۋاپىق سۆزلەر بىلەن ئىپادىلەشكە مۇمكىن بولمايدىغان ئەھۋاللار بولسا، ئۇ چاغدا شۇ تىللاردىن كىرگەن سۆزلەرنى ئېيتىلىشى بويىچە ئىشلىتىشكە توغرا كېلىدۇ. مەسىلەن: ھازىر خەنزۇ تىلىدىن ۋە باشقا خەلقارا تىللاردىن يەن - تېخنىكىغا، سە-

ياسى ئىقتىسادى، پەلسەپە، ئەدەبىيات - سەنئەتكە دائىر نۇرغۇنلىغان سۆزلەر مۇشۇ يول بىلەن تىلىمىزغا كىردى ۋە شۇ پېتىچە ئۆزلىشىۋاتىدۇ. بۇنىدىن كېيىنمۇ مۇشۇنداق بولىدۇ. بۇ ئۇسۇل قەدىمدىن تارتىپ مەۋجۇت. بىراق ھەر قانداق بىر تىل چەت تىللاردىن سۆز قوبۇل قىلىشتا ئېھتىياجىغا قاراپ، قوبۇل قىلىنغان سۆزلەرنىڭ ئىمكان قەدەر توغرا، ئەينەن بولۇشىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۆز مىللى تىلىنىڭ فونېتىك خۇسۇسىيەتلىرىگە بويسۇندۇرۇپ قوبۇل قىلىنىدۇ. شۇنداق قىلغاندىلا چەت تىللاردىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر لۇغەت تەركىبىنى قېلىپلاشتۇرۇش ھەققىدىكى ئۆلچەم ۋە پىرىنسىپلار روھىغا ئۇيغۇن بولغان بولىدۇ.

چەت تىللاردىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەرنىڭ تەلەپپۇزىنى بۇزۇپ، چۈشىنىكسىز قوبۇل قىلىش نەتىجىسىدە قوبۇل قىلىنغان بەزى سۆزلەرنىڭ ئىملاسىنىڭ بىرلىككە كەلمەسلىكتەك قالايمىقانچىلىق ھادىسىلەر سادىر بولىۋاتىدۇ. مەسىلەن، رۇس ۋە خەلقارا تىللاردىن كىرگەن سۆزلەردىن پىلان، سوتسىيالىزم، تېلېگرامما، كاماندىر، كاردۇر، كوللېكتىپ دېگەنگە ئوخشاش بىر قىسىم سۆزلەر يېزىقتا ھازىر ھەر خىل ئېلىنىۋاتىدۇ. بۇلارنىڭ ئىملاسى تېخى بىرلىككە كەلمىدى.

بەزى سۆزلەرنىڭ ئەسلى شەكلىنى قالايمىقان ئۆزگەرتىپ ئىشلىتىش، مەسىلەن: پارسچىدىن ئالماشقان ئىبى، ۋىي قوشۇمچىلىرى ئەسلىدە شۇ تىللاردىن سىياسى، مەدەنى دۇنياۋى، ئىدىيەۋى دېگەن سۆزلىرى بىلەن بىر پۈتۈن ھالەتتە ئېلىنغان ئىدى. بۇگۈنكى كۈنگە كەلگەندە بۇ، قوشۇمچىلار بەزىدە ئەنە شۇنداق بىر خىل مەنىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەردە بەزىدە قوشۇلۇپ، بەزىدە قوشۇلماي ئېلىنىۋاتىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، پارسچىدىن كىرگەن „نەۋ“ دېگەن سۆز «يېڭى، ياش» دېگەن مەنىلەردە قوللىنىلغانلىقتىن ئۇيغۇر تىلىدىمۇ دەستلەپ شۇ مەنىلەردە قوللانغان ئىدى. مەسىلەن، "نەۋباھار"، "نەۋروزى"، "نەۋ جۇۋان"، "نەۋقىران" دېگەنلەرگە ئوخشاش. لېكىن "نەۋ" سۆزى ھازىر بەزىدە "نەۋ" بەزىدە "نو" دەپ ئىشلىتىلمەكتە. مەسىلەن: "نورۇز"، "نوباھار"، "نەۋباھار" دېگەنلەردەك، مانا بۇ ھادىسىمۇ لۇغەت تەركىبىنى قېلىپلاشتۇرۇشقا تەسىر يەتكۈزىدۇ.

باشقا تىللاردىن كىرگەن سۆزلەرگە توغرا قارىيالماسلىق، بۇ - بىردەم كۆپلەپ قوبۇل قىلىشى، بىر دەم كۆپلەپ قارا - قويۇق چەتكە قېقىش قاتارلىق تۇراقسىزلىق ھادىسىلەردە ئىپادىلىنىدۇ.

ئەرەب - پارس تىللىرىدىن سۆز قوبۇل قىلىش ۋە ئۇنى تىلىمىزدا قوللىنىش تارىخىغا نەزەر سالساق، ئۇيغۇر تىلىنى قېلىپلاشتۇرغىچە بولغان ئۇزۇن دەۋردە تولاراق، دىنى تەبىقىگە مەنسۇپ بولغان زىيالىلار (موللا. ئاخۇنلار) بىر مەزگىللەردە ئۇيغۇر تىلى باي تىل ئەمەس، چوڭقۇر چۈشەنچىلەرنى ئىپادىلەپ بېرەلمەيدۇ، ئۇنىڭ ئەكسىچە ئەرەب - پارس تىلى دۇنيادا تەرەققى قىلغان تىل، شۇڭا، بۇ ۋەزىيەتنى پەقەت ئەرەب - پارس تىللىرىلا ئۈستىگە ئالالايدۇ، دەپ خاتا قاراپ، كېرەكسىز بول-

غان كۆپلىگەن سۆزلەرنى قوبۇل قىلغان ئىدى. ھەتتا بەزىلىرى ئانا تىلى بىلەن يېزىشنى نومۇس كۆرۈپ ياكى ئۇنى يازغۇچىنىڭ بىلىملىك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرەلمەيدۇ، دەپ ئۆز ئەسەرلىرىنى ئەرەب - پارس تىللىرى بىلەن يېزىشقان ئىدى، كېيىنكى بىر مەزگىللەردە بەزىلەر ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئىشىكنى ئېتىۋېلىپ «ساپ مىللى تىل» داۋاسى بىلەن ئەرەب - پارسچە سۆزلەرنى پۈتۈنلەي چەتكە قېقىشقا ئۇرۇنغان ئىدى. 40 - يىللارغا كەلگەندە، يۇقىرىقىدەك ئىككى خىل خاتا خاھىشلارغا بىر ئاز خاتىمە بېرىلىپ، ئۇيغۇر تىلى لۇغەت تەركىۋى بىر قەدەر قەدەممۇ - قەدەم رەتكە سېلىنىشقا باشلىغان بولسىمۇ 60 - يىللاردىن باشلاپ، بولۇپمۇ «4 كىشىلىك گۇرۇھ» زورلۇق - زومبۇلۇق قىلغان يىللاردا "ئاز سانلىق مىللەت تىللىرى خەنزۇ تىلىغا يۈزلىنىشى"، "خەنزۇ تىلىنىڭ ھاۋاسىغا بېيىشى لازىم" دېگەن خاتا سىياسەت ۋە تەبىرلەرنىڭ كاساپىتىدىن، ئورغۇنلىغان سۆزلەر خەنزۇچىدىن ئېلىنغان بولغىنىدەك يېقىنقى 2 - 3 يىلدىن بېرى، ئىلگىرى ئۇيغۇر تىلىدىن چىقىرىلىپ كەتكەن ئەرەب-پارسچە سۆزلەر يەنە قايتىدىنلا لۇغەت تەركىۋىمىزگە قارا قويۇق سۆرەپ كىرىلىدىغان خاھىش سېزىلمەكتە. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، بەزى بىر ئەدەبىي ئەسەرلەر ئەنە شۇنداق سۆزلەر بىلەن بېزەلمىسە، يېزىلغان شېئىر - شېئىر بولماسمىش، ئۇنىڭ بەدىئىلىكى ئۇستۇن ھېساپلانماسمىش، ھەتتا بەزىلەر شېئىرلارنىڭ سەۋىيىسىنى ئەنە شۇنىڭ بىلەن ئۆلچەيدىغان بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە چەت تىللاردىن قوبۇل قىلىدىغان سۆزلەرنى پۈتۈنلەي چەتكە قېقىش داۋاسىنى قىلىدىغان خاھىشلارمۇ ئاندا - ساندا كۆرۈلۈپ قالمىۋاتىدۇ.

ئەدەبىي تىلنى قېلىپلاشتۇرۇش جەريانىدا ئۆز تىلىمىزدىكى بەزى سۆزلەرنى ئەدەبىي تىلغا تاللاپ قوبۇل قىلىشتا قالايمىقان چەكلەش، قالايمىقان چەتكە قېقىش ھەم تەلەپپۇز ئۆلچەملىرىگە رىئايە قىلماسلىقتىن ساقلىنىش.

تىلىمىزدا بىر قىسىم سۆزلەر باركى، كۆرۈنۈشتە مەنىداش، بىراق مەلۇم ئىنچىكە پەرقلىرىمۇ بار. مەسىلەن: ئۆتۈك - چىپتىك، هويلا - سەينا، ئاپا. ئانا؛ ئاتا - دادا؛ ئۆتلىمەك - قويقىلماق؛ ئەمەلى - كونكىرىتقا ئوخشاش سۆزلەرنى ئالساق، بۇ سۆزلەر كۆرۈنۈشتە مۇتلەق مەنىداشتەك تۇيۇلىدۇ، بىراق بۇلارنىڭ قوللىنىشتا بەزى جەھەتلەردە پەرقى بار. ئۆتۈك بىلەن چىپتىك گەرچە ھەر ئىككىسى پۇتقا كىيىدىغان قونچىلىق ئاياقنى كۆرسەتسىمۇ. بىراق بۇگۈنكى كۈندە، ئەرلەر، مەيلى ئاياللار كىيىدىغان قونچىلىق ئاياق ئۆتۈك دېيىلسە، چىپتىك پەقەت ئاياللار كىيىدىغان ئاياقىلا قوللىنىلىدۇ. دېمەك ئۆتۈكنىڭ مەنىسى، چىپتىكنىڭ مەنىسىگە قارىغاندا كەڭ. مۇنداق سۆزلەر ئۇچرىغاندا، ئېلمىي مۇئامىلە قىلىپ، ئالدىراپ - سالدىراپ بىرنى ئەدەبىي تىلغا تاللاپ 2 - بىرىنى چەتكە قېقىشتىن ساقلىنىش لازىم.

تىلىمىزدا يەنە بىر قىسىم سۆزلەر باركى، ئېغىزدا، نۇتۇقتا ھەر خىل ئېيتىل-

غاچقا، يېزىق تىلىدىمۇ ھەر خىل يېزىلىپ كەلمەكتە. بۇ، چەت تىللاردىن يېقىندا كىر-گەن سۆزلەرنىڭ ئىملاسىدىلا كۆرۈلۈپ قالماستىن، ئەسلى ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەر-دىمۇ (جۈملىدىن ئەسلى باشقا تىللاردىن كىرگەن بولسىمۇ، بىراق ھازىر ئۇيغۇر تىل لوغەت تەركىبىگە كىرىپ پۈتۈنلەي ئۆزلىشىپ، ئۆز سۆزلىرىمىزدىن ھېچقانداق پەرقلەن-مەيدىغان ھالغا كېلىپ قالغان سۆزلەرمۇ بۇنىڭ ئىچىدە) كۆرۈلمەكتە. مەسىلەن ئاۋال، قەدىمقى، مۇھىم، يېرىم قاتارلىق نۇرغۇن سۆزلەر ئەۋۋەل - ئاۋال، قېدىمقى - قەدىمقى، مۇيىم، مۇھىيىم - موھىم، يارىم - يېرىم دىگەندەك يېزىلىپ كەلمەكتە. مۇنداق ھادىسىلار ھازىرقى ئىملا مەسىلىلىرىدە كوپ ئۇچرايدۇ. مانا مۇشۇنداق مەسىلىلەر يولۇققاندا، ئەدەبىي تىل ئۆلچەملىرىگە رىئايە قىلىش لازىم.

مەخسۇس سۆز- ئاتالغۇلارنى قېلىپلاشتۇرۇش ۋە ئۇلارنى قالايمىقان قوللىنىشتىن ساقلىنىش:

ھەممىگە مەلۇم ھەرخىل كەسىپ، ھەر خىل پەن - تېخنىكا ساھەلىرىدە ئىشلىتى-لىدىغان يەككە مەنىلىك ئالاھىدە سۆزلەر - ئاتالغۇ دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن، پەلسەپە ساھەسىدە قوللىنىدىغان بىرلەمچى، ئىككىلەمچى، زىددىيەت، ماتىرىيالىزىم، دىيالېكتىكا، مېتافىزىكا قاتارلىق سۆزلەر؛ ئىقتىسات ساھاسىدە قوللىنىدىغان قىممەت قانۇنى، كاپىتال، توۋار، كىرىزىس ۋە باشقىلار؛ سىياسى قانۇن ساھەسىدە قوللىنىدىغان دىكتاتورا ئاپتونوم ھوقۇقى، ئاقلىغۇچى، قارىلىغۇچى، سوتچى دىگەندەك سۆزلەر؛ ئەدەبىيات سا-ھەسىدە قوللىنىدىغان ئوبزور، پىرسوناژ، ژانىر، قاپىيە، ۋەزىن، سيۇژىت ۋە باشقىلار؛ تىل ساھەسىدە قوللىنىدىغان فونىما، مورفىما سىمانتىكا، فىرازىئولوگىيە، ۋارىيانت دىگەن-دەك سوز - ئاتالغۇلار.

قىسقىسى، ھەر قايسى پەن ساھەسىدە ئۆز ساھەسىنىڭ تەلىۋىگە ئاساسەن، بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان ھەر - خىل سۆز - ئاتالغۇلار ئىشلىتىلىدۇ. مۇنداق سۆز ئا-تالغۇلار خاراكتىر جەھەتتىن بىرىنچىدىن، ئالاھىدە يەككە مەنىلىك سۆزلەردىن تەش-كىل قىلىنىپ، ئادەتتىكى سۆزلەردەك كۆپ مەنىلىك بولمايدۇ. جۈملىدىن ئۇنداق سوز-لەردە دەرىجە تۈسىمۇ، ئىستىلىستىك تۈسىمۇ كۆرۈلمەيدۇ. ئىككىنچىدىن، ئايرىم سۆز ئاتالغۇلار بەلگۈلۈك ئەھۋال ئاستىدىلا مەلۇم ئىستىلىستىك رولدا قوللىنىلغاندا، كۆپرەك ئوخشىتىش مەنىلىك سۆزلەرنى ئىپادىلىگەندىن باشقا، ئومۇمەن كۆچمە ۋە باشقا مەنىلەر-دە قوللىنىلمايدۇ؛ ئۈچىنچىدىن، بەزى سۆز - ئاتالغۇلار بىردىن ئوشۇق پەن ساھەسىدە ئىشلىتىلىشتا، يېزىلىشتا ئوخشاش قوللىنىلسىمۇ بىراق ئۆزى قوللىنىۋاتقان پەن ئىچىدە يەنىلا يەككە مەنىلىك بولۇپ كېلىدۇ. ئەگەر ئۇنداق بولمىسا، ئۇقۇشماسلىق تۇغدۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن سۆز - ئاتالغۇلارنىڭ يۇقورىقىدەك خۇسۇسىيەتلىرىگە ئاساسەن، مەخسۇس سۆز - ئاتالغۇلارنى قېلىپلاشتۇرۇش مەسىلىسىدە تۆۋەندىكى بىر نەچچە نۇقتىغا دىققەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

بەزى ئاتالغۇلارنى كەڭ قوللىنىپ ئىشلىتىشكە توغرا كەلگەندە، ئۇ، پەقەت ئالاھىدە تىل ئالاقىسىدە، ئاممىباپ سۆزلەر قاتارىدا ئىشلىتىلگەندىن باشقا، ئادەتتىكى ئۆزى مەنسۇپ بولغان كەسىپ ساھەسىدە پەقەت يەككە مەنىلىك بولۇپ ئىستېمال قىلىنىشى لازىم. ئەپسۇسكى، تىلىمىزدا ئىشلىنىۋاتقان بەزى ئاتالغۇلار بۇ تەلەپتىن يىراق تۇرۇۋاتىدۇ. مەسىلەن، «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى»نى ئالساق، بۇ يەردە فونېتىكا، لېكسىكا، گىراماتىكا قاتارلىق بەزى ئاتالغۇلارنىڭ ھەر بىرسى ئىككى ئۇقۇمنى ئىپادىلەپ بېرىش مەنىسىدە قوللىنىلىۋاتىدۇ. يەنى فونېتىكا ھەم تىل تاۋۇشىنى، ھەم تىل تاۋۇشىنى تەتقىق قىلىدىغان پەننى ئىپادىلەشكە قوللىنىلىۋاتىدۇ؛ گىراماتىكا ھەم سۆزلەرنىڭ گىراماتىكىلىق تۈزۈلۈشىنى ھەم تىلنىڭ گىراماتىكىلىق قۇرۇلۇشىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن دېگەن ئۇقۇمدا قوللىنىلىۋاتىدۇ. بۇنىڭغا ئوخشاش ئەھۋاللار ھەممە پەنلەردە ئۇچرايدۇ. بۇ خىل ھادىسىلەر قارىماققا تىل ئالاقىسىغا ئانچە تەسىر يەتكۈزمەيدىغاندەك قىلغىنى بىلەن مەلۇم بىر پەننى ئۆگىنىپ تەتقىق قىلىشنى كۆزدە تۇتقاندا، چوقۇم توسالغۇغا ئايلىنىپ، ئۇقۇملارنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋېتىدۇ.

ئادەتتىكى تىل ئالاقىسىدا ئادەتتە تونۇش بولمىغان سۆز - ئاتالغۇلارنى ئىشلىتەمەسلىك لازىم. ئەگەر ئىشلىتىشكە توغرى كەلسە، ئۇنىڭغا چوقۇم مۇۋاپىق ئىزاھات بېرىپ قويۇش كېرەك. ھازىر بىزنىڭ گېزىت - ژۇرناللىرىمىزدا يېڭى سۆز - ئاتالغۇلار تۈركۈم - تۈركۈملەپ كۆرۈلۈۋاتىدۇ. ئۆز ساھەلىرى بويىچە تارقىتىلغان كىتاب - ژۇرناللار بولسا، ئۇلارنى شۇ كەسپنى بىلىدىغان شەخسلەر كۆرىدىغان بولغاچقا، ئۇلارغا ئىزاھات بېرىلمىسە بولۇۋېرىدۇ. بىراق بەزى ئاممىباپ كىتاب - ژۇرناللاردا ئۇنداق يېڭى سۆز - ئاتالغۇلارغا ئىزاھات بېرىلمىسە، ئادەتتىكى ئادەملەر ئۇلارنى قانداقمۇ چۈشۈنەلىسۇن. شۇڭا بىر يېڭى ئاتالغۇ ئۇچرىغاندا، ئۇنىڭغا ئىزاھات بېرىشنى ئۇنۇتماسلىق لازىم.

ھەر قانداق بىر پەندە مەلۇم چۈشەنچىنى ئىپادىلەيدىغان ئوخشاش مەنىدىكى بىر نەچچە ئاتالغۇنى تەڭ ئىستېمال قىلىشتىن ساقلىنىش لازىم. مۇنداق مۇتلەق مەنىداش ئاتالغۇلارنىڭ بىر ۋاقىتتا تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى، شۇ پەن ئۈچۈن بىريۈك بولۇپ قالىدۇ. ''ئاھاڭداشلىق قانۇنى''، ''ماسلىشىش قانۇنى''، ''سىنگارمونىزىم قانۇنى'' دېگەندەك بىر نەچچە ئاتالغۇ بىر مەنىدە تەڭ قوللىنىلىۋاتىدۇ. لوغەت سوستاۋى، لوغەت تەركىبى، سۆز بايلىقى، سۆزلۈك، لېكسىكا دېگەندەك بىر قانچە ئاتالغۇ ئوخشاش بىر چۈشەنچىنى ئىپادىلەشتە ئىشلىتىلمەكتە. بۇ خىل ھادىسە ئۈچۈن، بىز پەقەت ئۇيغۇر تىلىغا دائىر بەزى پەنلەردە ساقلىنىۋاتقان قالايمىقانچىلىق ئەھۋاللىرىنى مىسال قىلىپ ئۆتۈپ كەتكەن بولساقمۇ، بۇ ھادىسە ھەممە جەھەتلەردە مەۋجۇت. ئاتالغۇلار مەسىلىسىدىكى مۇنداق بىرلىككە كەلمىگەن ئاتالغۇلارنى چوقۇم بىرلىككە كەلتۈرۈش لازىم.

ئاتالغۇلارنى قېلىپلاشتۇرۇشتا، ئاتالغۇلارنىڭ ئىملاسىنىمۇ بىرلىككە كەلتۈرۈپ،

ئۇنىڭدا قالايمىقانچىلىق يۈز بېرىشتىن ساقلىنىش لازىم. بۇ جەھەتتە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرمۇ خېلى بار. مەسىلەن، ئىدىوم - ئىدىيوم فىرازىئولوگىيە - فىرازىئولوگىيە، ئالفاۋىت - ئالپاۋىت ۋە باشقىلار. مۇنداق ھادىسىلەر، ھەر قايسى پەنلەردە كۆپلەپ ئۇچرايدۇ. شۇڭا مۇنداق مەسىلىلەردە تىل - يېزىق كومىتېتى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن ئىملا سۆزلىكى قاتارلىق پايدىلىنىش قوراللىرىدىن پايدىلىنىپ، ئىملادا بىرلىككە كەلگەن ئاتالغۇلارنى بىرلىككە كەلتۈرۈش لازىم. بۇ جەھەتتە ھەر بىر پەن ساھاسىدىكى خادىملەر شۇ پەن ئىچىدىكى ئاتالغۇلارنىڭ ئىملاسىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ بېرىشتە ئالدىنقى قاتاردا تۇرۇش لازىم.

تۇراقلىق ئىبارىلەرنى قېلىپلاشتۇرۇش ۋە ئۇلارنى قالايمىقان قوللىنىشتىن ساقلىنىش.

بىزگە مەلۇم، ماقال - تەمسىل، ئىدىيوم قاتارلىقلاردىن ئىبارەت تۇراقلىق ئىبارىلەر ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆز بىرىكمىلەرنىڭ ئالاھىدە بىر خىلى بولۇپ، مەنە ۋە گىراماتىكىلىق قۇرۇلمىسىنىڭ مۇستەھكەملىكى، تۇراقلىقى، بىر پۈتۈنلىكى، ئىخچاملىقى بىلەن ھەمدە ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن باشقا ھەر قانداق تىل بىرىكمىلىرىدىن پەرق قىلىدۇ. تۇراقلىق ئىبارىلەر تىلىمىزنىڭ زور بايلىقى بولۇش بىلەن تىلنىڭ ئىپادىلەش ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇشقا زور ياردىمى بار. شۇڭا لۇغەت تەركىبىنى قېلىپلاشتۇرۇشنىڭ دائىرىسىگە تۇراقلىق ئىبارىلەرمۇ كىرىدۇ. شۇنداق ئىكەن، تىلىمىزدىكى تۇراقلىق ئىبارىلەرنى قېلىپلاشتۇرۇشىمىز ۋە ئۇلارنى قالايمىقان قوللىنىشتىن ساقلىنىشىمىز لازىم. بۇ جەھەتتە تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا دىققەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

ئىدىيوم، ماقال - تەمسىللەرنى ئىشلەتكەندە ئاممىباپ بولۇشتىن چەتنەپ ئورۇنلۇق ئىشلەتمەي، بۇزۇپ قوللىنىشتىن ساقلىنىش لازىم.

تۇراقلىق ئىبارىلەرنى ئىشلەتكەندە، ئىدىيىۋى مەزمۇنىغا دىققەت قىلىش لازىم. ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى ئىچىدە ناھايىتى كۆپىنىڭ مەزمۇنى توغرا، ئاز ساندىكىلىرىنىڭ مەزمۇنى ئانچە ساغلام ئەمەس. شۇڭا، مۇنداق تۇراقلىق ئىبارىلەرنى ئىشلەتكەندە، ئۇلارنى مەلۇم تىل شارائىتىنى ھىسابقا ئالغاندىن باشقا، (بەزى تارىخى ئەسەرلەردە پېرسوناژلارنىڭ ئۆزىنى سۆزلەتكەندىن باشقا) ئادەتتە ئۇلارنىڭ مەزمۇنىغا دىققەت قىلىپ، قالايمىقان ئىشلەتمەسلىك لازىم. مەسىلەن «خوتۇن كىشىنىڭ چېچى ئۇزۇن - ئەقلى قىسقا»، „ئاكاڭ كىمنى ئالسا، يەڭگەڭ شۇ“ „خاننىڭ ئەمرى خۇدانىڭ ئەمرى“ دېگەنگە ئوخشاش تۇراقلىق ئىبارىلەرنى ئىشلەتكەندە. ئۇلارنىڭ ئاڭلاتقان مەنىلىرىگە ئالاھىدە دىققەت قىلىپ قالايمىقان ئىشلەتمەسلىك لازىم.

ئەدەبىي تىلىمىزدا ئومۇميۈزلۈك قوللىنىلىدىغانلىرىنى ئىشلىتىش، تونۇش بولمىغان، ئاممىباپ بولمىغانلىرىنى زورلاپ ئىشلەتمەسلىك كېرەك، مەسىلەن: "كۆپنىڭ ئەقلى كۆپ" „بىر ياقىدىن باش چىقارماق“، "كۆپ تۈكۈرسە كۆل بولۇر" دېگەندەك تۇراقلىق

ئىبارىلەر ھەممىگە چۈشىنىشلىك، ئاممىباپ، ئومۇملاشقان بولۇپ بۇنداقلارنى قانچە قوللانسا شۇنچە ياخشى، «بىر يەڭدىن باش چىقارماق». دېگەندەك تۇراقلىق ئىبارىلەرنى بەزىلەر بىلسىمۇ، ئومۇمىي خەلق ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئاممىباپ ئەمەس، تونۇش ئەمەس، سۆزلەش ئادىتىگىمۇ ئۇيغۇن ئەمەس ھەم خام. شۇڭا مۇنداق تۇراقلىق ئىبارىلەرنى، ئەدەبىي تىل دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ ئومۇملاشتۇرۇشقا بولمايدۇ.

تۇراقلىق ئىبارىلەرنىڭ ئىچىدە مەنىلىرى ئېنىق، چوڭقۇر، سۆزلىرى ئىخچام بولغانلىرىنى ئىشلىتىپ، مەنىلىرى ئانچە ئېنىق ئەمەس، چۇۋالچاق، بولغانلىرىنى ئىشلەتمەسلىك لازىم. مەسىلەن، "قاغا بالام ئاپپاق، كىرپە بالام يۇمشاق"، "بىر چالمىدا ئىككى پاختەكنى يىقىتماق"، "كۆپنىڭ ئەقلى كۆپ"، "تۆمۈرنى قىزىقىدا سوق" دېگەنگە ئوخشاش تۇراقلىق ئىبارىلەرنىڭ مەنىلىرى ئۇلارغا ئوخشاش مەنىنى بىلدۈرىدىغان مۇشۇنداق تۇراقلىق ئىبارىلەرنىڭ باشقا ۋارىيانتلىرىغا قارىغاندا، مەنىلىرى چوڭقۇر، قۇرۇلمىسىمۇ ئىخچام. شۇڭا، مۇشۇنداق تۇراقلىق ئىبارىلەرنى قوللىنىش لازىم.

بىراق، ئۇيغۇر، تىلىدىكى تۇراقلىق ئىبارىلەر تېخى تولۇقراق تەتقىق قىلىنغان ئەمەس. يەنى مەنىلىرىمۇ، تۈزۈلۈشلىرىمۇ، ھەر خىل ۋارىيانتلىرىمۇ چوڭقۇرراق تەكشۈرۈلۈپ ئېنىقلانمىغان. شۇڭا تۇراقلىق ئىبارىلەرگە كىرىدىغان تىلىمىزدىكى ماقال - تەمسىل، ئىدىيوم قاتارلىق بىرىكمىلەرنى ئەدەبىي تىلدا قېلىپلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ مەنىلىرى، قۇرۇلمىلىرى، ۋارىيانتلىرى ئوبدان تەكشۈرۈلۈپ ئېنىقلىنىشى لازىم. شۇ ئاساسدا ئاندىن ئۇلارنى ئوبدان تاللاپ، ئەدەبىي تىل لۇغەت تەركىبىگە كىرگۈزۈش كېرەك.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىل لۇغەت تەركىبىنى قېلىپلاشتۇرۇش مەسىلىسى ئىنتايىن مۇرەككەپ ۋە مۇشكۇل بىر ۋەزىپە. بۇنىڭ دائىرىسى نۇرغۇن ساھەلەرگە ۋە نۇرغۇن ھادىسىلەرگە بېرىپ تاقىلىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ، ئەدەبىي تىلىمىزنى قېلىپلاشتۇرۇشقا ئازراق بولسىمۇ ھەسسە قوشۇشنى كۆزلەيدىغان ھەر بىر كىشى، لۇغەت تەركىبى ھەققىدىكى بىلىملەرنى تىرىشىپ ئۆگىنىپ ۋە ئۇنى ئىگەللەش ئاساسىدا لۇغەت تەركىبىنى قېلىپلاشتۇرۇشنىڭ ئۆلچەم ۋە پرىنسىپلىرى بويىچە ئىش كۆرۈشى ھەم تىلىمىزنىڭ ساغلام راۋاجلىنىشى ئۈچۈن كۈچ چىقىرىشلىرى لازىم.

# يېقىنقى ئون نەچچە يىلدىن بۇيان ياۋروپا ۋە ئامېرىكىدا تىلشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ تەرەققىياتى

جاۋ شىكەي

## 1. "تىل" غا بولغان تونۇشنىڭ ئۆزگىرىشى

تىل تەتقىقاتى تەخمىنەن ئىككى مىڭ يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە. چەتئەللىك ئالىملار تىل تەتقىقاتى XIX ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ ئاندىن ئىلمىي دەۋرگە كىردى، دەپ ھېسابلىماقتا. بۇنىڭدىن ئىلگىرى، ياۋروپالىقلارنىڭ تىلغا بولغان نەزەر دائىرىسى تەدرىجى كېڭەيگەن بولۇپ، دەسلەپتە پەقەت گرېك تىلى ۋە لاتىن تىلى توغرىسىدىلا ئىلمىي بىلىمگە ئىگە ئىدى. كېيىنرەك باشقا تىللار توغرىسىدا تونۇشقا ئىگە بولۇشقا باشلىدى. تىل بىلىمىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ XIX ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغا كەلگەندە دانىيىلىك R.Rask، (1787 - 1832) گېرمانىيىلىك J.Grimm (1785-1863) ۋە F.Bopp (1791-1867) قاتارلىق كىشىلەر ھىندى-ياۋروپا تىللىرى ئۈستىدە سېستىمىلىق ھالدا تارىخىي سېلىشتۇرما تەتقىقاتى ئېلىپ بېرىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى. «ھىندى - ياۋروپا تىللىرى» (indogermanisch) دېگەن بۇ ئاتالغۇ 1823 - يىلىلا ئاندىن بارلىققا كەلدى. XIX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىسىدا A.Schleicher (1821 - 1868) تارىخىي سېلىشتۇرما ئۇسۇلىنى قوللىنىپ «ئىپتىدائىي ئورتاق تىل» (Ursprache) نى لايىھىلەپ چىقتى. بۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرقى چارىكىدە H.Osthoff، K.Brugmann ۋە H.paul لار ۋەكىللىكىدىكى «يېڭى گراماتىكىچىلار» (Junggrammatiker) ھىندى - ياۋروپا تىللىرىنىڭ فونېتىكىلىق تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى تېپىپ چىقتى. كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك يېرى شۇكى، بۇ مەزگىلدىكى كىشىلەرنىڭ تىلغا بولغان تونۇشى «ئاتومچىلىق» ئىدى، يەنى كىشىلەر تىلنى ئايرىم تەركىپلەر بويىچە يەككە - يېگانە تەتقىق قىلىشاتتى. بۇ دەۋرنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى «تارىخچىلىق» بولۇپ، تارىخىي تەسۋىر ئاساسىي ئورۇندا تۇراتتى.

XX ئەسىرگە كەلگەندە، كىشىلەرنىڭ تىلغا بولغان تونۇشىدا چوڭ ئۆزگىرىش بارلىققا كەلدى. بۇ جەھەتتە F. de. Saussure غايەت زور رول ئوينىدى، بەزى

كىشىلەر ئۇنىڭ تەلىماتىنى تىلشۇناسلىقتىكى «كوپېرنىكچە ئىنقىلاب» دەپ ئاتايدۇ. ئۇ «تىل» نى بىر خىل «شەكىل سىستېمىسى»، يەنى مەلۇم ئىجتىمائىي گۇرۇھتىكى كىشىلەرگە ئورتاق بولغان بىر خىل بەلگە سىستېمىسى، دەپ قارايدۇ ۋە تىلنى شاخمات رىسالىسىگە ئوخشىتىدۇ. Saussure ئىدىيىسىنىڭ تەسىرى ئاستىدا، XX ئەسىردە ياۋروپا ۋە ئامېرىكىدا ئۈچ چوڭ قۇرۇلمىچىلىق ئېقىمى: دانىيىلىك L. Hjelmslev ۋەكىللىكىدىكى «بەلگىچىلەر» (GLossematics)، R.Jakobson ۋە N.Trubetzkoy لار ۋەكىللىكىدىكى «پراگاچىلار» (prague SchooL)، F.Boas، L.Boomfield، Z.S.Harris تارلىق كىشىلەر ۋەكىللىكىدىكى «ئامېرىكا تەسۋىرىي تىلشۇناسلىق ئېقىمى» (American Descriptive Linguistics) مەيدانغا كەلدى. ئامېرىكا قۇرۇلمىچىلىقى پسىخولوگىيىدىكى قىلمىشچىلىق (مېخانىك پسىخولوگىيە) نۇقتىسىدىن چىقىپ، تىلنى بىر قاتار غىدىق ۋە ئىنكاس (يەنى، S ⟶ r … S ⟶ R) تىن ئىبارەت دەپ قارىغان ئىدى.

ئەسىرىمىزنىڭ 60 - يىللىرىدا، ئامېرىكىدا «چومىسكىي ئىنقىلاۋى» ئەۋج ئالدى. بۇنىڭ ئاساسىي ۋەكىلى N. Chomsky بولۇپ، بۇ «ئىنقىلاب» ياۋروپاغا ۋە باشقا جايلارغىمۇ تارقالدى، چومىسكىي تىلنى كىشىلەرنىڭ بىر خىل ئىچكى تۇغما مېخانىزمى دەپ قاراپ، تىل پائالىيىتىنىڭ تاشقى ئىپادىسىنى كۆرسىتىش بىلەنلا قانائەتلىنىپ قالماي، كىشىلەردىن ئىچكى تىل ئىقتىدارى ئۈستىدە ئىزدىنىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇ، ئادەم بىر خىل «تىلغا ئىگە بولۇش مېخانىزمى» (LAD، يەنى (Language acquisition devics غا ئىگە، دېگەن تەخمىننى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بۇ تەخمىن Bloomfield نىڭ «غىدىق ۋە ئىنكاس» تەلىماتىغا تۈپكىي جەھەتتىن قاتتىق زەربە بېرىدۇ. Chomsky نىڭ تەلىماتى تىلشۇناسلىقتىلا ئەمەس، بەلكى پەلسەپە، پسىخولوگىيە، نېرۋا فىزىئولوگىيىسىگىمۇ ناھايىتى زور تەسىر كۆرسىتىدۇ.

يېقىنقى ئون نەچچە يىلدىن بۇيان ياۋروپا ۋە ئامېرىكىدا «قىلمىق ئىلمى» (The science of behavior) كىشىلەرنىڭ دىققەت - ئېتىۋارىنى قوزغىماقتا، بەزى كىشىلەر، تىلشۇناسلىقنىمۇ قىلمىق ئىلمىنىڭ بىر قىسمى دەپ قارىماقتا. ئۇلار تىلنى ئىنسان ھەرىكىتىنىڭ ئىپادىسى، يەنى ئىنسانغا خاس بولغان بىر خىل ئالاقىلىشىش ھەرىكىتى، دەپ قارىماقتا.

ئىنسانىيەتنىڭ تىل ھەرىكىتىنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن، يېقىنقى ئون نەچچە يىلدىن بۇيان، كىشىلەر تىلنى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا پسىخولوگىيە، ئىجتىمائىيات- شۇناسلىق، نېرۋا فىزىئولوگىيىسى، بىئولوگىيە، فىزىكا، سىگنال نەزەرىيىسى قاتارلىق ئوخشاش بولمىغان جەھەتلەردىن كۆزەتمەكتە.

بىر قانچە يىللاردىن بۇيان ئېلېكترونلۇق ھېساپلىغۇچنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ تەبىئىي تىل بىلەن «سۈنئىي تىل» نىڭ مۇناسىۋىتىمۇ كىشىلەرنىڭ قىزىقىشى ۋە دىققىتىنى قوزغىماقتا. ھازىرقى ئېلېكترونلۇق ھېساپلىغۇچلار پەقەت BASIC،

COBOL، FORTRAN لارغا ئوخشاش سۈنئى تىللارنىلا چۈشىنەلەيدۇ. تەبىئى تىل ئارقىلىق ئېلېكترونلۇق ھېساپلىغۇچ بىلەن بىۋاستە سۆزلىشىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، بەزى كىشىلەر ئېلېكترونلۇق ھېساپلىغۇچ نۇقتىسىدىن چىقىش قىلىپ ئىنسان تىلىنى تەھلىل ۋە تەتقىق قىلماقتا.

يۇقۇرىدىكى سۆزلەنگەن ئەھۋاللاردىن بىز شۇنى كۆرۈپ ئالالايمىزكى، كىشىلەر «تىل»نى ئوخشاش بولمىغان ھەر قايسى نۇقتىلاردىن چىقىپ تەتقىق قىلىشانلىقتىن، «تىل» دېگەن بۇ ئۇقۇمنىڭ دائىرىسى بۇرۇنقىغا قارىغاندا زور دەرىجىدە كېڭىيىپ كەتتى. بۇنى يېقىنقى ئون نەچچە يىلدىن بۇيان كىشىلەرنىڭ تىلغا بولغان تونۇشىدىكى بىزنىڭ ئېتىۋارىمىزنى قوزغايدىغان زور بىر ئۆزگىرىش دېيىشكە بولىدۇ. دەل مۇشۇنداق بولغاچقا، ھازىر تىلشۇناسلىق تەتقىقاتىدا مەيلى كەڭلىك جەھەتتە بولسۇن، مەيلى چوڭقۇرلۇق جەھەتتە بولسۇن خېلى زور تەرەققىيات بارلىققا كەلدى.

## 2. تىل تەتقىقاتىنىڭ كەڭلىك جەھەتتىكى تەرەققىياتى

ھازىر ياۋروپا ۋە ئامېرىكىنىڭ تىلشۇناسلىق تەتقىقاتىدا «كۆپ پەنلەر تەتقىقاتى» (multidisciplinary study) ياكى «گىرەلەشكەن پەنلەر تەتقىقاتى» (interdisciplinary activities) يەنى بىز ئېيتىپ كېلىۋاتقان «ئارلىقتىكى پەنلەر تەتقىقاتى» ئېلىپ بېرىلماقتا. يېقىنقى ئون نەچچە يىلدىن بۇيان بۇ جەھەتتىكى تەتقىقاتتا خېلى زور ئىلگىرىلەش بارلىققا كەلدى. بۇ تىل تەتقىقاتىنىڭ كەڭلىك دەرىجىسىدىكى تەرەققىياتىنى تولۇق گەۋدىلەندۇرۇپ بەرمەكتە. تۆۋەندە بىز بۇنىڭغا ئائىت بىر قىسىم ئەھۋاللارنى قىسقىچە قىلىپ تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز.

### پىسخىكىلىق تىلشۇناسلىق

پىسخىكىلىق تىلشۇناسلىق پىسخولوگىيە ۋە تىلشۇناسلىق ئۇسۇللىرىنى قوللىنىپ تىلنى تەتقىق قىلىدۇ. كىشىلەر بۇنىڭدا تۆۋەندىكىلەر ئۈستىدە ئىزلىنىشنى مەقسەت قىلىدۇ:

(1) چوڭ مېڭىنىڭ ئاۋاز قوزغىلىشىنى (acoustic impulse) نېرۋا قوزغىلىشىغا (neurological impulse) ئايلاندۇرۇش جەريانى قانداق بولىدۇ؟

(2) بۇ جەريان گەپ قىلغان ۋاقىتتىكى تاۋۇش چىقىرىش ھەركىتىنى كۆرسىتىدىغان جەرياننىڭ دەل ئەكسى جەريانىمۇ ئەمەس؟

(3) سۆزنى چىقىرىش ۋە ئۇنى قوبۇل قىلىشنىڭ بىرلىكى نىمە؟ فونېتىكا، سېمانتىكا، گىراماتىكا جەھەتلەردىن قارىغاندا، ئۇلار قانداق بىرلىكلەردىن ئىبارەت. ئۇچىنىڭ بىرلىشىشىدىن ھاسىل بولغان بىرلىك بولۇشى مۇمكىنمۇ؟

ھازىرغىچە بۇ تەتقىقاتلاردا بىۋاستە كۆزىتىش ئېلىپ بېرىشقا بولىدىغان بىرەر

ئەسۋاپ يوق، كىشىلەر پەقەت ۋاستىلىق كۆزىتىشلەرنى ئىلىپ بارالايدۇ. مەسىلەن: باللارنىڭ تىلنى ئىگەللەش جەريانى، چەت تىل ئۆگىنىش جەريانى، تىل پاتالوگىيىلىك ھادىسىلىرى (سۆزلىيەلمەسلىك، ئوقۇيالماسلىق، كېكەچلىك كىسەللىكلىرى قاتارلىقلار) نى كۆزىتىش ۋە ھايۋاناتلارنىڭ تىللىرى بىلەن سېلىشتۇرۇش ئىلىپ بېرىش (ھەسەل ھەرىسى، چۈمۈلە، ئۆمۈچۈك، كېپىنەك، ئورانگۇتان قاتارلىقلار).

نۇتۇقنىڭ قوبۇل قىلىنىشى ۋە چۈشىنىلىشى ئۈستىدىكى تەتقىقاتتا P. Ladefoged، D. E. Broadbent لار بىر مۇنچە تەجرىبىلەرنى ئىشلەپ، ئادەملەرنىڭ چوڭ مېڭىسىدە بىر خىل «فونېتىكىلىق خەرىتە» (map) بارلىقىنى؛ فونېتىكىلىق بىرلىك فىزىكىلىق خۇسۇسىيەت بىلەن بەلگىلەنمەستىن، بەلكى تىل تاۋۇشلىرىنىڭ ئۆز ئارا مۇناسىۋەتتى ئارقىلىق بەلگىلىنىدىغانلىقىنى، مەسىلەن: مەلۇم كىشى تەلەپپۇز قىلىدىغان [e] ئاۋاز ئىسپېكتىرىدىكى 550 Hz ۋە 1850 Hz نىڭ رېزونانس چوققىسى ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى، بۇ كىشىنىڭ [e] بىلەن باشقا سوزۇق تاۋۇشلارنى تەلەپپۇز قىلغان چاغدىكى رېزونانسلىق چوققىلارنىڭ مۇناسىۋەتتى ئارقىلىق بەلگىلىنىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ چىقتى، سىماتىكىدا Peter Wason بۇنداق بىر تەجرىبىنى ئىشلەپ باققان: ئۇ بىر كۆك نۇقتا، يەتتە قىزىل نۇقتىنى سىزىپ، سىناق قىلىنغۇچىنى ئېنىكار شەكلى بىلەن بۇ ھالنى شەرھىلەتكۈزگەن. ئۇلار ئومۇمەن: «بىر نۇقتا قىزىل ئەمەس» دەپ جاۋاپ بەرگەن، «يەتتە نۇقتا كۆك ئەمەس» دېمىگەن. بۇ تەجرىبە گىراماتىكا بىلەن چەتلەپ تۇرمايدۇ. (گىراماتىكا جەھەتتىن قارىغاندا ھەممىسى ئوخشاش، بۇ سىماتىكىغا تەئەللۇق. نېمە ئۈچۈن؟ بۇ پىسخىك جەريان بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، پىسخولوگلار بىلەن تىلشۇناسلارنىڭ بىرلىكتە چۈشەندۈرۈپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىدۇ.

چوڭ مېڭىنىڭ تىلنى چۈشەندۈرۈش رولى جەھەتتىكى تەتقىقات ھەققىدە، تەجرىبىلەر شۇنى ئىسپاتلىدىكى، سول چوڭ مېڭە تىلنى باشقۇرىدىكەن. Norman Geschwind نىڭ تەجرىبە دوكلاتىدا كۆرسىتىلىشىچە، سۆزلىيەلمەسلىك كېسىلىگە گىرىپتار بولغان يۈز ئادەمنىڭ ئىچىدە 96% نىڭ سول چوڭ مېڭىسى زەخىملەنگەن. كىشىلەر سول چوڭ مېڭە نۇتۇق مەركىزىنىڭ ئوڭ چوڭ مېڭىنىڭ مۇناسىپ قىسمىغا نىسبەتەن $\frac{1}{3}$ ھەسسە چوڭ بولىدىغانلىقىنى، چوڭ ئادەملەر بىلەن كىچىك باللارنىڭمۇ ئوخشاش بولمايدىغانلىقىنى كۆزەتكەن M. S. Gazzaniga نىڭ 1970 - يىلىدىكى دوكلاتىدا ئوڭ چوڭ مېڭە ئىسىمنى چۈشىنەلەيدۇ، لېكىن سۈپەت ۋە پېئىلنى چۈشىنەلمەيدۇ، پېئىلنى چۈشىنىش - چۈشىنەلمەسلىك ئادەم بىلەن ھايۋاننىڭ پەرقىدۇر، دەپ كۆرسىتىلگەن. شۇڭلاشقا، بەزى كىشىلەر پېئىلنى ئىنسان تىلىنىڭ جېنى، دەپ ھېساپلايدۇ.

كىشىلەر چوڭ مېڭىنىڭ گەۋدىنى چىقىرىشنىڭ قايسى كۆرسەتكۈچلىرىنى ساقلايدىغانلىقىنى، بۇنىڭ ھەركەتلىنىش ئۇسۇلىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئۈستىدە ئىزلەنمەكتە. ھازىر قايسى

نېرۋىلارنىڭ كالپۇك، تىل ۋە بوغۇز مۇسكۇللىرىنى باشقۇرىدىغانلىقى ئېنىقلاندى. لېكىن، بۇ نېرۋا ۋە مۇسكۇللارنىڭ نوتۇق بىرلىكىنىڭ پائالىيىتىگە كۆرسەتمە بېرىش ئەھۋالى تېخىچە ئېنىق ئەمەس. ھازىر كىشىلەرنىڭ كۆپچىلىكى ئالدى بىلەن كىچىك بالىلارنىڭ سۆزلەشنى ئۆگىنىش جەريانى، يەنى «تىل ئونتوگېنىيىسى» (Linguistic ontogeny) ئارقىلىق تەتقىقات ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ. بەزى تەجرىبىلەر شۇنى ئىسپاتلىدىكى، كىچىك بالىلار 3 - 4 ياشتا تاۋۇش سىستېمىسىنى دەسلەپكى قەدەمدە ئىگىلەپ بولىدىكەن، 6 ياشتا گىراماتىكا سىستېمىسىنى دەسلەپكى قەدەمدە ئىگىلەپ بولىدىكەن، 12 ياشتا تىلنىڭ ئاساسىي قۇرۇلمىسىنى ئىگىلەپ بولىدىكەن.

پسىخىك تىلشۇناسلىقنىڭ بەزى تەجرىبىلىرى 13 - 14 ياشتىن بۇرۇنقى مەزگىل چەت تىل ئۆگىنىشنىڭ ئەڭ ياخشى ۋاقتى ئىكەنلىكىنى، بۇ مەزگىلدىن كېيىنكى ۋاقىتتا بولسا تىل ئۆگىنىشنىڭ قۇلايلىق شارائىتىنىڭ قولدىن كېتىپ قالىدىغانلىقىنى، ھەمدە بۇ چاغدا تىل ئەندىزىسىنىڭ ئاللىقاچان مۇقىملىشىپ قالىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: نېمىسلار ئېنگلىز تىلىنى ئۆگەنگەندە دائىم چىش ئارىلىقى سىرىلاڭغۇ تاۋۇشى [θ ð] نى، مەسىلەن، thin this لارنى [tin، sin] ياكى [dis، zis] قىلىپ تەلەپپۇز قىلىپ قويىدۇ.

نۆۋەتتە تىلنىڭ كۆرۈش سېزىمى مەسىلىسى، يەنى «ئوقۇش» نى قانداق ئىگىلەش ئۈستىدىكى تەتقىقات ناھايىتى ئاز بولۇۋاتىدۇ. كىشىلەر ئازساندىكى بالىلارنىڭ „ئوقۇش" نى ئىگىلىشى قىيىن بولۇشتەك مەسىلىنى، يەنى ئوقۇيالماسلىق „كېسىلى" (tyslexia) نى تەتقىق قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىشكە باشلىدى. سۆزلىيەلمەسلىك كېسىلى ئۈستىدىكى تەتقىقاتنىڭ ئۆزى يەنە بىر جەھەتتىن تىلنىڭ قاتلاملىق قۇرۇلما ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. ئالايلۇق، چوڭ مېڭىنىڭ تاۋۇش سىستېمىسىنى باشقۇرىدىغان قىسمى زەخىملەنسە، پۈتكۈل تاۋۇش ئەندىزىسى بۇزۇلىدۇ. لېكىن، بۇ باشقا قاتلاملارغا تەسىر كۆرسەتمەيدۇ. نۆۋەتتە سۆزلىيەلمەسلىك كېسىلىگە بولغان تونۇش يەنىلا ناھايىتى يېتەرسىز، بولۇپمۇ ئۇنى قانداق قىلىپ ئۇنۇملۇك ھالدا داۋالاش توغرىسىدىكى تونۇش تېخىمۇ يېتەرسىز بولماقتا.

ھايۋانات تىلى ئۈستىدىكى تەتقىقات ئارقىلىق ھايۋانات تىلىنىڭ ماھىيەت جەھەتتىن ئىنسان تىلىغا ئوخشىمايدىغانلىقى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىسپاتلاندى. تەجرىبىلەر ئىسپاتلىدىكى، ھايۋانات تىلىنىڭ سىگنالى تۇراقلىق شەكىلدە كېلىدۇ. ھايۋانلارغا ئىنساننىڭ جانلىق تىل سىستېمىسىنى ئۆگىتىش تەجرىبىلىرىنىڭ ھەممىسى مەغلۇپ بولدى.

بۇ ھەقتە تۆۋەندىكى ئىككى ئەسەرنى تونۇشتۇرىمىز:

D. I. Slobin: Psycholingistics, 9171. Norman Geschwind: The Organization of Lg and the Brain, 1970.

# ئىجتىمائىي تىلشۇناسلىق

ئىجتىمائىي تىلشۇناسلىق ئىجتىمائىيەتشۇناسلىق ۋە تىلشۇناسلىق ئۇسۇلىنى قوللىنىپ تىلنى تەتقىق قىلىدۇ. بولۇپمۇ بەزى تىل ھادىسىلىرىنىڭ (مەسىلەن: تەقىبىي سۆزلەرنىڭ) سەۋەبلىرىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىش ئۈچۈن ئىجتىمائىياتشۇناسلىق تېخىمۇ كېرەك بولىدۇ. ئىجتىمائىي تىلشۇناسلىق ئوخشاش بولمىغان ئىجتىمائىي گۇرۇھلارنىڭ تىلنى قوللىنىشتىكى ئوخشاشماسلىقنى، تىل بىلەن ئىجتىمائىي گۇرۇھلارنىڭ ئۆز ئارا تەسىرلىرىنى، ئالاھىدە تىلنىڭ ئەندىزىسىنى تەتقىق قىلىدۇ.

بۇ جەھەتتىكى تەتقىقاتنىڭ دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ. نۆۋەتتە دىيالېكتىلارمۇ ئىجتىمائىي تىلشۇناسلىق دائىرىسىگە كىرگۈزۈلدى. جۇغراپىيىلىك دىيالېكتىلار (مەسىلەن: خەنزۇ تىلىنىڭ ھەرقايسى يەرلىك دىيالېكتىلىرى، ئامېرىكا ئىنگلىزچىسى ۋە ئاۋىستىرالىيە ئىنگلىزچىسى قاتارلىقلار)، تارىخىي دىيالېكتىلارمۇ (يەنى تۇققان تىللار، مەسىلەن: نېمىس تىلى، شىۋېتسىيە تىلى، دانىيە تىلى، ئېنگلىز تىلى) شۇنىڭ ئىچىگە كىرىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، ئىجتىمائىي دىالېكتىلارمۇ بۇ دائىرىگە مەنسۇپ. ھازىرقى زامان جەمئىيىتىدە قاتناش - تىرانسپورت ۋە ئالاقىلىشىش ناھايىتى قولايلىق بولغانلىقتىن، يەرلىك دىيالېكتىلارنىڭ پەرقى ئىجتىمائىي دىيالېكتىلارنىڭ پەرقىگە قارىغاندا مۇھىم ئەمەس. ئىجتىمائىي تىلشۇناسلىقتا «ئىبارە دائىرىسى» (register) دېگەن بىر ئاتالغۇ بار، بۇ تىلنى ئىشلەتكۈچى ئىجتىمائىي گۇرۇھلار بويىچە، مەسىلەن، كەسپى، يېشى، جىنسى، تەبىقىسى قاتارلىقلار قاتلاملارغا ئايرىشنى كۆرسىتىدۇ. تەبىقە جەھەتتىن قارىغاندا، ياۋروپاچە ۋە ئامېرىكىدا ئاساسەن «يۇقىرى تەبىقە» (U, upper class) ۋە «تۆۋەن تەبىقە» (NON U، nonupper class) دەپ ئايرىلىدۇ. ئەنگلىيە جەمئىيىتىدە تىلنىڭ ئالاھىدىلىكى يۇقىرى - تۆۋەن تەبىقىنى پەرقلەندۈرۈشنىڭ مۇھىم بەلگىلىرىدىن بىرى ھېساپلىنىدۇ. مەسىلەن: ئامېرىكا ئىنگلىزچىسىدە تۆۋەن تەبىقە child سۆزىدىكى [d] نى قىسقارتىۋېتىدۇ. يۇقىرى تەبىقە بولسا قىسقارتمايدۇ. لەھجە (slang)، قارا تىللارمۇ (argot) بۇ جەھەتتىكى تەتقىقات دائىرىسىگە كىرىدۇ. مەسىلەن: ئوقۇغۇچىلار تىلىدا ناھايىتى نۇرغۇن ئالاھىدە سۆز - ئىبارىلەر بولىدۇ؛ ياشلار بىلەن قېرىلارنىڭ „تىلىمۇ" ئوخشاشمايدۇ (مەسىلەن: بېيجىڭلىق ياشلار „盖了" دېگەن سۆزنى «ئالاھىدە ياخشى»، «بەك ياخشى بولدى» مەنىسىدە ئىشلىتىلىدۇ). ئىجتىمائىي تىلشۇناسلىق ئوخشاش بولمىغان ئەندىزىلەرنى لايىھىلەپ چىقىپ بۇ خىل ھادىسىلەرنى تەسۋىرلەپ بېرىدۇ. مەسىلەن: بىر خىل سىخېمىنى لايىھىلەپ چىقىپ ئوخشاش بولمىغان تەبىقىلەرنىڭ تىل تاۋۇشلىرى جەھەتتىكى ئۆزگىرىشلىرىنى ئىستاتىستىكا قىلىدۇ. يەنە بەزى كىشىلەر تىلنىڭ ئوخشاش بولمىغان سورۇنلاردىكى ئىشلىتىلىش ئالاھىدىلىكىنى تەتقىق قىلىدۇ، مەسىلەن: تېلېفون بېرىش، سودىلىشىش، سىياسىي دوكلات بېرىش ياكى ئىلمىي نۇتۇقلارنى سۆزلەش قاتارلىقلار. بەزى كىشىلەر

بۇنى «ئالاقىلىشىش ئېتنوگرافىيىسى» (ethnogirafhy of communication) دەپ ئاتايدۇ. مەسىلەن: قائىدە - يوسۇن ئەندىزىلىرى (بەزى كىشىلەر هازىرقى زامان خەنزۇ تىلىدا بۇ تۈردىكى ئەندىزىلەر كەمچىل، ھەتتا يوق كۆرۈشكەن، ئايرىلغان چاغلاردىمۇ ئۆز ئارا ھۆرمەت بىلدۈرۈشمەيدۇ دەيدۇ). ئەلۋەتتە، بۇ ئىستىل (style) توغرىسىدىكى تەتقىقاتنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ (Martin Joos ئىنگلىز تىلىدىكى ئوخشاش بولمىغان بەش خىل ئىستىلنى پەرقلەندۈرگەن). ئىجتىمائىي دىيالېكتىلارنى ئوخشاش بولمىغان ئۆلچەملەر بويىچە پەرقلەندۈرۈشكە بولىدۇ. مەسىلەن: ياپون تىلىدىكى «ھۆرمەت ناملىرى» سۆزلەنگەن ۋاقىتتا قارشى تەرەپنىڭ مەرتىۋىسىگە ئاساسەن پەرقلەندۈرۈلىدۇ. «ئانا» سۆزىنى كەمتەرلىكنى بىلدۈرگەندە «Haha» نى ئىشلىتىلىپ ھۆرمەت نامى ئۈچۈن «okasan» نى ئىشلىتىدىغانغا ئوخشاش. بېيجىڭ تىلىدا «你» بىلەن «您» پەرقلەندۈرۈلىدۇ.

يېقىنقى يىللاردىن بېرى ئارىلاشما تىل، (يەنى pidgin ياكى creole) تەتقىقاتى ھەققىدە يېزىلغان ماقالىلارمۇ ئاز ئەمەس. مەسىلەن: Haitian Creole (ئاساسەن فرانسۇز تىلى ئاساسىدا قۇرۇلغان)، jamaica Creole (ئاساسەن ئىنگلىز تىلى ئاساسىدا قۇرۇلغان). ئۇنىڭدىن باشقا يەنە «قوش تىللىق ھادىسىسى» (Bilingualism) غا بولغان تەتقىقاتلار. بۇلار تىل ئوقۇتۇشىدا ئىنتايىن مۇھىم. ئامېرىكىدا «نېگىر ئىنگلىزچىسى» (Black English) ناھايىتى كۆپ تەتقىق قىلىنغان. هازىر ۋېيتناملىق مۇساپىرلارنىڭ ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىشى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ. مەملىكىتىمىزدە دىيالېكت رايونلار ئاھالىسى ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ پۇتۇڭخۇا (خەنزۇ ئورتاق تىلى) نى ئۆگىنىشىدىمۇ بۇ مەسىلە مەۋجۇت.

ئالاقىلىشىش مەقسىدىگە يېتىش، تىلدىن تېخىمۇ ياخشى پايدىلىنىش ئۈچۈن، كىشىلەر تىلنىڭ ئاساسىي قايىدىلىرىنى ئىگىلەپلا قالماي، يەنە ئىجتىمائىي دىيالېكتىلارنىڭ قايىدىلىرىنىمۇ ئىگىلىشى لازىم.

بۇيەردە «تىل قۇرۇلۇشۇشۇناسلىقى» (Language eagineering) توغرىسىدا مەخسۇس سۆزلەپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. ئۇ تىل لايىھىلەش، تىلنى قېلىپلاشتۇرۇش، يېزىق ئىجات قىلىش ۋە ئۆزگەرتىشلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تىل لايىھىلەش 3 - دۇنيادىكى يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان دۆلەتلەردىكى چوڭ مەسىلە. ئالايلۇق. مىللىي تىلنى قانداق تاللاش ۋە لايىھىلەش، نۇقۇل تىلشۇناسلىق مەسىلىسى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى، يەنە نۇرغۇن ئىجتىمائىي ئامىللارنى (سىياسەت، تارىخ، مەدەنىيەت قاتارلىقلارنى) ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. كىشىلەر تىلنى قېلىپلاشتۇرۇش ئىشىغا خېلى بۇرۇنلا دىققەت قىلغان ئىدى. XVII ئەسىردە (1635 - يىلى) فرانسىيىدە فرانسۇز تىلىنىڭ ساپلىقىنى قوغداش ئۈچۈن (يەنى فرانسۇز تىلىنى قېلىپلاشتۇرۇش ئۈچۈن) فرانسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى (Academie Francaise) تەسىس قىلىنغان ئىدى. 1694 - يىلى بۇ ئاكادېمىيە

«فرانسىيە ئاكادېمىيە لۇغىتى» (Dictionnaine de l' Academie Frangaise)
نى تۈزۈپ چىقتى. ھازىر، دۆلىتىمىز جۈملىدىن كانادا، بېلگىيە، ھىندونېزىيە، ھىندىستان،
پاكىستان، تۈركىيە قاتارلىق نۇرغۇن دۆلەتلەر بۇ خىل خىزمەتنى ئىشلەۋاتىدۇ. دۆلىتىمىزنىڭ
پۈتۈنگخۇانى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتى چەت ئەللەردە كىشىلەرنىڭ دىققەت - ئېتىۋارىنى
قوزغىماقتا. يېزىق ئۆزگەرتىشمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش. ئېنگلىزلار ئەنگلىيەنىڭ ئىملا قائىدىسى
(ھەجىلەش مەسىلىسى) نى خېلىدىن بېرى «دۆلەتنىڭ ئاپىتى» (national catastrophy)
دەپ قاراپ كەلمەكتە. نۇرغۇن كىشىلەر ئۆزگەرتىش لازىملىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان
بولسىمۇ لېكىن، ھازىرغىچە بۇ جەھەتتە ئىلگىرىلەش ئانچە چوڭ ئەمەس. دۆلىتىمىزنىڭ
يېزىق ئۆزگەرتىش خىزمىتىمۇ خەلقارادا كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىغان بىر مەسىلە.
بىزنىڭ بۇ خىزمەتنى ياخشى ئىشلەش مەجبۇرىيىتىمىز بار. بۇ ئىش مەيلى نەزەرىيە ۋە ئەمەلى-
يەت جەھەتتە بولسۇن زور ئەھمىيەتلىك بىر ئىش. بۇلاردىن باشقا، بىر قانچە
يىلدىن بۇيان يەنە بەزى كىشىلەر سۈنئىي تىل ۋە خەلقارالىق ئورتاق تىل ئۈستىدە
لايىھە ۋە تەتقىقات ئىشلىرىنى ئېلىپ بارماقتا.

بۇيەردە يەنە شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتەي، بىر قانچە يىللاردىن بۇيان ئېلىپ بېرىلىۋا-
تقان «ئىما - ئىشارەت تىلى» ئۈستىدىكى تەتقىقاتمۇ ئىجتىمائىي تىلشۇناسلىق دائىرىسىگە
كىرىدۇ (باش لىڭشىتىش، باش چايقاشلار تەستىقلەش ياكى ئىنكار قىلىشنى ئىپادىلەيدۇ،
بۇ ئىجتىمائىي ئۆرپ - ئادەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك).

تۆۋەندە ئىككى پارچە كىتابنى تونۇشتۇرىمىز:

William Labov: Sociolinguistic patterns. 1972.

J. A. Fishman (ed.) : Readings in the Sociology of Language, 1968.

## ئەمەلىي تىلشۇناسلىق

ئەمەلىي تىلشۇناسلىق بولسا تىلشۇناسلىق، پېداگوگىكا، پسىخولوگىيە، ماتېماتىكا،
ئېلېكترونلۇق ھېساپلىغۇچ كەسپى، خەۋەرلىشىش قۇرۇلۇشى قاتارلىق كۆپ خىل پەنلەر
بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھالدا تىلنى تەتقىق قىلىدىغان پەن. كەڭ مەنىدىكى ئەمەلىي
تىلشۇناسلىق تىلشۇناسلىقنىڭ ھەر خىل قوللىنىلىشىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تار مەنىدىكى
تىلشۇناسلىق تىل نەزەرىيىسىنىڭ مەخسۇس تىل ئوقۇتۇشىدا قوللىنىلىشىنى كۆرسىتىدۇ (ئۆز ئانا
تىلى ۋە چەت تىللارنى ئوقۇتۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ). ئانا تىلنى ئوقۇتۇش بىر دەرسلىك تۈزۈش ۋە
ئوقۇتۇش مېتودىنى تەتقىق قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىر قانچە يىللاردىن بۇيان چەتئەل-
لەردە بالىلارنىڭ تىل ئۆگىنىشىگە دائىر نۇرغۇن تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلدى. ئەنگلىيەلىك
تىلشۇناسلار 5-6 ياشتىن تارتىپ ئون نەچچە ياشقىچە بولغان بالىلارنىڭ ئېنگلىز تىلىنى
ئۆگىنىش جەريانىنى خاتىرىگە ئالغان. بىر قانچە يىللاردىن بۇيانقى چەتئەل ماتېرىياللىرىدىن

بۇ جەھەتتىكى تەتقىقاتلارنى كۆرۈپ ئۆتمىشتە بولىدۇ. بۇلار بالىلارغا فونېتىكا، گراماتىكا، لېكسىكا ئوقۇتۇش جەھەتلەردىكى تەتقىقاتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ تەتقىقات قايسى ۋاقىتتا قايسى مەزمۇن ئۆتۈلسە ئۈگىتىش قوبۇل قىلىنىدۇ، دىگەن مەسىلىنى ھەل قىلماقچى. بۇ تەتقىقاتلار ئىلمىي ئاساستا دەرسلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە دەرسلىك تۈزۈش ئۈچۈن پايدىلىق. ئوقۇتۇش مېتودى جەھەتتە، مەسىلەن، تەرتىپ ئۆگىتىشى، ئوقۇتۇش ماشىنىلىرىنى قوللىنىشلاردا ئاز - تولا ئىلگىرىلەشلەر بارلىققا كەلدى كۆپلىگەن مەكتەپلەردە تىل تەجرىبىخانىلىرى قۇرۇلدى. ئومۇمەن ئوقۇتۇش ماشىنىلىرى يەككە ئوقۇتۇشقا پايدىلىق بولۇپ، شەخسلەر ئۆزلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىگە قاراپ ئۆزلىرى ئۆگەنسە بولىدۇ، دەپ تونۇلۇپ كەلمەكتە.

ئوقۇش — تىل ئوقۇتۇشىدىكى ناھايىتى مۇھىم بىر ھالقا، يەنى يېزىق بەلگىلىرىنى ۋاندا قىلىپ ئېغىز تىلى بەلگىلىرى بىلەن باغلاشتۇرۇش مەسىلىسىدۇر. ھەرپ بىلەن تىل تاۋۇشلىرىنى قاندا قىلىپ بىرلىككە كەلتۈرۈش مەسىلىسى يېزىقنىڭ ئۆزىگە تاقىلىدىغان مەسىلە. ئومۇمەن ئىسپان تىلى بىلەن لاتىش تىلىنىڭ يېزىغى بىرقەدەر ياخشى دەپ تونۇلۇپ كەلمەكتە. چۈنكى، بۇ تىللاردا ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە بىر ھەرپ بىر تاۋۇشقا ۋەكىللىك قىلىش ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان. بەزى كىشىلەر خەنزۇ يېزىغىدا بىر خەت بىر مورفېما (morpheme) غا ۋەكىللىك قىلىدۇ، شۇڭا، ئۇ گراماتىكا بىلەن ماسلاشقان، دەپ قارايدۇ. ئىنگلىز تىلىدا ئەھۋال ياخشى ئەمەس. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، گىئورگى بېرنارد ئۆزىنىڭ ۋەسىيەتنامىسىدە مىراسىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئىنگلىز تىلىنىڭ ئىملاسېستىمىسىنى «ئۆزگەرتىش» كە سەرپ قىلىشنى ۋەسىيەت قىلغان ئىكەن. لېكىن، ھازىرغىچە بۇ جەھەتتىكى ئىلگىرىلەش ئانچە چوڭ ئەمەس.

چەت تىل ئۆگىتىشى. چەت تىل ئوقۇتۇشىدا ئوخشاشلا دەرسلىك تۈزۈش ۋە ئوقۇتۇش مېتودى مەسىلىسى مەۋجۇت. يېقىنقى ئون نەچچە يىلدىن بۇيان، شەرقىي ياۋروپا ۋە ئامېرىكىدا «سېلىشتۇرما تەتقىقات» (contrastine study) ئېلىپ بېرىلماقتا. بەزى كىشىلەر چەت تىل ئۆگىنىشتە ئانا تىلنىڭ كاشىلا قىلىشى خاتالىق سادىر بولۇشنىڭ مۇھىم ئامىللىرىدىن بىرى، دەپ قاراپ كەلمەكتە. ئامېرىكا ئەمەلىي تىلشۇناسلىق مەركىزى C. A. Ferguson نىڭ رەھبەرلىكىدە بىر يۈرۈش سېلىشتۇرما تەتقىقات ئەسەرلىرىنى (ئىنگلىزچە - ئىسپانچە، ئىنگلىزچە - ئىتاليانچە، ئىنگلىزچە - نېمىسچىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) تۈزۈپ چىقتى. شەرقىي ياۋروپادا، مەسىلەن: پولشا، رومىنىيە، يۇگوسلاۋىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە بۇ جەھەتتە كۆپلىگەن تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلدى. لېكىن، بۇ خىل تەتقىقاتقىمۇ ئوخشاش بولمىغان كۆز قاراشلار مەۋجۇت.

ئېلېكترونلۇق ھېساپلىغۇچنىڭ قوللىنىلىشى، بۇ جەھەتتىكى قوللىنىش ئىنتايىن كەڭ. بۇ يەردە لوغەت تۈزۈش، ئىندېكس تۈزۈش، ماشىنا تەرجىمىسى، ئاپتوماتىك خاتىرىلەش، ماقالىلارنى ئاپتوماتىك تەكشۈرۈش قاتارلىقلار ھەققىدە قىسقىچە سۆزلەپ

ئۆتتى. ماشىنا تەرجىمىسىنى ئالساق، قوش تىللىق گراماتىكا تۈزۈش، پروگرامما تۈزۈش، ماقالىنى كىرگۈزۈش، ئۇنىڭ ئىشلىتىلىشىگە كۆرسەتمە بېرىشتىن تارتىپ ماقالىنى چىقىرىشقىچە بولغان جەريانلارنىڭ ھەممىسىدە تىلشۇناس، ماتېماتىك، ئېلېكترونلۇق ھېساپلىغۇچ مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ ھەمكارلىشىشى تەلەپ قىلىنىدۇ. شۇنداق قىلغاندىلا ئاندىن ئۇنى ئەمەلىلەشتۈرگىلى بولىدۇ. ياۋروپا ۋە ئامېرىكا قىتئەلىرىدىكى ھەرقايسى دۆلەتلەردە بۇ خىزمەتكە مۇناسىۋەتلىك تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلماقتا. لېكىن، بەزى كىشىلەر ئوخشاش بولمىغان كۆز قاراشلاردا بولماقتا (ئامېرىكىدا ئاساسلىغى ئېنگلىز تىلىدىكى ماقالىلار كۆزدە تۇتۇلىۋاتىدۇ، لېكىن ئۇنىڭ زۆرۈرىيىتى ئانچە چوڭ ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىقتىسادىي قىممىتىمۇ بىر مەسىلە. بۇنىڭدىن باشقا، مەنا مەسىلىسى ئەزەلدىن ياخشى ھەل قىلىش تەس بولغان بىر مەسىلىدۇر).

باشقىلار. ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ تىلىنى تەھلىل قىلىشمۇ ئەمەلىي تىلشۇناسلىققا كىرىدۇ، بۇ تىل تاۋۇشلىرى (شېئىر ناخشىلارنىڭ قاپىيە، ۋەزىن قايىدىسى)، گىراماتىكا، سېمانتىكا قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇسلۇب تەتقىقاتى، بۇ شەخسنىڭ ئۇسلۇبى (مەسىلەن: ماركسنىڭ ئۇسلۇبى، شېكسپىرنىڭ ئۇسلۇبى قاتارلىقلار)، دەۋر ئۇسلۇبى (مەسىلەن: ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ قايتا گۈللىنىش دەۋرىنىڭ ئۇسلۇبى بىر قەدەر «ھەشەمەتلىك» بولغان) قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تىلشۇناسلار ئۇسلۇبنى ئادەتتە «تاللاش» مەسىلىسى دەپ قارايدۇ (بۇ تىل تاۋۇشلىرى، سۆز، قۇرۇلما ئەندىزىلىرىنى تاللاشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ).

يۇقۇرقى قىسقىچە تونۇشتۇرۇشلاردىن تىلشۇناسلىقنىڭ كەڭلىك دەرىجىسى ئارىلىق پەنلەرنىڭ تەرەققىياتى نەتىجىسىدە زور دەرىجىدە كېڭەيگەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

### 3. تىل تەتقىقاتىنىڭ چوڭقۇرلۇق جەھەتتىكى تەرەققىياتى

تىلشۇناسلىق نەزەرىيىسى ۋە ھازىرقى زامان پەن - تېخنىكىسىنىڭ تەرەققى قىلىشىغا ئەگىشىپ، تىل تەتقىقاتى چوڭقۇرلۇق دەرىجىسى جەھەتتىمۇ تەرەققى قىلدى. بۇرۇن كۆز بىلەن بىۋاستە كۆزەتكىلى بولمايدىغان بەزى نەرسىلەرنى، ھازىر ئەسۋاپلار ئارقىلىق بىۋاستە ياكى ۋاستىلىق ھالدا كۆزەتكىلى بولىدىغان بولدى. بۇرۇن پەقەت بەزى بىر يۈزەكى ھادىسىلەرنى («تاشقى قاتلام قۇرۇلمىسى» نى) كۆرەلىگەن ياكى دىققەت قىلالىغان بولساق، ئەندىلىكتە، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئىچكى ھادىسىلەرگىمۇ («ئىچكى قاتلام قۇرۇلمىسى» غىمۇ) دىققەت قىلىدىغان بولدۇق. تۆۋەندە تىل تاۋۇشلىرى، گىراماتىكا ۋە سېمانتىكا جەھەتلەردىكى تەتقىقاتلارنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز.

فونېتىكا: ھازىرقى زامان فونېتىكىسى (phonology): phonetics (تەلەپپۇز فونېتىكىسى) ۋە phonemics (فونېمشۇناسلىق) تىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ.

تىل تاۋۇشلىرى ئۈستىدىكى تەتقىقات ئادەتتە ئۈچ جەھەتتىن ئېلىپ بېرىلىدۇ، دەپ تونۇلماقتا.

(1) تاۋۇش چىقىرىش: ئاساسەن فىزىئولوگىيىلىك نۇقتىدىن چىقىپ تاۋۇش چىقىرىش ئورنى ۋە تاۋۇش چىقىرىش ئۇسۇلى تەسۋىرلەپ بېرىلىدۇ. ئادەتتە بۇ جەھەتتىكى تەتقىقات 40 - يىللارغا كەلگەندە كامالەتكە يەتتى، دەپ قارالماقتا. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، كىشىلەر ئەسۋاپلارنىڭ ياردىمى بىلەن تاۋۇش چىقىرىش ئورگانلىرىنىڭ تاۋۇش چىقارغان ۋاقىتتىكى ئورنى ۋە ھەركەت ئۆزگىرىشىنى كۆزىتىپ، ئۇلارنى خاتىرىلەپ ئېلىپ تەتقىق قىلماقتا ۋە چۈشەندۈرۈپ بەرمەكتە.

(2) ئاكۇستىكا: ئاساسەن فىزىكىلىق نۇقتىدىن چىقىپ تىل تاۋۇشلىرىنىڭ ئاكۇستىكىلىق خۇسۇسىيىتىنى تەتقىق قىلىدۇ. ئومۇمەن سوزۇق تاۋۇشلار ئۈستىدىكى تەتقىقاتنىڭ نەتىجىسى چوڭراق، ئۈزۈك تاۋۇشلار ئۈستىدىكى نەتىجىسى ئانچە ئەمەس، تېمپىرىسىز فونېملار (Suprasegmental phoneme، مەسىلەن: تون، ئۇرغۇ، ئىنتوناتسىيە، ئاۋاز دەرىجىسى ياكى تۇتاش تاۋۇشلار) تەتقىقاتى تېخىمۇ ياخشى ئەمەس، دەپ تونۇلۇپ كەلمەكتە.

(3) ئاڭلاش سېزىمى: ئاساسەن نېرۋا فىزىئولوگىيىسى نۇقتىسىدىن تەتقىق قىلىنىدۇ. بولۇپمۇ چوڭ مېڭىنىڭ رولى، يەنى ئۇنىڭ تىل تاۋۇشلىرىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشى تەتقىق قىلىنىدۇ (مەسىلەن: چوڭ مېڭىدىكى تىل تاۋۇشلىرىنىڭ ساقلىنىش ئورنى ۋە شەكلى). ئېلېكترونلۇق ئەسۋاپلارنىڭ تەرەققىي قىلىشى بىلەن، بۇ جەھەتتىكى تەتقىقات چوڭقۇرلۇق تەرىپىگە قاراپ تەرەققىي قىلماقتا. ھازىرقى ئاتالمىش «نېرۋا فونېتىكىسى» (neurophonetics) بۇ خىل تەتقىقات دائىرىسىگە كىرىدۇ.

ئەندى ئاكۇستىكىلىق فونېتىكا (acoustic phonetics ياكى experinental phonetics) ھەققىدە توختىلىپ ئۆتەي. ئۇ تىل تاۋۇشلىرىنى ئاساسەن ئاكۇستىكا نۇقتىسىدىن پەرقلەندۈرىدۇ. ئالايلۇق سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاكۇستىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرى، تەجرىبىلەرنىڭ ئىسپاتلىشىغا قارىغاندا، ئىككى رېزونانسلىق چوققا (Formant) ئارقىلىق بەلگىلىنىدۇ. مەسىلەن: Kil دىكى [i] بىرىنچى رېزونانسلىق چوققا (350 $H_2$) ۋە ئىككىنچى رېزونانسلىق چوققا (2،100 $H_2$) ئارقىلىق بەلگىلىنىدۇ. ئوچۇق سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ بىرىنچى رېزونانسلىق چوققىسى ئېگىز بولىدۇ، يېپىق سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئىككىنچى رېزونانسلىق چوققىسى ئېگىز بولىدۇ. «رېزونانسلىق چوققا» ئاۋاز سپېكتىرى ئەسۋابى (sund spectrograph) دا ئىپادىلىنىدۇ. (ئاۋاز سپېكتىرى ئەسۋابى 1944 - يىلىدىن تارتىپ ئىشلىتىلىشكە باشلىغان. ھازىر ئاۋاز سپېكتىرى ئەسۋابى ئېلېكترونلۇق ھېسابلىغۇچ بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ ئىشلىتىلىپ، ھېسابلاش سۈرئىتى زور دەرىجىدە ئاشتى). ھازىر يەنە ئېلېكترونلۇق سىنتېزلاش ماشىنىسى (electronic synthesizers) ئىشلىتىلىپ تىل تاۋۇشلىرىنى سىنتېزلاش ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ. (مەسىلەن: ھېسابلىغۇچ بىلەن مۇزىكا قۇراشتۇرۇش). بىزدىن ئامېرىكىغا

ئېكسكۇرسىيىگە بېرىپ كەلگەن كىشىلەرنىڭ ئېيتىشلىرىچە، تىل تاۋۇشلىرىنىڭ سىستېمىلىنىشى ئادەملەرنىڭ سۆزلىشى بىلەن ئانچە پەرق قىلمايدىكەن. ھازىر ئاكۇستىكىلىق فونېتىكا سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئۈزۈك تاۋۇشنىڭ بىرىكىشى ھەمدە تېببىرلىك فونېملارنىڭ (سوزۇق - ئۈزۈك تاۋۇش) تېببىرسىز فونېملار بىلەن بىرىكىشىدىكى ئاكۇستىكىلىق ئالاھىدىلىكلەر ئۈستىدە تەتقىقاتنى كۈچەيتمەكتە، تىل تاۋۇشلىرىنىڭ بىرىكىشى توغرىسىدىكى تەتقىقات تىلنىڭ ماھىيىتىنى چۈشىنىشكە پايدىلىق.

تىل تاۋۇشلىرى تەتقىقاتىدا يېقىنقى يىللاردىن بۇيان مۇنازىرە ئەڭ چوڭ بولۇۋاتقان مەسىلىلەر:

(1) «مۇستەقىل فونېتىكا» (autonomous phonology) مۇ ياكى «سىستېمىلىق فونېتىكا» (systematic phonology) مۇ؟ ئالدىنقىسى تىل تاۋۇشلىرىنىڭ تەھلىلىنى پەقەت تىل تاۋۇشلىرىنىڭ قۇرۇلمىسىدىن چىقىپ تەھلىل قىلىدۇ (1960 - يىلىدىن ئىلگىرى شۇنداق ئىدى). كېيىنكىسى تىل تاۋۇشلىرىنى تەھلىل قىلغاندا گىرامماتىكىلىق قۇرۇلمىنى چوقۇم نەزەرگە ئالىدۇ، ھەمدە گېنېراتىپ ئۇسۇلنى قوللىنىدۇ. ئۇنىڭ ئالاھىدىلىگى شۇكى، پەرقلەندۈرگۈچ ئالاھىدىلىكنى فونېما تەركىۋىدىكى ئەڭ كىچىك بىرلىك قىلىشتىن تاشقىرى، يەنە تۆۋەندىكى ئىككى نۇقتىنى ئالاھىدە تەكىتلەيدۇ:

(1) خوشنا فونېملارنىڭ تەسىرىنى نەزەرگە ئالىدۇ. بۇ «ھەركەت ھالىتى» ئۈستىدىكى تەتقىقات دېيىلىدۇ.

(2) «سىستېمىلىق فونېما» (systematic phoneme) مورفولوگىيە، سىنتاكسىس ۋە فونېتىكىغا ئاساسلىنىدۇ.

بۇ ئاساستا ئايرىپ چىقىرىلغان فونېملار autonomous phoneme غا قارىغاندا تېخىمۇ ئابستىراكتلاشقان بولىدۇ.

① «تۆۋەن قاتلام شەكلى» (underlying form) ئايرىپ چىقىرىلىدۇ.

مەسىلەن: ئىنگلىز تىلىدىكى /ŋ/ n/ بىر تۆۋەن قاتلام شەكلى /n/ قىلىپ بىر تەرەپ قىلىنىدۇ، /ŋ/ بولسا /ng/ ، /ŋ/ (تاشقى قاتلام شەكلى) بولىدۇ.

(2) قائىدە ئارقىلىق ئەمەلىي تەلەپپۇز ئىپادە قىلىنىدۇ. مەسىلەن: eighth سۆزىنىڭ ئىچكى قاتلام شەكلى /ët/، eight سۆزىنىڭ بولسا /etθ/ بولۇپ. ئەمەلىي تەلەپپۇزدا /t/ چۈشۈرۈپ قويۇلىدۇ. قائىدىلەشتۈرۈش جەريانى مۇشۇنىڭدىن ئىبارەت. (قائىدە تەرتىۋى بار - يوقلۇغى ھەققىدە تالاش - تارتىش مەۋجۇت. قائىدىنىڭ تەرتىۋى «ئىچكى مەۋجۇتلۇق» مۇ ياكى «تاشقىرىدىن قوشۇلغان» مۇ، دىگەن مەسىلىدىمۇ تالاش-تارتىش بار).

(3) پەرقلەندۈرگۈچ ئالاھىدىلىكنى ئىپادىلەشتە ئىككى خىل ئۇسۇل بار (ئاكۇستىكىلىق ۋە تەلەپپۇزدىن ئىبارەت ئىككى خىل بولۇپ، + ، — بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.)

ھازىرقى زامان فونېتىكىسى ئاساسەن تىلغا ئىگە بولۇش (تىلنى ئۆگىنىش ۋە

ئىگەللەش)، تىل پاتولوگىيىسى (سۆزلىيەلمەسلىك كېسىلى، كېكەچلىك قاتارلىقلار)، تاۋۇش سىستېمىسىنىڭ قۇرۇلمىسى قاتارلىقلارنى چۆرىدىگەن ھالدا تەتقىقات ئېلىپ بارىدۇ.

گىرامماتىكا ۋە سېمانتىكا تەتقىقاتى يېقىنقى ئون نەچچە يىلدىن بۇيانقى گىرامماتىكا ۋە سېمانتىكا تەتقىقاتىدىكى ئاساسلىق ئىلگىرىلەش «تىرانسفورماتسىئونال گېنېراتىپلىق گىرامماتىكا» (transformational generative grammar)، «گېنېراتىپ سېمانتىكا» (Generative Semantics) ۋە «كېلىش گىرامماتىكىسى» (case grammar) دە ئىپادىلىنىدۇ.

تىرانسفورماتسىئونال گېنېراتىپلىق گىرامماتىكىنىڭ (تۆۋەندە TG دەپ قىسقارتىپ ئاتىلىدۇ) ئىجاتچىسى چومىسكى (Chomsky) بولۇپ، ئۇنىڭ تەلىماتىنى ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈشكە بولىدۇ:

Chomsky 1957 - يىلى «گىرامماتىكىلىق قۇرۇلما» (Syntactic Structures) ناملىق كىتابىنى نەشر قىلدى، بۇ TG نەزەرىيىسىنىڭ بىرىنچى باسقۇچى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. 1965 - يىلى «گىرامماتىكا نەزەرىيىسى ئاساسلىرى» (Aspectsof the theory of syntax) ناملىق كىتابىنى نەشر قىلدى، بۇ ئىككىنچى باسقۇچى بولۇپ، «ئۆلچەملىك نەزەرىيە» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. 1970 - يىلى ئۇ يەنە «ئىچكى قاتلام قۇرۇلمىسى، تاشقى قاتلام قۇرۇلمىسى ۋە مەنە يېشىش» (Deep Structure, Surface Structure and Semantic Interpretation) ناملىق كىتابىنى يازدى، بۇ ئۈچىنچى باسقۇچ بولۇپ، كېڭەيتىلگەن ئۆلچەملىك نەزەرىيە» (Extneded Standard Theory) دېيىلىدۇ. بۇنىڭدىكى ئاساسلىق ئۆزگىرىش تاشقى قاتلامنىڭ مەنىنى چۈشەندۈرۈشتە مەلۇم رول ئوينايدىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت. شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، Chomsky نىڭ grammar دېگىنى تىل قۇرۇلمىسىنى كۆرسىتىدۇ، syntax دېگىنى بولسا گىرامماتىكىنى كۆرسىتىدۇ. Chomsky تەلىماتى گىرامماتىكىنى مەركەز قىلىدۇ.

TG نەزەرىيىسىنىڭ ئىسخېمىسى تۆۋەندىكىدەك:




TG نىڭ ئەڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇنىڭدا تىل ھادىسىنىڭ ئىچكى تەتقىقاتىغا ئەھمىيەت بېرىلىدۇ. مەسىلەن: تىلنىڭ تەبىئى مېخانىزمىسى ۋە تىلنىڭ ئىچكى قاتلام

قۇرۇلمىسى تەتقىق قىلىدۇ. TG ئاساسەن: «سۆزلىگۈچى ئادەم قانداق قىلىپ يېڭى جۈملىنى ئىيتالايدۇ ۋە چۈشىنەلەيدۇ؟» دىگەن مەسىلىگە جاۋاپ بېرىدۇ. بۇ مەسىلە ئەلۋەتتە ئىچكى تىل ئىقتىدارىغا بېرىپ تاقىلىدۇ. ھازىرقى زامان تىلشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ چوڭقۇرلۇق جەھەتتىكى تەرەققىياتىنى مۇشۇنىڭدىلا كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

Chomsky نىڭ لېكوف (G. lylakoff)، مەككېۋلى (J. Maccawly) روسس (J. Ross) قاتارلىق ئوقۇغۇچىلىرى گىراماتىكىنى مەركەزقىلماستىن، مەنىنى چىقىش قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. شۇنىڭ نەتىجىسىدە «گېنېراتىپ سېمانتىكا» (Generative Semantics) بارلىققا كەلدى. فىلمور (C. Fillmore) يەنە «كېلىش گىراماتىكىسى» (case grammar) تەلىماتىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

## 4. قىسقىچە خۇلاسە ۋە كەلگۈسىگە نەزەر

«يەككە - يىگانىچىلىك» بۇزۇلۇپ تاشلىنىپ، ئومۇمىيۈزلۈك تەتقىقات كۆچەيتىلدى.

ھازىرقى زامان ئىلىم - پەننىڭ ئەمەلىيىتى شۇنداقلا تىلشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ تەرەققىياتى ئوخشاشلا ئىسپاتلىدىكى، ھەرقايسى ئەنئەنىۋى پەنلەر ئارىسىدىكى «يەككە - يىگانىچىلىك» نۇقتىئىنەزىرى ۋە ئۇسۇلى بۇزۇلۇپ تاشلاندى. ئارىلىقتىكى پەنلەرنىڭ تەتقىقاتى بۇ نۇقتىنى تولۇق ئىسپاتلاپ بەردى. بۇ بىزدىن تىلشۇناسلىق دەرسلىكلىرىنى مۇناسىپ ھالدا ئۆزگەرتىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ.

بۇنىڭدىن كېيىن، تىلنىڭ ئومۇمىي ھادىسىلىرى (universals of language) ۋە سېماسىئولوگىيە تىلشۇناسلىقنىڭ ئاساسىي ھۇجۇم قىلىدىغان مۇھىم بىر تەرىپى بولۇپ قالسا كېرەك. بۇ خىل بىشارەت ھازىر كۆرۈلدى. بۇ ئىككىسى نۆۋەتتە ئەڭ ئاجىز تەرەپلەردۇر. ۋاھالەنكى، نۇرغۇن مەسىلىلەر بۇ ئىككى جەھەتتىكى مەسىلىلەرنىڭ ھەل بولۇشىنى كۈتۈپ تۇرماقتا.

قىسقىسى، تىلشۇناسلىق ئۇنىۋېرسال تەتقىق قىلىنىدىغان بىر دەۋرگە كىرگۈسى. ئۇ: (1) فونېتىكا، گىراماتىكا ۋە سېمانتىكىنى بىرلەشتۈرۈپ تەتقىق قىلىش؛ (2) ھەرخىل تىللارنى بىرلەشتۈرۈپ تەتقىق قىلىش؛ (3) ھەرقايسى پەنلەر ئارىسىدىكى بىرلەشمە تەتقىقاتنى ئۆزئىچىگە ئالىدۇ. ئەڭ ئاخىرقى مەقسەت: «تىل دىگەن نىمە؟» دىگەن سوئالغا ئىلمىي، مۇكەممەل جاۋاپ بېرىشتىن ئىبارەت.

(«تىلنىڭ زامانىۋىلىشىشى» ژۇرنىلىنىڭ 1980 - يىللىق 1 - سانىدىن ئېلىندى)

راخمان خانبابا تەرجىمىسى.

# ئەينۇ تىلى ۋە ئەينۇ تىلىدىكى سانلار توغرىسىدا[1]

جاۋ شياڭرۇ  هاشىم تۇردى

«ئەينۇ» (ɔjnu) — ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ خوتەن، لوپ، قاراقاش، يەركەن، يېڭىسار ۋە يېڭىشەر قاتارلىق ناھىيىلىرىگە ئولتۇراقلاشقان بىر بۆلۈم ئاھالىلەرنىڭ نامى بولۇپ، يەرلىك ئۇيغۇرلار ۋە باشقا قېرىنداش مىللەتلەر ئۇلارنى «ئابدال» (Abdal) لار دەپ ئاتىشىدۇ. ئۇلار سىرت بىلەن ئالاقىلىشىشتا ئۇيغۇر تىلىنى ئىشلىتىدۇ. ئىچكى قىسىمدا بولسا سىرتتىكىلەر ئاسانلىقچە ئۇقالمايدىغان باشقىچە بىر خىل تىل بىلەن سۆزلىشىدۇ.

1976 - يىلى يازدا، بىز خوتەن ناھىيىسىنىڭ يالقۇن گۇڭشې گىۋوز (giwoz) يېزىسىغا بېرىپ ئەينۇلارنىڭ تىلى ئۈستىدە دەسلەپكى تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان ئىدۇق. بۇ يەردە، تەخمىنەن مىڭدەك ئەينۇ بار ئىكەن. ئۇلار ئاساسەن دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك، چارۋىچىلىق، ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىك قاتارلىق كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللىنىدىكەن. بىر قىسىملىرى بازارلاردا ئۇن جۇپ دورىلىرىنى سېتىش بىلەنمۇ شۇغۇللىنىدىكەن ئەينۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇلارنىڭ ئاتا - بوۋىلىرى بۇندىن ناھايىتى كۆپ يىللار بۇرۇن ئىراندىن گىۋوزغا كۆچۈپ كەلگەن ئىكەن. بىز ئۇلارنىڭ ئاغزىدىن خاتىرىلىگەن تىل ماتېرىياللىرىنى پارس تىلى ۋە ئېلىمىزدىكى ئۇيغۇر تىلى بىلەن سېلىشتۇرۇپ ئازتولا ئانالىز قىلىپ چىقتۇق①. بۇ جەرياندا، ھەقىقەتەن ئەينۇ تىلىدا پارس تىلى بىلەن مەنىدە ئوخشاش بولغان سۆزلەرنىڭ ساقلىنىۋاتقانلىقى سېزىلدى، بىز دائىم ئىشلىتىدىغان سۆزلەردىن 4200 نى تاللاپ ئېلىپ سېلىشتۇرۇپ چىقتۇق. نەتىجىدە بۇنىڭدىن ئۇيغۇر تىلى بىلەن ئوخشىمايدىغانلىرى 1200 **بولۇپ** 35% نى تەشكىل قىلىدىكەن. ئۇيغۇر تىلى بىلەن ئوخشاشلىرى (بۇلار ئۇيغۇر تىلى بىلەن ئەينۇ تىلى ئوخشاشلا پارس، ئەرەب تىللىرىدىن قوبۇل قىلغان سۆزلەر) 3000 بولۇپ، بۇ 65% نى تەشكىل قىلىدىكەن. ھالبۇكى، ئۇيغۇر تىلىغا پارس تىلىدىن كىرگەن nan (نان)، bazar (بازار)، girdə (گىردە)، tarbuz، tawuz (تاۋۇز)، romal (رومال)، piyaz (پىياز) قاتارلىق سۆزلەر ئەينۇ تىلىدا nyɿ niqap doŋʁul bazɛk· hɛtta, hɛsyt, دەپ ئاتىلىدىكەن. بۇنىڭدىن ئەينۇ تىلى بىلەن ئۇيغۇر تىلىنىڭ دەسلەپكى سۆز مەنىلىرىنىڭ ئوخشىمايدىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. تۆۋەندە ئەينۇ ۋە پارس تىلىدىكى ئوخشاش مەنىلىك سۆزلەردىن بەزى مىساللارنى كەلتۈرىمىز

| ئەينۇچە | پارسچە | | ئەينۇچە | پارسچە | |
|---|---|---|---|---|---|
| padɛr ~pedɛr | padar ~pidar | دادا | madɛr ~medɛr | madar | ئانا |
| batʃtʃɛ | batʃe | بالا | tuxtɛr | tuxtar | قىز |
| kɛs | kas | ئادەم | zɛn | zan | ئايال |
| sɛr | sar | باش | dɛst | dast | قول |
| paj | pai | پۇت | tʃɛʃmɛ | tʃaʃm | كۆز |
| gɛndym | gundam | بوغداي | dʒo^w | dʒo^w | ئارپا |
| ard | ard | ئۇن | nɛmk | namk | تۇز |
| ɛŋgyr | angur | ئۈزۈم | tʅarmaq | tʅarmabz | ياڭاق |
| go^wɛn | gau | ئىنەك | xok | xok | توڭگۇز |
| mar | mar | يىلان | mahi | mahi | بېلىق |
| zar | zar | ئالتۇن | tʅob | tʅob | ياغاچ |
| ab | ab | سۇ | atɛʃ | ataʃ | ئوت |
| xak | xak | تۇپا | ahiŋ | ahin | تۆمۈر |
| kard | kard | پىچاق | post | post | تېرە |
| riₒmal | rismal | يىپ | tʅiz | tʅiz | مال |
| dʒama | dʒama | كىيىم | syxɛn | suxun | گەپ |
| kalaŋ | kalan | چوڭ | xurd | xurd | كىچىك |
| bisjar | bisjar | كۆپ | kɛmtɛ | kast | ئاز |
| xor | xordan | يە | nigar | nigar | كۆر |

ئەينۇلار ئۇيغۇرلار بىلەن ئۇزۇن مۇددەت ئارىلىشىپ ياشىغانلىقى تۈپەيلىدىن، ئۇيغۇر تىلىنىڭ كۈچلۈك تەسىر قىلىشى بىلەن، ھازىر ئۇلاردا يەرلىك ئىجتىمائىي ئالاقىدا ئىشلىتىدىغان ۋە ئىچكى قىسىمدا ياكى ئائىلىلەردە ئىشلىتىدىغان ئىككى خىل تىل مەۋجۇت بولۇپلا قالماستىن، بەلكى بۇ تىلىدىكى ئۇيغۇرچە سۆزلەر ئەسلى ئۆزىدە بار سۆزلەردىن كۆپ دەرىجىدە ئېشىپ كەتكەن. بىراق، ئۆز - ئارا ئوخشايدىغان سۆزلەر يەنىلا $\frac{1}{3}$ دىن كۆپرەك. بۇ خىل ئوخشايدىغان سۆزلەر بىر خىل تۆۋەن تىل قاتلىمىنىڭ قالدۇقى دېيىلىدىغان بولسا، بۇنداق «تۆۋەن تىل قاتلام» نىڭ بولۇشى ھەقىقەتەن ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن.

دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى: پارس تىلى، ھىندى - ياۋروپا تىل سىستېمىسىدىكى بىر تىل بولۇپ، تۇغرا قوشۇمچىلىق تىل تۈرىگە كىرىدۇ. ئۇيغۇر تىلى، ئالتاي تىلى سىستېمىسىدىكى تىل بولۇپ، ئۇلانما قوشۇمچىلىق تىل تۈرىگە كىرىدۇ. بۇلار ئەسلىدىن بىر - بىرىگە تامامەن ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل تىل. بىراق ھازىرقى ئەينۇ تىلى ئۆزىنىڭ ئەسلى گىرامماتىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرىنى يوقاتقان. ھەر قايسى سۆز تۈر - كۈملىرىدە ئۇيغۇر تىلىنىڭ خىلمۇ - خىل گىرامماتىكىلىق كاتېگورىيىلىرى بىلەن، ئۇلانما قوشۇمچىلىق تىلىنىڭ گىرامماتىكىلىق ۋاستىلىرى، شۇنداقلا ئۇنىڭغا ناھايىتى ئوخشايدىغان قوشۇمچىلارنى قوللىنىدىغان بولۇپ قالغان. ھەتتا تىلدا دائىم ئىشلىتىدىغان ئالماشلاردىمۇ، ئۇيغۇر تىلىدىكى ئالماشلارنى ۋە ئۇلارنىڭ ھەر خىل تۈرلەنگەن شەكىللىرىنى قوللىنىدىغان بولۇپ قالغان.

ئالاھىدە بىر ئىجتىمائىي شارائىت ئاستىدا، ھېچ قانداق تۇغقانلىق مۇناسىۋىتى بولمىغان بۇ ئىككى تىلنىڭ، بىرسىدە شۇ قەدەر چوڭ ئۆزگىرىشنىڭ يۈز بېرىشى بىزنى، ناھايىتى قىزىقتۇردى، بۇنداق ئىكەن، ئەينۇ تىلىنىڭ بۈگۈنكىدەك ئەھۋالىنى، ئۇيغۇر تىلىغا ئاسسىمىلاتسىيە بولۇپ، ئۆزىدە پارس تىلىنىڭ كۆپ مىقداردىكى «تۆۋەن قاتلام» سۆزلىرىنى ساقلاپ قالغان ئالاھىدە بىر خىل ئۇيغۇر يەرلىك تىلى دەيمىزمۇ ياكى، بۇ خىل قوش تىلىنىڭ بىرسىنى، ئىچكى قىسمىدا ئىشلىتىش بىلەنلا چەكلىنىدىغان ئىران تىل گۇرۇپپىسىدىكى بىر خىل تىل تارمىقى بىلەن ئۇيغۇر تىلىنىڭ بىرىكىشىدىن پەيدا بولغان «ئارىلاشما تىل» دەيمىزمۇ؟ ئەھۋالدىن قارىغاندا ئۇنىڭ بىرى ئىجتىمائىي تىلشۇناسلىقتا تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدىغان بىر خىل قىزىقارلىق تىل ھادىسىسى.

ئەينۇ تىلى ئۆزىنىڭ بىر يۈرۈش سان سىستېمىسىغا ئىگە. روشەنكى، باشقا سۆز تۈركۈملىرىگە ئوخشاشلا ئەينۇ تىلىدىكى سانلارنىڭ تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلىرى ئۇيغۇر تىلىدىن كەلگەن. تۆۋەندە بىز بۇ سانلار ئۈستىدە تەھلىل يۈرگۈزۈش بىلەن، بۇ تىلنىڭ مەنبەسى ۋە ئۆزگىرىش ئەھۋالىنى چۈشەندۈرمەكچىمىز.

ئەينۇ تىلىدىكى سانلار مەنا جەھەتتىن كۆپ سان، دەرىجە سان، مۆلچەر سان ۋە كەسىر سانلارغا بۆلۈنىدۇ.

تۈپ سانلار: ئەينۇ تىلىدىكى تۈپ سانلار، پارس تىلى بىلەن بىر مەنبەلىك بولۇپ، ئوقۇلۇشى تۆۋەندىكىچە (پارس تىلى بىلەن سېلىشتۇرۇپ باقايلى):

| ئەينۇچە | پارسچە | | ئەينۇچە | پارسچە | |
|---|---|---|---|---|---|
| jɛk | jek～jak | بىر | dɛh | dah | ئون |
| du | du | ئىككى | bist | bi$^{s}$t | يىگىرمە |
| si(h)② | sih | ئۈچ | seh | si | ئوتتۇز |
| tʅar | tʃahar ～tʃehar ～tʃar | تۆت | tʃarum* | tʃihal ～tʅil | قىرىق |
| pɛndʒɛ③ | pandʒ | بەش | pɛndʒum* | pandʒan | ئەللىك |
| ʃɛʃ | ʃaʃ | ئالتە | ʃɛʃum | ʃast | ئاتمىش |
| hɛpt④ | haft | يەتتە | hɛptum* | haftad | يەتمىش |
| hɛʃt | haʃt | سەككىز | hɜʃtum* | haʃtad | سەكسەن |
| noh | nuh | توققۇز | nohum* | nud | توقسان |
| sɛd | sad | يۈز | sisɛd | sisad | ئۈچ يۈز |
| hazar | hazar | مىڭ | hɛptadɛ | haft sad | يەتتە يۈز |
| du sɛd | darist | ئىككى يۈز | hɛʃtadɛ | haʃt sad | سەككىز يۈز |

دەرىجە سانلار: ئەينۇ تىلىدىكى دەرىجە سانلار سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئاخىرلاشقان تۈپ سانلارغا rindʒi - ياكى rundʒi -، ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاخىرلاشقان تۈپ سان-

* بەلگىلىك قىرىقتىن - توقسانغىچە بولغان پارسچە دەرىجە سانلارنى (ئارقا بەتتىكى تۆتتىن - توققۇزغىچە بولغان پارسچە دەرىجە سانلارغا قاراڭ). ئەينۇلار ئىككى خانىلىق تۈپ سان ئورنىدا ئىشلىتىدۇ.

لارغا ind3i - قوشۇمچىلىرىنى ئۇلاش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. بۇ تۈپ سانلار پارس تىلى بىلەن بىر مەنبەلىك بولسىمۇ لېكىن قوشۇمچىلىرىنىڭ ئۇيغۇر تىلىدىن كەلگەنلىكى ئېنىق. قېنى سېلىشتۇرۇپ باقايلى:

| ئەينۇچە | ئۇيغۇرچە | پارسچە | |
|---|---|---|---|
| jɛkind3i(jɛk+ind3i) | birintʃi(bir+intʃi) | jakun | بىرىنچى |
| durund3i(dx+rund3i) | ikkintʃi(ikki+nitʃi) | durum⑤, (~dujum, (dnwum) | ئىككىنچى |
| sirindɛi(si+rind3i | ytʃinʃti(ytʃ+intʃi) | siwum | ئۈچىنچى |
| tʃarindɛi(tʃar+ind3i) | tϕtintʃ3i(tϕt+intʃi | tʃaharum | تۆتىنچى |
| pɛnd3ind3i(p3nd3+ind3i) | bɛʃintʃi(bɛʃ+intʃi) | pand3am | بەشىنچى |
| ʃ3ʃindɛi(ʃɛʃ+ind3i) | altintʃi(altɛ+ntʃi) | ʃaʃm | ئالتىنچى |
| hɛpind3i(hɛpt+ind3i) | jɛttintʃi(jɛttɛ+ntʃi) | haftum | يەتتىنچى |
| hɛʃind3i(hɛʃ+ind3i) | s3kkizintʃi(sɛkkiz+intʃi) | haʃtum | سەككىزىنچى |
| norind3i(noh+rind3i) | toqquzintʃi(toqquz+intʃi) | nohum | توققۇزىنچى |
| dɛhindɛi(dɛh+indɛi) | onintʃi(ont+intʃi) | dahum, (~dihum) | ئونىنچى |
| bistind3i(bist+ind3i) | jigirmintʃi(jigirmɛ+ bistam intʃi) | | يىگىرمىنچى |
| sehind3i seh+ind3i) | ottuzintʃi(ottuz+ sijum intʃi) | | ئوتتۇزىنچى |

مۆلچەر سانلار: ئەينۇ تىلىدىكى مۆلچەر سانلار، تۈپ سانلارغا tʃɛ- قوشۇمچىسىنى ئۇلاش بىلەن ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

| ئەينۇچە | ئۇيغۇرچە | |
|---|---|---|
| pɛnd3+tʃɛ——pɛndɛtʃɛ | bɛʃ+tʃɛ——bɛʃtʃɛ | بەشچە |
| ʃɛʃ+tʃɛ——ʃɛʃtʃɛ | altɛ+tʃɛ——altitʃɛ | ئالتىچە |
| dɛh+tʃɛ——dɛhtʃɛ | on+tʃɛ——ontʃɛ | ئونچە |
| sɛd+tʃɛ——sɛdtʃɛ | jyz+tʃɛ——jyztʃɛ | يۈزچە |

كەسىر سانلار: كەسىر سانلار چىقىش كېلىشىدە كەلگەن تۈپ سانلارنىڭ مەخرەج، باش كېلىشتە كەلگەن تۈپ سانلارنىڭ سۈرەت بولۇشى بىلەن ياسىلىدۇ. بىراق ئۈچ خانىلىقتىن يۇقىرى كەسىر سانلارنىڭ ياسىلىشى ئالاھىدىرەك بولىدۇ. بۇنىڭ مەخرىجى چىقىش كېلىشىدە ئەمەس، ئورۇن كېلىشىدە كېلىدۇ:

| ئەينۇچە | ئۇيغۇرچە | |
|---|---|---|
| dudin jɛk | ikkidin bir | ئىككىدىن بىر |
| sidin bu | ytʃtin ikki | ئۈچتىن ئىككى |
| pɛndɛdin tjar | bɛʃtin tϕt | بەشتىن تۆت |
| hɛʃtin pɛndɛɛ | sɛkkizdin bɛʃ | سەككىزدىن بەش |
| sɛddɛ sɛd | jyzdɛ jyz | يۈزدە يۈز |
| sɛddɛ bic(t) pɛnd3ɛ | jyzdɛ jigirmɛ bɛʃ | يۈزدە يىگىرمە بەش |

ئەينۇ تىلىدىكى سانلار دائىم مىقدار سانلار بىلەن بىرىكىپ، جۈملىدە ئېنىقلىغۇچى بولىدۇ. ئېنىقلىغۇچىنىڭ ئورنى ئېنىقلانغۇچىنىڭ ئالدىدىمۇ بولۇشى مۇمكىن. كەينىدە بولۇ-

شى مۇمكىن. مەسىلەن:

(1) ئەينۇچە:

tʃar saɛt sintʃilap turduq, u jɛnila yumidi

(چار سائەت سىنجىلاپ تۇردۇق، ئۇ يەنىلا يۇمىدى)

ئۇيغۇرچە: تۆرت سائەت كۈتۈپ تۇردۇق ئۇ يەنىلا كەلمىدى.

(2) ئەينۇچە:

mɛn harɛt, batʃtʃɛm du hɛs

مەن خارەت بەچچەم دۇھەس.

ئۇيغۇرچە مەنىسى: مەن ياغاچچى، ئىككى بالام بار.

(3) ئەينۇچە:

saɛt tʃaradan jɛk kɛm pɛndʒɛ

(سائەت چارادەن يەك كەم پەنجە)

ئۇيغۇرچە:

سائەت چارەك كەم بەش.

saɛt tʃarɛk kɛm bɛʃ

يۇقۇرىدا ئېيتىلغانلاردەك، ئەينۇ تىلىدىكى سانلارنىڭ ياسىلىشى، مەنىسى، رولى، ئىشلىتىلىشى ئۇستىدە قىسقىچە تەھلىل يۈرگۈزۈش ئارقىلىق، بىز، دەسلەپكى قەدەمدە تۆۋەندىكىچە يەكۈن چىقىرالايمىز. بىرىنچى: ئەينۇلار (ئابداللار) نىڭ تىلى ئەسلىدە ھىندى ـ ياۋروپا تىل سىستېمىسىدىكى ئىران تىل گۇرۇپپىسىدا تەۋە. ئىككىنچى: ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراش تۈپەيلىدىن، ئەينۇلارنىڭ ھازىرقى ئىچكى تىسىدا ئىشلىتىدىغان تىلى ئەمەلىيەتتە بىر خىل «ئارلاشما تىل». بۇنداق ئىككى تىللىق ئەھۋالنىڭ مەۋجۇتلىقى، ئەينۇ تىلىنىڭ ئۇيغۇر تىلىغا پۈتۈنلەي ئاسسىمىلاتسىيە بولۇپ كېتىشكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ خىل «ئارلاشما تىل» نىڭ لۇغەت تەركىبى، ئاساسى جەھەتتىن ئالدى بىلەن ئىران تىل گۇرۇپپىسىدىن كەلگەن. بىراق، چوڭ ئۆزگىرىشلەر ياسىغان. گىراماتىكىلىق قۇرۇلىشى تۈپ جەھەتتىن ئۇيغۇر تىلى ئاساسىدا بولۇپ قالغان. ئۈچىنچى: ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئەينۇ تىلىغا سىڭىشى ۋە تەسىر قىلىشى بارغانسىرى چوڭقۇرلىشىپ، ئەينۇ تىلىدا سۈپەت ئۆزگىرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. بۇ تىل كۈن ساناپ يوقىلىشقا يۈز تۇتقان. تۆتىنچى: ئەينۇ تىلى، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى ئېلېمېنتلىرى، تەسىرلىرى ۋە باشقىلار ئۇستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىشىمىز ئۈچۈن، بىزنى، مۇھىم يىپ ئۇچى ۋە ئاساس بىلەن تەمىنلىدى.

ئىزاھات:

① كىۋ ماقالىدا خەلق ئارىلىق ئاۋۇس بەلگۈلىرى قوللىنىلدى. چاراشىز توسۇلما سىرىلاشمىز ئاۋۇشلار، ئاددىي ـ مەنى ئەھۋال ئاستىدا ھەممىسى ئەمەسلىك بولغاچقا، مەيدەدە قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن ئەمەسلىك بەلگىسى قويۇلمىدى. پارىسچە ماتېرىياللار پالمېر E. H. Palmer تۈزگەن پارىسچە ـ ئىنگلىزچە لۇغەت

(PERSIAN – ENGLISH DICTIONARY، 1956 - يىل قىسقارتىلغان نۇسخىسى، لوندون) تىن ئېلىنىپ، بۇ ماقالىدا خەلق ئارا تاۋۇش بەلگىسى بىلەن يېزىلدى.

② هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا پارس، ئەرەب تىللىرىدىن كىرگەن سۆزلەرنىڭ h بىلەن ئاخىرلاشقانلىرى، جانلىق تىلدىلا چۈشۈپ قالماستىن، بەلكى بۇلارنىڭ كۆپ قىسمى يېزىقتىمۇ ئىشلىتىلمەيدۇ. مەسىلەن: guna «گۇنا»، zija «سىيا» (zijah، پارس تىلدا «قارا» دېگەن مەنىدە)، gija «ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئومۇمى نامى»، nika «نىكا» قاتارلىق سۆزلەر، تىلدا gunah~guna، zijah~zija، gijah~gija، nikah~nika (> ئەرەبچە) دەپ ئوقۇلىدۇ.

③ هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى پارس ۋە ئەرەب تىللىرىدىن بۇۋۇن كىرگەن سۆزلەردە، بىر بوغۇم تەركىۋىدىكى سوزۇق تاۋۇش ئاخىرىدا قوشما سوزۇق تاۋۇش كەلگەن ئەھۋال ئاستىدا، ئۇيغۇر تىلىنىڭ تاۋۇش قۇرۇلمىسىغا ماسلاشتۇرۇش ئۈچۈن، كۆپ ئەھۋاللاردا، ئىككى ئۈزۈك تاۋۇشنىڭ ئوتتۇرىسىدا ياكى بىر ئۈزۈك تاۋۇشنىڭ ئاخىرىغا مۇۋاپىق بىر سوزۇق تاۋۇش قوشۇلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئىككى ئۈزۈك تاۋۇش ئىككى بوغۇمغا تەۋە بولىدۇ؛ ياكى سۆز ئاخىرىدىكى ئۈزۈك تاۋۇش (كۆپ ئەھۋاللاردا t) چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن: ʃεhεr (ʃahr> «شەھەر»، girdε (gird> پارسچە ئەسلى «دۈگىلەك يۇمىلاق» مەنىسىدە) «گىردە»، mφhεr (muhr> «تامغا، تۆچاتقا»، qεwrε (qabr> ئەرەبچە) «قەۋرە»، dεrεx (daraxt> «دەرەخ»، gφʃ (gφʃt) «گۆش» قاتارلىقلار.

ئەينى تىلدا قوشما ئۈزۈك تاۋۇشلار كۆپرەك. مەسىلەن: rd، pt (<ft، st، ʃt، ld، zm، ndʒ، rg، hm، jt قاتارلىقلار بولۇپ، بۇلارغا سوزۇق تاۋۇش قوشۇلۇپ قىلىش ياكى بۇلاردىكى t چۈشۈپ قېلىش ئەھۋالى مەۋجۇت. مەسىلەن: tʃεʃmε (tʃεʃm> «كۆز»، pʒndʒε (pεndʒ> «بەش»، lεhεm~lεmε (<ئەرەبچە lahm) تىلىدىكى «گۆش»، galit (gald> «كىسەل»، his (hist> «يوق ياق ئەمەس»، hεp (hεft> «يەتتە» قاتارلىقلارنىڭ ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراش بىلەن پەيدا بولغانلىقى ئېنىق.

④ ئەينى تىلدا ئەسلى بار بولغان لەۋ چىش ئۈزۈك تاۋۇشى f، ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراش نەتىجىسىدە قوش لەۋ ئۈزۈك تاۋۇشى p بىلەن ئالماشقان.

⑤ ئەينى تىلدىكى durindzi (<du + rindzi) پارس تىلدىكى «ئىككىنچى» dujum ~ duwum، durum ~ (du + r + um<) «ئىككىنچى»، sijum (si + j + um<) «ئۈچىنچى» قاتارلىق سۆزلەردىن ئىگە بولغان قوشۇلما تاۋۇش r ياكى j دېك پاكىتلارغا قاراپ، شۇنى ھۆكۈم قىلىشقا بولىدىكى؛ ئۇيغۇر تىلىدىكى بەزى ئۇچۇق بوغۇملۇق ئىسىملارنىڭ ئاخىرىغا ئىگىلىك كېلىشىدىكى 1 - ، 2 - شەخس قوشۇمچىلىرى ئۇلانغاندا، سوزۇق بىلەن قوشۇمچىلار ئوتتۇرىسىغا ئالدى بىلەن r ياكى j ( ئۇيغۇر يېڭى يېزىق لايىھەسىدە j - قوشۇش بەلگىلەنگەن) نىڭ قوشۇلۇپ قىلىشىدەك ئەھۋالمۇ پارس تىلىنىڭ تەسىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن: sija «سىيا»— sijarim ~ sijajim «سىيارىم ~ سىيايىم»؛ toxu «توخۇ» — toxurum ~ toxujum «توخۇرۇم توخۇيۇم»؛ ganbi «گاڭبى» (خەنزۇ تىلىدىن كىرگەن) — ganbirim ~ ganbijim «گاڭبىرىم» قاتارلىقلار.

⑥ ئۇيغۇر تىلىدىكى jεktʃεʃmε (پارس تىلىدىكى jak «بىر»، tʃaʃm «كۆز») «سىڭار كۆزلۈك ئادەم، بىر كۆزلۈك ئەجدىرھا» دېگەنلەر بىرىككەن سۆز شەكلى بويىچە قوبۇل قىلىنغان بولۇپ، ئەمەلىي قائىدىسىدە قوشۇپ يېزىش بەلگىلەنگەن. ئەگەر ئايرىپ ئوقۇساق jεκ پاكى tʃεʃmε دېگەننى پارسچە بىلمەيدىغان ئۇيغۇرلار ئاسانلىقچە ئۇقالمايدۇ.

⑦ tʃarεκ «تۆتتىن بىر؛ چارەك (15 مىنۇت)» دېگەن سۆز، پارس تىلىدىكى tʃahar–jeκ دېگەن سۆزنىڭ قىسقارتىلما شەكلى. پارس تىلىدىمۇ tʃarjin ~ tʃariκ «تۆتتىن بىر» دەپ ئوقۇلىدۇ.

مەشھۇر ئادەملەر

# ۋ. ۋ. بارتولد

ۋاسىلىي ۋىلادىمىروۋىچ بارتولد 1869 - يىلى 11 - ئاينىڭ 15 - كۈنى پېتېربۇرگ (ھازىرقى لېنىنگراد) شەھرىدە تۇغۇلۇپ، 1930 - يىلى 19 - ئاۋغۇستتا شۇ شەھەردە ۋاپات بولغان. سوۋېت ئىتتىپاقى شەرقشۇناسى، (1913 - يىلدىن بۇيان) ۋە ئاكادېمىكى.

بارتولد 1891 - يىلى پېتېربۇرگ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ شەرقى تىللىرى پاكولتېتىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، شۇ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى بولغان ۋە ئىلمىي ئىشلار بىلەن شۇغۇللانغان. (1901 - يىلدىن ئېتىۋارەن پروفېسسورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن). ئۇنىڭ «موڭغۇل باسقۇنچىلىرى دەۋرىدىكى تۈركىستان» ناملىق ئىككى توملۇق مونوگرافىيىلىك ئەسىرى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا «شەرق تارىخىنىڭ دوكتورى» ئۇنۋانى بېرىلگەن.

بارتولد بۇرژۇئا جەمئىيىتى شارائىتىدا يېتىشكەن ئالىم بولغاچقا، ئۇنىڭ تارىخ مەسىلىلىرىنى ئىدىئالىستىك نۇقتىئىنەزەردىن كۆزەتكەن تەرەپلىرى بولسىمۇ، ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي، تارىخىي ۋە تۇرمۇش ئەھۋالىغا ئائىت مەسىلىلەر ھامان ئۇنى قىزىقتۇراتتى. بارتولدنىڭ ئەرەب، پارس ۋە يەرلىك ئاپتورلارنىڭ مول ماتېرىياللىرىدىن پايدىلىنىپ يېزىپ چىققان ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى ھەققىدىكى ئەسەرلىرى زور ئىلمىي ئەھمىيەتكە ئىگە ئەسەرلەردۇر.

بارتولد «ئىسلام مەدەنىيىتى» (1918 - يىلى)، «مۇسۇلمان دۇنياسى» (1922 - يىلى)، «مۇسەيلىمە» (1925 - يىلى) قاتارلىق ئىسلام تارىخى ھەققىدىكى ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورى بولۇپ، ئۇ بۇ ئەسەرلىرىدە ئەرەپ ۋە غەربىي ياۋروپا ئاپتورلىرىنىڭ مۇھىم ئەسەرلىرىگە تەنقىدىي ئوبزور بېرىپ، ئىسلام مەلۇماتلىرىدىن تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ ھەمدە ئۇرغۇنلىغان ياخشى تاللانغان، ھەققىي ماتېرىياللارنى توپلاپ، ئىسلام دىنىنىڭ دەسلەپكى تارىخى ھەققىدە، ئۇنىڭ شەرق خەلقلىرىگە تارقىلىشى توغرىسىدا ھەمدە مۇسۇلمان مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا ئائىت نۇرغۇن مەسىلىلەردە يېڭى كۆز قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويغان.

بارتولدنىڭ كۆز قاراش ۋە يەكۈنلىرى دۇنيا ئىسلامشۇناسلىقىنى بېيىتقان، شۇنداقتىمۇ، ئۇنىڭ ئايرىم تەھلىل ۋە چۈشەندۈرۈشلىرى مۇنازىرە تەلەپ قىلىدۇ.

بارتولدنىڭ «خەلق ۋە سۇلتان» ناملىق ئەسىرىدە، ئابباسىلار خەلىپىلىكىنىڭ روھانىي ھاكىمىيىتى 16 - ئەسىردە تۈركىيە سۇلتانى سېلىم I گە ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن، دېيىلگەن

پەرەزنىڭ پەقەت 18 - ئەسىردە پەيدا بولغان بىر رىۋايەتتىنلا ئىبارەت ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بەردىلگەن.

بارتولدنىڭ موڭغۇل ئىستىلالىرى ھەققىدىكى ئەسەرلىرىدە بىر تەرەپلىمىلىك چۈشەندۈرۈشلەرنى، جۈملىدىن موڭغۇل ئىستىلاسىنىڭ بېسىۋالغان يەرلەردىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ۋەيرانچىلىققا ئۇچراتقانلىقى، بويسۇندۇرۇلغان خەلقلەرنى ئۇزۇن مۇددەتلىك قۇللۇققا ئېلىپ كەلگەنلىكى تولۇق نەزەردە تۇتۇلمىغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

بارتولدنىڭ قېدىمقى سىلاۋىيانلار ھەققىدە يازغان، ئەرەب ئاپتورلىرىنى تەتقىق قىلىپ نۇرغۇن ئۇنۇملۇك ئەمگەك سىڭدۈرگەن ئەسەرلىرى — «رۇسلار ھەققىدە يېڭى مۇسۇلمان خەۋەرلىرى» (1896 - يىلى)، «رۇسلار ھەققىدە ئەرەب خەۋەرلىرى» (1918- يىلى) قاتارلىقلار 1940 - يىلى نەشر قىلىنغان.

بارتولد شەرقشۇناسلىق تارىخىغىمۇ ناھايىتى دىققەت قىلغان. بۇ جەھەتتە ئۇ ئاساسلىق ئەسەرلىرىدىن «ياۋروپا ۋە رۇسىيەدە شەرقنى تەتقىق قىلىش تارىخى» (1911- يىلى، 1925 يىلى 2 - نەشرى)، «پېتىربۇرگ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ شەرق تىللىرى پاكولتېتىنىڭ 1855 - 1905 - يىللاردىكى پائالىيەتلىرىگە نەزەر» قاتارلىقلارنى ئېلان قىلغان. ئۇنىڭ ئىران ھەققىدىكى ۋە س س س ر (سوۋېت)دىكى بەزى خەلقلەر (جۈملىدىن، قىرغىز، تاجىك، تۈركمەن ۋە باشقىلار)نىڭ تارىخى ھەققىدىكى ئەسەرلىرى بىزنى مول ماتېرىيال ۋە يەكۈنلەر بىلەن تەمىنلەيدۇ.

بارتولد «ئىسلام دۇنياسى» (1912 - 1913 -)، «مۇسۇلمان دۇنياسى» ژورناللىرىنىڭ تەسىس قىلغۇچىسى ۋە مۇھەررىرى. رۇس شەرقشۇناسلىق مەكتىپىنىڭ ئاساسچىلىرىدىن بىرى. بارتولد ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن (1921 - يىلى) قۇرۇلغان ئاسىيا موزېيىنىڭ شەرقشۇناسلىق جەمئىيىتى ۋە ئۇنىڭ مەتبۇئات ئورگىنى «شەرقشۇناسلىق جەمئىيىتىنىڭ خاتىرىلىرى» (1925 - 1930) گە باش بولۇپ ئىشلىگەن، نۇرغۇن پىداگوگىك خىزمەتلەرنى ئېلىپ بارغان، سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى نۇرغۇن مىللەتلەرنىڭ ئېلىپبەسىنى ئەرەبچىدىن لاتىنچىغا كۆچۈرۈش خىزمەتلىرىگە قاتنىشىپ ئىشلىگەن. سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە، ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇنىۋېرسىتېتى قۇرۇش، شەرقشۇناسلىق كۇتۇپخانىلىرىنى قۇرۇش ۋە شەرق قوليازمىلىرىنى يىغىش قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئورۇنلىغان.

بارتولدنىڭ نۇرغۇنلىغان مونوگرافىيىلىرى چەتئەل تىللىرى (ئىنگلىز، نېمىس، تۈرك، فرانسۇز، ئەرەب، پارس ۋە باشقا تىللار)غا تەرجىمە قىلىنغان، ئۇ يەنە «ئىسلام قامۇسى»دىكى بىرمۇنچە ماددىلارنىڭ ئاپتورى. بارتولد ئەسەرلىرى 9 توم قىلىپ نەشر قىلىندى.

1 - توم: «موڭغۇل باسقۇنچىلىرى دەۋرىدىكى تۈركىستان»

2 - توم (I قىسىم): ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى توغرىسىدىكى ئومۇمىي ئەسەرلەر كاۋكاز ۋە شەرقىي ياۋروپا توغرىسىدىكى ئەسەرلەر. (II قىسىم): ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىنىڭ

# كىتابخانىلىرىمىزغا:

ئۇيغۇر، ئەرەپ، پارس تىللىرىدىكى كىلاسسىك ئەدەبىيات ۋە تارىخى ئەسەرلەرنىڭ كۆپ قىسمى دىگىدەك ھىجرىيەنىڭ «قەمەرىيە» كالىندارى بىلەن خاتىرىلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا بىر يىل 354 كۈن ھىساپلىنىدۇ. مىلادىيە دەپ ئاتىلىۋاتقان «شەمسىيە» كالىندارىدا بولسا بىر يىل 365 كۈن 6 سائەت ھىساپلانغانلىقتىن بۇ ئىككى كالىندار ھىساۋىدا 11 كۈن پەرق ئېتىدۇ. بۇ ھال بىرەر تارىخى ۋەقە ياكى بىرەر ئەسەرنىڭ يېزىلغان، كۆچۈرۈلگەن ۋاقتىنى ھازىرقى زاماندا ئومۇملاشقان مىلادىيە يىلى ۋە ئۇنىڭ كۈنلىرىگە سۇندۇرۇپ توغرا ھىساپلاشتا مەلۇم قىيىنچىلىقلارنى پەيدا قىلىدۇ. بىز پەن تەتقىقات خادىملىرى ۋە كەڭ كىتابخانلارنىڭ بۇ جەھەتتىكى قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىشتا ئاز تولا ياردىمى بولار دىگەن مەقسەتتە ئاستىرونوم يۇسۇپ نۇربىلىنىڭ 1920 - يىلى تۈزۈپ چىققان ھىجرىيە، مىلادىيە كالىندارلىرىنىڭ سېلىشتۇرما جەدۋىلىنى 1982 - يىلدىن باشلاپ ژورنىلىمىزنىڭ ھەر قايسى سانلىرىدا پارچىلاپ ئېلان قىلىپ كەلگەن ئىدۇق. مۇشتەرىلىرىمىزنىڭ تەلەپلىرىگە ئاساسەن داۋامىنى بۇندىن كېيىن داۋاملىق ئېلان قىلىشنى قارار قىلدۇق. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن كالىندارنى ئىشلىتىش ئۇسۇلى جەھەتتە تۆۋەندىكىلەرنى ئەسكەرتىپ ئۆتمەكچىمىز:

جەدۋەلنىڭ يۇقۇرىسىدىكى 6 كاتەكنىڭ سولدىن بىرىنچىسى جەدۋەللەرنىڭ بەت سانىنى كۆرسىتىدۇ. قالغان 5 كاتەك ئىچىدىكى يۇقۇرىغا يېزىلغان سانلار ھىجرىيە يىلىنى، ئاستىدىكى سانلار مىلادىيە يىللىرىنى كۆرسىتىدۇ، سولدىكى 1 - كاتەكنىڭ ئاستىغا يۇقۇرىدىن تۆۋەنگە قاراپ 1 دىن 12 گىچە يېزىلغان سانلار ھىجرىيەنىڭ ئاي تەرتىۋىنى كۆرسىتىدۇ. قالغان 5 قاتار سانلار گورۇپپىسىنىڭ ھەر بىر گورۇپپىسى سولدىن ئوڭغا: بىرىنچى سان — ئاينىڭ كۈنلىرىنى؛ ئىككىنچى سان — مىلادىيە ئايلىرىنى؛ ئۈچىنچى سان - ھەپتىنىڭ قايسى كۈنلىرى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. 7 - كۈن — شەنبە بولۇپ، ھەپتىنىڭ قايسى كۈنى ئىكەنلىكىنى ھىساپلاش يەكشەنبىدىن يەنى ھەپتىنىڭ 1 - كۈنىدىن باشلىنىدۇ. (بىزدە ھازىر دۈشەنبە ھەپتىنىڭ بىرى، قىلىپ قوللىنىلىپ كەلمەكتە).

بۇ كالىندار مىلادى 1582 - يىلغىچە (ھىجرىيە 990 - يىلغىچە) يولىيان كالىندارى بويىچە، مىلادى 1583 - يىل 1 - ئاينىڭ 25 - كۈنىدىن (ھىجرىيە 991 - يىلدىن) باشلاپ گىرىگورىيان كالىندارى بويىچە ھىساپلانغان. مۇشتەرىلىرىمىزنىڭ ۋاقىپ بولۇپ قېلىشىنى ئۈمىت قىلىمىز.

چۈشىنىشكە ئاسان بولسۇن ئۈچۈن جەدۋەل بىلەن كۆرسىتىلدى:

# ھىجرىيە ۋە مىلادىيە كالېندارلىرىنىڭ سېلىشتۇرما جەدۋىلى

(چۈشىنىشكە ئاسان بولسۇن ئۈچۈن جەدۋەل بىلەن كۆرسىتىلدى)

| ھىجرىيە يىل تەرتىۋى / مىلادىيە تەرتىۋى / ئايلىرى / ھىجرىيە ئاي تەرتىۋى | 551 | | | 552 | | | ئىزاھات |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | 1156-1157 | | | 1157 - 1158 | | | |
| | كۈنلەر | مىلادىيە ئايلىرى | ھەپتە | كۈنلەر | مىلادىيە ئايلىرى | ھەپتە | |
| 1 | 15 | 7 | 6 | 5 | 7 | 3 | ھەر ئىككى كالېندارنىڭ |
| 2 | 16 | 8 | 1 | 4 | 8 | 5 | كۈن، ھەپتىلىرى ئوخشاش |

## ھىجرىيە يىلىنىڭ ئاي ئىسىملىرى ۋە تەرتىۋى

| | | |
|---|---|---|
| Əlmuhərrəm | ئەلمۇھەررەم | 1. |
| Səpər | سەپەر | 2. |
| Rəbiul əwwəl | رەبىئۇل ئەۋۋەل | 3. |
| Rəbiussani | رەبىئۇسسانى | 4. |
| Jamadiyəl əwwəl | جامادىيەل ئەۋۋەل | 5. |
| Jamadiyəl ahir | جامادىيەل ئاخىر | 6. |
| Rəjəp | رەجەپ | 7. |
| Xə'ban | شەئبان | 8. |
| Ramazan | رامازان | 9. |
| Xəwwal | شەۋۋال | 10. |
| Zulkə'də | زۇلقەئدە | 11. |
| Zulhijjə | زۇلھىججە | 12. |

| 111 | 551<br>1156—1157 | 552<br>1157—1158 | 553<br>1158 | 554<br>1159 | 555<br>1160 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 25. 2.7 | 13. 2.4 | 2. 2.1 | 23. 1.6 | 12. 1.3 |
| 2 | 26. 3.2 | 15. 3.6 | 4. 3.3 | 22. 2.1 | 11. 2.5 |
| 3 | 24. 4.3 | 13. 4.7 | 2. 4.4 | 23. 3.2 | 11. 3.6 |
| 4 | 24. 5.5 | 13. 5.2 | 2. 5.6 | 22. 4.4 | 10. 4.1 |
| 5 | 22. 6.6 | 11. 6.3 | 31. 5.6 | 21. 5.5 | 9. 5.2 |
| 6 | 22. 7.1 | 11. 7.5 | 30. 6.2 | 20. 6.7 | 8. 6.1 |
| 7 | 20. 8.2 | 9. 8.6 | 29. 7.3 | 19. 7.1 | 7. 7.5 |
| 8 | 19. 9.4 | 8. 9.1 | 28. 8.5 | 18. 8.3 | 6. 8.7 |
| 9 | 18.10.5 | 7.10.2 | 26. 9.6 | 16. 9.4 | 4. 9.1 |
| 10 | 17.11.7 | 6.11.4 | 26.10.1 | 16.10.6 | 4.10.3 |
| 11 | 16.12.1 | 5.12.5 | 24.11.2 | 14.11.7 | 2.11.4 |
| 12 | 15. 1.3 | 4. 1.7 | 24.12.4 | 14.12.2 | 2.12.6 |

| 112 | 556<br>1160—1161 | 557<br>1161—1162 | 558<br>1162—1163 | 559<br>1163—1164 | 560<br>1164—1165 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 31.12.7 | 21.12.5 | 10.12.2 | 30.11.7 | 18.11.4 |
| 2 | 30. 1.2 | 20. 1.7 | 9. 1.4 | 30.12.2 | 18.12.6 |
| 3 | 28. 2.3 | 18. 2.1 | 7. 2.5 | 28. 1.3 | 16. 1.7 |
| 4 | 30. 3.5 | 20. 3.3 | 9. 3.7 | 27. 2.5 | 15. 2.2 |
| 5 | 28. 4.6 | 18. 4.4 | 7. 4.1 | 27. 3.6 | 16. 3.3 |
| 6 | 28. 5.1 | 18. 5.6 | 7. 5.3 | 26. 4.1 | 15. 4.5 |
| 7 | 26. 6.2 | 16. 6.7 | 5. 6.4 | 25. 5.2 | 14. 5.6 |
| 8 | 26. 7.4 | 16. 7.2 | 5. 7.6 | 24. 6.4 | 13. 6.1 |
| 9 | 24. 8.5 | 14. 8.3 | 3. 8.7 | 23. 7.5 | 12. 7.2 |
| 10 | 23. 9.7 | 13. 9.5 | 2. 9.2 | 22. 8.7 | 11. 8.4 |
| 11 | 22.10.1 | 12.10.6 | 1.10.3 | 20. 9.1 | 9. 9.5 |
| 12 | 21.11.3 | 11.11.1 | 31.10.5 | 20.10.3 | 9.10.7 |

| 113 | 561<br>1165 - 1166 | 562<br>1166 - 1167 | 563<br>1167 - 1168 | 564<br>1168 - 1169 | 565<br>1169 - 1170 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 7. 11. 1 | 28.10. 6 | 17.10. 3 | 5. 10. 7 | 25.9. 5 |
| 2 | 7. 12. 3 | 27.11.1 | 16.11. 5 | 4. 11. 2 | 25.10.7 |
| 3 | 5. 1. 4 | 26.12.2 | 15.12. 6 | 3. 12. 3 | 22.11.1 |
| 4 | 4. 2. 6 | 25.1. 4 | 14 .1. 1 | 2. 1. 5 | 23.12.3 |
| 5 | 5. 3. 7 | 23.2. 5 | 12 .2. 2 | 31. 1. 6 | 21.1. 4 |
| 6 | 4. 4. 2 | 25.3. 7 | 13. 3. 4 | 2. 3. 1 | 20.2. 6 |
| 7 | 3. 5. 3 | 23.4. 1 | 11. 4. 5 | 31. 3. 2 | 21.3. 7 |
| 8 | 2. 6. 5 | 23.5. 3 | 11. 5. 7 | 30. 4. 4 | 20.4. 2 |
| 9 | 1. 7. 6 | 21.6. 4 | 9. 6. 1 | 29. 5. 5 | 19.5. 3 |
| 10 | 31. 7. 1 | 21.7. 6 | 9. 7. 3 | 28. 6. 7 | 18.6. 5 |
| 11 | 29. 8. 2 | 19. 8. 7 | 7. 8. 4 | 27. 7. 1 | 17.7. 6 |
| 12 | 28. 9. 4 | 18. 9. 2 | 6. 9. 6 | 26. 8. 3 | 16.8. 1 |

| 114 | 566<br>1170 - 1171 | 567<br>1171 - 1172 | 568<br>1172 - 1173 | 569<br>1173 - 1174 | 570<br>1174 - 1175 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 14. 9. 2 | 4. 9. 7 | 23. 8. 4 | 12. 8. 1 | 2. 8. 6 |
| 2 | 14.10. 4 | 4. 10. 2 | 22. 9. 6 | 11. 9. 3 | 1. 9. 1 |
| 3 | 12.11. 5 | 2. 11. 3 | 21.10. 7 | 10.10. 4 | 30. 9. 2 |
| 4 | 12.12. 7 | 2. 12. 5 | 20.11. 2 | 9. 11. 6 | 30.10. 4 |
| 5 | 10. 1. 1 | 31.12. 6 | 19.12. 3 | 8. 12. 7 | 28.11. 5 |
| 6 | 9. 2. 3 | 30. 1. 1 | 18. 1. 5 | 7. 1. 2 | 28.12. 7 |
| 7 | 10. 3. 4 | 28. 2. 2 | 16. 2. 6 | 5. 2. 3 | 26. 1. 1 |
| 8 | 9. 4. 6 | 29. 3. 4 | 18. 3. 1 | 7. 3. 5 | 25. 2. 3 |
| 9 | 8. 5. 7 | 27. 4.5 | 16. 4. 2 | 5. 4. 6 | 26. 3. 4 |
| 10 | 7. 6. 2 | 27. 5. 7 | 16. 5. 4 | 5. 5. 1 | 25. 4. 6 |
| 11 | 6. 7. 3 | 25. 6. 1 | 14. 6 .5 | 3. 6. 2 | 24. 5. 7 |
| 12 | 5. 8. 5 | 25. 7. 3 | 14. 7. 7 | 3. 7. 4 | 23. 6. 2 |

| 115 | 571<br>1175－1176 | 572<br>1176－1177 | 573<br>1177－1178 | 574<br>1178－1179 | 575<br>1179－1180 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 22· 7· 3 | 10· 7· 7 | 30· 6· 5 | 19· 6· 2 | 8· 6· 6 |
| 2 | 21· 8· 5 | 9· 8· 2 | 30· 7· 7 | 19· 7· 4 | 8· 7· 1 |
| 3 | 19· 9· 6 | 7· 9· 3 | 28· 8· 1 | 17· 8· 5 | 6· 8· 2 |
| 4 | 19·10· 1 | 7· 10· 5 | 27· 9· 3 | 16· 9· 7 | 5· 9· 4 |
| 5 | 17·11· 2 | 5· 11· 6 | 26·10· 4 | 15·10· 1 | 4·10· 5 |
| 6 | 17·12· 4 | 5· 12· 1 | 25·11· 6 | 14·11· 3 | 3· 11· 7 |
| 7 | 15· 1· 5 | 3· 1· 2 | 24·12· 7 | 13·12· 4 | 2· 12· 1 |
| 8 | 14· 2· 7 | 2· 2· 4 | 23· 1· 2 | 12· 1· 6 | 1· 1· 3 |
| 9 | 14· 3· 1 | 3· 3· 5 | 21· 2· 3 | 10· 2· 7 | 30· 1· 4 |
| 10 | 13· 4· 3 | 2· 4· 7 | 23· 3· 5 | 12· 3· 2 | 29· 2· 6 |
| 11 | 12. 5· 4 | 1· 5. 1 | 21. 4. 6 | 10. 4. 3 | 29.3. 7 |
| 12 | 11· 6· 6 | 31· 5· 3 | 21· 5· 1 | 10· 5· 5 | 28. 4. 2 |

| 116 | 576<br>1180—1181 | 577<br>1181—1182 | 578<br>1182—1183 | 579<br>1183—1184 | 580<br>1184—1185 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 28· 5· 4 | 17· 5· 1 | 7· 5· 6 | 26· 4· 3 | 14· 4· 7 |
| 2 | 27. 6· 6 | 16· 6· 3 | 6· 6· 1 | 26· 5· 5 | 14· 5· 2 |
| 3 | 26· 7· 7 | 15· 7· 4 | 5· 7· 2 | 24· 6· 6 | 12· 6· 3 |
| 4 | 25· 8· 2 | 14· 8 · 6 | 4· 8· 4 | 24· 7· 1 | 12· 7· 5 |
| 5 | 23· 9· 3 | 12· 9· 7 | 2· 9· 5 | 22· 8· 2 | 10· 8· 6 |
| 6 | 23·10· 5 | 12·10· 2 | 2· 10· 7 | 21· 9· 2 | 9· 9· 1 |
| 7 | 21·11· 6 | 10·11· 3 | 31·10· 1 | 20·10· 5 | 8·10· 2 |
| 8 | 21·12· 1 | 10·12· 5 | 30·11· 3 | 19·11· 7 | 7·11· 4 |
| 9 | 19· 1· 2 | 8· 1· 6 | 29·12· 4 | 18·12· 1 | 6·12· 5 |
| 10 | 18· 2· 4 | 7· 2· 1 | 28· 1· 6 | 17· 1· 3 | 5· 1· 7 |
| 11 | 19· 3· 5 | 8· 3· 2 | 26· 2· 7 | 15· 2· 4 | 2· 2· 1 |
| 12 | 18· 4· 7 | 7· 4· 4 | 28· 3· 2 | 16·3 ·6 | 5· 3· 3 |

| 117 | 584 1185 - 1186 | 582 1186 - 1187 | 583 1187 - 1188 | 584 1188 - 1189 | 585 1189 - 1190 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 4.4.5 | 24.3.2 | 13.3.6 | 2.3.4 | 19.2.1 |
| 2 | 4.5.7 | 23.4.4 | 12.4.1 | 1.4.6 | 21.3.3 |
| 3 | 2.6.1 | 22.5.5 | 11.5.2 | 30.4.7 | 19.4.4 |
| 4 | 2.7.3 | 21.6.7 | 10.6.4 | 30.5.2 | 19.5.6 |
| 5 | 31.7.4 | 20.7.1 | 9.7.5 | 28.6.3 | 17.6.7 |
| 6 | 30.8.6 | 19.8.3 | 8.8.7 | 28.7.5 | 17.7.2 |
| 7 | 28.9.7 | 17.9.4 | 6.9.1 | 26.8.6 | 15.8.3 |
| 8 | 28.10.2 | 17.10.6 | 6.10.3 | 25.9.1 | 14.9.5 |
| 9 | 26.11.3 | 15.11.7 | 4.11.4 | 24.10.2 | 13.10.6 |
| 10 | 26.12.5 | 15.12.2 | 4.12.6 | 25.11.4 | 12.11.1 |
| 11 | 24.1.6 | 13.1.3 | 2.1.7 | 22.12.5 | 11.12.2 |
| 12 | 23.2.1 | 12.2.5 | 1.2.2 | 21.1.7 | 10.1.4 |

| 118 | 586 1190 | 587 1191 | 588 1192 | 589 1193 | 590 1193 - 1194 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 8.2.5 | 29.1.3 | 18.1.7 | 7.1.5 | 27.12.2 |
| 2 | 10.3.7 | 28.2.5 | 17.2.2 | 6.2.7 | 26.1.4 |
| 3 | 8.4.1 | 29.3.6 | 17.3.3 | 7.3.1 | 24.2.5 |
| 4 | 8.5.3 | 28.4.1 | 16.4.5 | 6.4.3 | 26.3.7 |
| 5 | 6.6.4 | 27.5.2 | 15.5.6 | 5.5.4 | 24.4.1 |
| 6 | 6.7.6 | 26.6.4 | 14.6.1 | 4.6.6 | 24.5.3 |
| 7 | 4.8.7 | 25.7.5 | 13.7.2 | 3.7.7 | 22.6.4 |
| 8 | 3.9.2 | 24.8.7 | 12.8.4 | 2.8.2 | 22.7.6 |
| 9 | 2.10.3 | 22.9.1 | 10.9.5 | 31.8.3 | 20.8.7 |
| 10 | 1.11.5 | 22.10.3 | 10.10.7 | 30.9.5 | 19.9.2 |
| 11 | 30.11.6 | 20.11.4 | 8.11.1 | 29.10.6 | 18.10.3 |
| 12 | 30.12.1 | 20.12.6 | 8.12.3 | 28.11.1 | 17.11.5 |

| 119 | 591<br>1194 - 1195 | 592<br>1195 - 1196 | 593<br>1196 - 1197 | 594<br>1197 - 1198 | 595<br>1198 - 1199 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 16.12.6 | 6.12.4 | 24.11.1 | 13.11.5 | 3.11.3 |
| 2 | 15.1.1 | 5.1.6 | 24.12.3 | 13.12.7 | 3.12.5 |
| 3 | 13 .2.2 | 3.2.7 | 22.1.4 | 11.1.1 | 1.1.6 |
| 4 | 15.3.4 | 4.3.2 | 21.2.6 | 10.2.3 | 31.1.1 |
| 5 | 13.4.5 | 2.4.3 | 22.3.7 | 11.3.4 | 1.3.2 |
| 6 | 13.5.7 | 2.5.5 | 21.4.2 | 10.4.6 | 31.3.4 |
| 7 | 11.6.1 | 31.5.6 | 20.5.6 | 9.5.7 | 29.4.5 |
| 8 | 11.7.3 | 30.6.1 | 19.6.5 | 8.6.2 | 29.5.7 |
| 9 | 9.8.4 | 29.7.2 | 18.7.6 | 7.7.3 | 27.6.1 |
| 10 | 8.9.6 | 28.8.4 | 17.8.1 | 6.8.6 | 27.7.3 |
| 11 | 7.10.7 | 26.9.5 | 15.9.2 | 4.9.6 | 25.8.4 |
| 12 | 6.11.2 | 26.10.7 | 15.10.4 | 4.10.1 | 24.9.6 |

| 120 | 596<br>1199 - 1200 | 597<br>1200 - 1201 | 598<br>1201 - 1202 | 599<br>1202 - 1203 | 600<br>1203 - 1204 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 23.10.7 | 12.10.5 | 1 .10.2 | 20 .9.6 | 10.9.4 |
| 2 | 22.11.2 | 11.11.7 | 31 .10.4 | 20.10.1 | 10.10.6 |
| 3 | 21.12.3 | 10.12.1 | 29.11.5 | 18.11.2 | 8.11.7 |
| 4 | 20.1.5 | 9.1.3 | 29.12.7 | 18.12.4 | 8.12.2 |
| 5 | 18.2.6 | 7.2.4 | 27.1.1 | 16.1.5 | 6.1.3 |
| 6 | 19.3.1 | 9.3.6 | 26.2.3 | 15.2.7 | 5.2.5 |
| 7 | 17.4.2 | 7.4.7 | 27.3.4 | 16.3.1 | 5.3.6 |
| 8 | 17.5.4 | 7.5.2 | 26.4.6 | 15.4.3 | 4.4.1 |
| 9 | 15.6.5 | 5.6.3 | 25.5.7 | 14.5.4 | 3.5.2 |
| 10 | 15.7.7 | 5.7.5 | 24.6.2 | 13.6.6 | 2.6.4 |
| 11 | 13.8.1 | 3.8.6 | 23.7.3 | 12.7.7 | 1.7.5 |
| 12 | 12.9.3 | 2.9.1 | 22.8.6 | 11.8.2 | 31.7.7 |

| 121 | 601<br>1204—1205 | 602<br>1205—1206 | 603<br>1206—1207 | 604<br>1207—1208 | 605<br>1208—1209 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 29.8.1 | 18. 8.5 | 8. 8.3 | 28. 7.7 | 16. 7.4 |
| 2 | 28.9.3 | 17. 9.7 | 7. 9.5 | 27. 8.2 | 15. 8.6 |
| 3 | 27.10.4 | 16.10.1 | 6. 10.6 | 25. 9.3 | 13. 9.7 |
| 4 | 26.11.6 | 15.11.3 | 5. 11.1 | 25.10.5 | 13.10.2 |
| 5 | 25.12.7 | 14.12.4 | 4. 12.2 | 23.11.6 | 11.11.3 |
| 6 | 24. 1.2 | 13. 1.6 | 3. 1.4 | 23.12.1 | 11.12.5 |
| 7 | 22. 2.3 | 11. 2.7 | 1. 2.5 | 21. 1.2 | 9. 1.6 |
| 8 | 24. 3.5 | 13. 3.2 | 3. 3.7 | 20. 2.4 | 8. 2.1 |
| 9 | 22. 4.6 | 11. 4.3 | 1. 4.1 | 20. 3.5 | 9. 3.2 |
| 10 | 22. 5.1 | 11. 5.5 | 1. 5.3 | 19. 4.7 | 8. 4.4 |
| 11 | 20. 6.2 | 9. 6.6 | 30. 5.4 | 18. 5.1 | 7. 5.5 |
| 12 | 20. 7.4 | 9. 7.1 | 29. 6.6 | 17. 6.3 | 6. 6.7 |

| 122 | 606<br>1209—1210 | 607<br>1210—1211 | 608<br>1211—1212 | 609<br>1212—1213 | 610<br>1213—1214 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 6. 7.2 | 25. 6.6 | 15. 6.4 | 3. 6.1 | 23. 5.5 |
| 2 | 5. 8.4 | 25. 7.1 | 15. 7.6 | 3. 7.3 | 22. 6.7 |
| 3 | 3. 9.5 | 23. 8.2 | 13. 8.7 | 1. 8.4 | 21. 7.1 |
| 4 | 3. 10.7 | 22. 9.4 | 12. 9.2 | 31. 8.6 | 20. 8.3 |
| 5 | 1. 11.1 | 21.10.5 | 11.10.3 | 29. 9.7 | 18. 9.4 |
| 6 | 1. 12.3 | 20.11.7 | 10.11.5 | 20.10.2 | 18.10.6 |
| 7 | 30.12.4 | 19.12.1 | 9. 12.6 | 27.11.5 | 16.11.7 |
| 8 | 29.1.6 | 18. 1.3 | 8. 1.1 | 27.12.3 | 16.12.2 |
| 9 | 27. 2.7 | 16. 2.4 | 6. 2.2 | 25. 1.6 | 14. 1.3 |
| 10 | 29. 3.2 | 18. 3.6 | 7. 3.4 | 24. 2.1 | 13. 2.5 |
| 11 | 27. 4.3 | 16. 4.7 | 5. 4.5 | 25.3. 2 | 14. 3.6 |
| 12 | 27. 5.5 | 16. 5.2 | 5. 5.7 | 24. 4.4 | 13. 4.1 |

| 123 | 611<br>1214—1215 | 612<br>1215—1216 | 613<br>1216—1217 | 614<br>1217—1218 | 615<br>1218—1219 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 13. 5.3 | 2. 5.7 | 20. 4.4 | 10. 4.2 | 30. 3.6 |
| 2 | 12. 6.5 | 1. 6.2 | 20. 5.6 | 10. 5.4 | 29. 4.1 |
| 3 | 11. 7.6 | 30. 6.3 | 18. 6.7 | 8. 6.5 | 28. 5.2 |
| 4 | 10. 8.1 | 30. 7.5 | 18. 7.2 | 8. 7.7 | 27. 6.4 |
| 5 | 8. 9.2 | 28. 8.6 | 16. 8.3 | 6. 8.1 | 26. 7.5 |
| 6 | 8.10.4 | 27. 9.1 | 15. 9.5 | 5. 9.3 | 25. 8.7 |
| 7 | 6. 11.5 | 26.10.2 | 14.10.6 | 4.10.4 | 23. 9.1 |
| 8 | 6. 12.7 | 25.11.4 | 13.11.1 | 3.11.6 | 23.10.3 |
| 9 | 4. 1.1 | 24.12.5 | 12.12.2 | 2.12.7 | 21.11.4 |
| 10 | 3. 2.3 | 23. 1.7 | 11. 1.4 | 1. 1.2 | 21.12.6 |
| 11 | 4. 3.4 | 21. 2.1 | 9. 2.5 | 30. 1.3 | 19. 1.7 |
| 12 | 3. 4.6 | 22. 3.3 | 11. 3.7 | 1. 3.5 | 18. 2.2 |

| 124 | 616<br>1219—1220 | 617<br>1220—1221 | 618<br>1221—1222 | 619<br>1222—1223 | 620<br>1223 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 19. 3.3 | 8. 3.1 | 25. 2.5 | 15. 2.3 | 4. 2.7 |
| 2 | 18. 4.5 | 7. 4.3 | 27. 3.7 | 17. 3.5 | 6. 3.2 |
| 3 | 17. 5.6 | 6. 5.4 | 25. 4.1 | 15. 4.6 | 4. 4.3 |
| 4 | 16. 6.1 | 5. 6.6 | 25. 5.3 | 15. 5.1 | 4. 5.5 |
| 5 | 15. 7.2 | 4. 7.7 | 23. 6.4 | 13. 6.2 | 2. 6.6 |
| 6 | 14. 8.4 | 3. 8.2 | 23. 7.6 | 13. 7.4 | 2. 7.1 |
| 7 | 12. 9.5 | 1. 9.3 | 21. 8.7 | 11. 8.5 | 31. 7.2 |
| 8 | 12.10.7 | 1.10.5 | 20. 9.2 | 10. 9.7 | 30. 8.4 |
| 9 | 10.11.1 | 30.10.6 | 19.10.3 | 9.10.1 | 28. 9.5 |
| 10 | 10.12.3 | 29.11.1 | 18.11.5 | 8.11.3 | 28.10.7 |
| 11 | 8. 1.4 | 28.12.2 | 17.12.6 | 7.12.4 | 26.11.1 |
| 12 | 7. 2.6 | 27. 1.4 | 16. 1.1 | 6. 1.6 | 26.12.3 |

| 125 | 621<br>1224 | 622<br>1225 | 623<br>1226 | 624<br>1226—1227 | 625<br>1227—1228 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 24. 1.4 | 13. 1.2 | 2. 1.6 | 22.12.3 | 12.12.1 |
| 2 | 23. 2.6 | 12. 2.4 | 1. 2.1 | 21. 1.5 | 11. 1.3 |
| 3 | 23. 3.7 | 13. 3.5 | 2. 3.2 | 19. 2.6 | 9. 2.4 |
| 4 | 22. 4.2 | 12. 4.7 | 1. 4.4 | 21. 3.1 | 10. 3.6 |
| 5 | 21. 5.3 | 11. 5.1 | 30. 4.5 | 19. 4.2 | 8. 4.7 |
| 6 | 20. 6.5 | 10. 6.3 | 30. 5.7 | 19. 5.4 | 8. 5.2 |
| 7 | 19. 7.6 | 9. 7.4 | 28. 6.1 | 17. 6.5 | 6. 6.3 |
| 8 | 18.8.1 | 8. 8.6 | 28.7.3 | 17. 7.6 | 6. 7.5 |
| 9 | 16. 9.2 | 6. 9.7 | 26.8.4 | 15. 8.1 | 4. 8.6 |
| 10 | 16.10.4 | 6.10.2 | 25.9.6 | 14. 9.3 | 3. 9.1 |
| 11 | 14.11.5 | 4.11.3 | 24.10.7 | 13.10.4 | 2.10.2 |
| 12 | 14.12.7 | 4.12.5 | 23.11.2 | 12.11.6 | 1. 11.4 |

| 126 | 626<br>1228—1229 | 627<br>1229—1230 | 628<br>1230—1231 | 629<br>1231—1232 | 630<br>1232—1233 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 30.11.5 | 20.11.3 | 9. 11.7 | 29.10.4 | 18.10.2 |
| 2 | 30.12.7 | 20.12.5 | 9. 12.2 | 28.11.6 | 17.11.4 |
| 3 | 28. 1.1 | 18. 1.6 | 7. 1.3 | 27.12.7 | 16.12.5 |
| 4 | 27. 2.3 | 17. 2.1 | 6. 2.5 | 26. 1.2 | 15. 1.7 |
| 5 | 28. 3.4 | 18. 3.2 | 7. 3.6 | 24. 2.3 | 13. 2.1 |
| 6 | 27. 4.6 | 17. 4.4 | 6. 4.1 | 25. 3.5 | 15. 3.3 |
| 7 | 26. 5.7 | 16. 5.5 | 5. 5.2 | 23. 4.6 | 13. 4.4 |
| 8 | 25. 6.2 | 15. 6.7 | 4. 6.4 | 23. 5.1 | 13. 5.6 |
| 9 | 24. 7.3 | 14. 7.1 | 3. 7.5 | 21. 6.2 | 11. 6.7 |
| 10 | 23. 8.5 | 13. 8.3 | 2. 8.7 | 21. 7.4 | 11. 7.2 |
| 11 | 21. 9.6 | 11. 9.4 | 31. 8.1 | 19. 8.5 | 9. 8.3 |
| 12 | 21.10.1 | 11.10.6 | 30. 9.3 | 18. 9.7 | 8. 9.5 |

| بەت | قۇر يۇ | قۇر تۆ | بېسىلغىنى | توغرىسى |
|---|---|---|---|---|
| 1، 3، 4، 8، 14، 16، 19 | | | ئېتنىكا، ئېتنىكىلىق | ئېتىكا، ئېتىكىلىق |
| 39 | 4 | | خەل بەردىنچى | بەردىنچى خەل |
| 39 | | 15 | تەدبەر | تەبەر |
| 50 | | 14 | باشتىن | باشتىتىن |
| 51 | 3 | | جەڭجۇ | چېنجۇ |
| 52 | | 13 | 成翦，翦原地 | 翦戍，翦原狄 |
| 52 | | 12 | 禅前 | 翦祥 |
| 53 | | 10 | 从 | 以 |
| 54 | 11 | | مەي ئانا | جۇ ئانا |
| 54 | 12 | | بايقۇ ئانا | بايقۇ ئاتا |
| 57 | | 15 | ئۇيغۇردا | ئۇيغۇر |
| 58 | | 9 | جاڭ لەي | چاڭ لي |
| 58 | | 7 | گاڭشى | كاڭشى |
| 63 | 1 | | قەدىمىي | قەدىمى |
| 65 | 8 | | ئارمىيىنى | ئارمىيىسىنى |
| 65 | 9 | | ئارمىيىسىنى | ئارمىيىسى |
| 79 | 6 | | ئەللا ھەللا شقا | ئەللا ھەللا شقان |
| 81 | 8 | | (گاۋچاڭ) | (گاۋچې) |
| 90 | 11 | | ئويغىنىش | ئويغىتىش |
| 94 | | 15 | سۇتەلارنىڭ | شۇدىتلارنىڭ |
| 120 | | 7 | ئاۋال | كېيىن |
| 129 | 4 | | خانلارنى | خانلارى |
| 129 | 10 | | ئەللارسىغان | ئەلبارىسخان |
| 131 | | 6 | شافى | شامى |
| 146 | | 11 | جۇكې ساڭ | جۇكېرو |

خەنزۇچە مۇندەرىجە 2 - ماۋزۇدىكى 天化学 نى 天文学 دەپ، 3 - ماۋزۇدىكى 范及缜其 دىكى 范缜及其 دەپ، 10 - ماۋزۇدىكى 琅 نى 珉 دەپ، 14 - ماۋزۇدىكى 国历 نى 回历 دەپ، 乌 نى 鸟 دەپ، 15 - ماۋزۇدىكى 刊们 نى 本刊 دەپ تۈزىتىپ ئوقۇشىڭىزلارنى سورايمىز.

# شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژورنىلى

新疆大学学报（哲学，社会科学维文季刊）

(پەسىللىك ژورنال)

1985 - يىل 1 - سان

(ئومۇمىي سانى 21)




تاشقورغاندىكى تاش قەلئە

پەلش پىمي فوتوسى


| | | | |
|---|---|---|---|
| نەشر قىلغۇچى: | شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژورنىلى تەھرىر بۆلۈمى | مۇشتەرى قوبۇل قىلغۇچى: | مەملىكەت ئىچىدىكى ھەر قايسى پوچتىخانىلار |
| باسقۇچى: | شىنجاڭ داشۆ باسما زاۋۇتى | تارقاتقۇچى: | ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى |

ۋاكالەت نومۇرى: 13 — 58 باھاسى: 0.40 يۈەن